
«جۇڭگو سەرخىل ژۇرناللار سېپى» دىكى نەشرىي ئەپكار
«شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتى» غا ئېرىشكەن نەشرىي ئەپكار
入选《中国期刊方阵》的刊物
荣获《新疆期刊奖》的刊物



# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

2

2014

新疆文化



ISSN 1008-6498
03
9 771008 649003

•XINJIANG CULTURE•СИНЬЦЗЯНСКАЯ КУЛЬТУРА•シンキョウ ブンカ•مجلة حضارة شنجيانغ•

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



مەدەنىيەت، مائارىپ تەتقىقاتچىسى، ژۇرنىلىمىزنىڭ تۆھپىكار ئاپتورى

تۇرسۇنمۇھەممەت توختى




(63 - يىل نەشرى)

تەھرىر ھەيئەت مۇدىرى: مۇختار مەخسۇت

ژۇرنال قانۇنىي ۋەكىلى، دائىمىي مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: بەگمەت يۈسۈپ

# شۇئارىمىز: خەلقچىللىق، ئىلمىيلىك، ئاممىبابلىق، ئوقۇشچانلىق

# 2014.2

(ئومۇمىي 326 - سان)

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى باشقۇرىدۇ
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سەنئەت تەتقىقات ئورنى چىقىرىدۇ
ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال

**ئاممىۋى لۇشيەننى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، چىرىكلىككە، پارىخورلۇققا قەتئىي قارشى تۇرايلى**

# بۇ ساندا

### تەرجىمە كۆزنىكى


مال-مۈلۈكنى مەلۇم قىلىش... ئەڭ ناچار ئۆي... پال ئېچىش ............
ئەمەتجان تۇرسۇن (ت) 3 ..........................................


### ئانا تىلىمىزنى قەدىرلەيلى


ئانا تىلىمىزنى قەدىرلەيلى .......................... يۇنۇس تاھىر (ت) 6
ئانا تىلنىڭ شېرىنى ۋە تەرىپى .......................... ئەنۋەر مەتسەيدى 9


### كارخانا مەدەنىيىتى


كارخانىچىلارنىڭ بۇرچى ۋە مەسئۇلىيىتى ............ ئابدۇرېھىم دۆلەت 17


### مەن كۆرگەن دۇنيا


چىكاگو بىلەن ھاۋاي ئارىلىقىدا: مەدەنىيەت پاسلى نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟
زۇلپىقار بارات ئۆزباش 38 ..........................................


### ئىللەت تۈزەلمىسە، مىللەت تۈزەلمەس


ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ ئىللىتى ۋە قىسمىتى ...............................
تۇرسۇنمۇھەممەت توختى 49 ..........................................


### تەپەككۇر كۆزى


تەپەككۇر مېۋىلىرى .................. ئابدۇرېھىمجان يۈسۈپ قاتارلىقلار 65


### ئەدەبىيات گۈلزارى


موماي ۋە ئوغۇل ............ (ھېكايە) ...... ئابدۇراخمان ئەزىز ئوغلى 69
ئەركەكلىك مەدھىيەسى ..................... گۈلمىرە ئەلى پاشا 80


**مۇقاۋىدا: يارقىن ئوبرازلار ........ سۈرەتلەرنى ئىمىرھەسەن، ئابدۇرېشىت سۇلايمانلار تەمىنلىگەن**


# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

**قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال**

**تەھرىر ھەيئەتلەر**

(ئۇيغۇر ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە)

ئابدۇقادىر جالالىدىن

ئارسلان ئابدۇللا

ئازات سۇلتان

ئادىل تۇران

بەگمەت يۈسۈپ

جالڭ خۇڭچاۋ

دىلشات پەرھات

قۇربان مامۇت

ئىمىن ئەخمىدى

بۇ ساننىڭ ئىجرائىيە مۇھەررىرى ۋە تېخنىكا مۇھەررىرى:

**ئايگۈل ئەمەت**

(كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)




## مال - مۈلۈكنى مەلۇم قىلىش

گۇشى رۇ

مەلۇم ناھىيە يۇقىرىنىڭ بىر ھۆججىتىنى تاپشۇرۇۋاپتۇ، ھۆججەتتە: ناھىيە دەرىجىلىكتىن تۆۋەن (ناھىيە دەرىجىلىكنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) كادىرلارنىڭ مال - مۈلكىنى ئاشكارىلىشى ھەمدە شۇ يەرنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن لايىھە تۈزۈپ چىقىشى تەلەپ قىلىنىپتۇ. ناھىيەلىك پارتكوم مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق بۇ خىزمەتنى ئاۋۋال يېزا - بازارلاردىكى بۆلۈم دەرىجىلىك (بۆلۈم دەرىجىلىكنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) كادىرلارنىڭ مال - مۈلكىنى ئاشكارىلاشنى، ئاشكارىلاش سىناق نۇقتىسى قۇرۇشتىن باشلاش كېرەك، دېگەن قارارنى چىقىرىپتۇ. يېزىلىق پارتكوم كېڭەيتىلگەن يىغىن چاقىرىپ مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق، بۇ خىزمەتنى ئاۋۋال كەنت ئىككى كومىتېتىدىكى رەسمىي كادىرلارنىڭ مال - مۈلكىنى ئاشكارىلاش سىناق نۇقتىسى قۇرۇشتىن باشلاش كېرەك، دېگەن قارارنى چىقىرىپتۇ. كەنت ئىككى كومىتېتى بىرلەشمە يىغىن ئېچىپ، بۇ خىزمەتنى ئاۋۋال گورۇپپا باشلىقلىرىنىڭ مال - مۈلۈك ئەھۋالىنى ئاشكارىلاشتىن باشلاش كېرەك، ھەرقايسى كەنتلەرنىڭ ئەستايىدىل ئىجرا قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز، دېگەن قارارنى چىقىرىپتۇ.

گورۇپپا باشلىقى ئوغلىغا: «سەن يانچۇقۇڭدا نەچچە پۇل بارلىقىنى ئېيت» دەپتۇ. ئوغلى بىر ھازا ئاختۇرۇپ بىر تال بىر يۈەنلىك تەڭگىنى چىقىرىپتۇ.

## ئەڭ ناچار ئۆي

لى دۇڭمېي

بىر قۇرۇلۇش ئەترىتىنىڭ ئىش بېشى، مەلۇم قۇرۇلۇش ئەترىتىدە ئۇزاق يىل ئىشلەپتۇ. ھازىر ئۇ ئۆزىنىڭ

تەرجىمە كۆزنىكى

ياشنىپ قالغانلىقى سەۋەبلىك، پېنسىيەگە چىقىپ ئۆيىگە قايتىش كېرەكلىكىنى ھېس قىلىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ غوجايىنىنى ئىزدەپ «ئۆزىنىڭ پېنسىيەگە چىقىپ ئۆيىگە قايتىپ ئايالى بىلەن نەۋرىسىگە قارايدىغانلىقىنى» ئېيتىپتۇ. غوجايىن شىركىتىدە بىر ئۆمۈر بېرىلىپ ئىشلىگەن بۇ ئىش بې-

www.uyghurkitap.com

شىغا پەقەت قىيالمىغان هالدا: «مۇنداق بولسۇن، سىز ئەڭ ئاخىرىدا بىزگە يەنە بىر كورپۇس ئۆي سېلىپ بېرىڭ، ئاندىن بىز سىزنى ئۇزىتىپ قويايلى، يەنە بىز سىزگە بىر كىشىلىك سوۋغا تەييارلاپ قويدۇق» دەپتۇ.

ئۇستا بېشى غوجايىنىنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بوپتۇ. پىلان بويىچە ئەڭ ئاخىر سالماقچى بولغان ئۆينىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى ئانچە چوڭ ئەمەس بولۇپ، بىر ئائىلە كىشىلىرىگە سېلىنغان ئىككى قەۋەتلىك بىر كورپۇس بىنا ئىكەن. ئۇستا بېشى ئادەتتىكىگە ئوخشاشلا ئىش باشلاپتۇ. ئىشچىلارنى تەشكىللەپ، ھەر خىل قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنى سېتىۋېلىپ، قۇرۇلۇش قىلىنىش ئەھۋالىنى ئۆز كۆزى بىلەن نازارەت قىلىپتۇ. لېكىن بۇ چاغدا ئۇستا بېشى قۇرۇلۇشنىڭ تېزرەك تۈگەپ، ئۆزىنىڭ بالدۇرراق پېنسىيەگە چىقىشنى ئويلىغاچقا، پۈتكۈل قۇرۇلۇش داۋامىدا، ئىش تەرتىپىنىڭ قىسقارتىقلى بولىدىغانلىكى تەرەپلىرىنى قىسقارتىپتۇ، ئاددىيلاشتۇرغىلى بولسىلا ئاددىيلاشتۇرۇپتۇ، ئىشلەتكەن بارلىق ماتېرىياللارنىڭ ھەممىسى بىر قىسىم سۈپىتى ناچار ماتېرىياللار ئىكەن.

ئۇستا بېشىغا نىسبەتەن ئۇنىڭ بۇ ئاخىرقى ئىشنى پۇختا دېگىلى بولمايدىغانلىقى ناھايىتى ئايان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا ئۆز - ئۆزىگە تەسەللى بېرىپ: «مەن ھامان پېنسىيەگە چىقىمەن، مېنىڭ ئىشلىرىم ئاللىقاچان بىر باشقا چىقتى» دەپ ئويلاپتۇ.

قۇرۇلۇشنىڭ ۋاقتى توشۇپ، ئۇستا بېشى غوجايىنى تەرىپىدىن چاقىرتىلىپتۇ. غوجايىن كۆز ئالدىدىكى بۇ يېڭى بىناغا تەپسىلىي نەزەر تاشلىغاندىن كېيىن كەينىگە ئۆرۈلۈپ، ئۇستا بېشىغا چوڭقۇر مەنىلىك قىلىپ: «بۇ بىر كورپۇس بىنا ھازىر سىزگە تەۋە بولدى، مانا بۇ ئۆينىڭ ئاچقۇچى، ئۆينىڭ بارلىق رەسمىيەتلىرىنى سىزنىڭ نامىڭىزدا بېجىرىپ قويدۇق، سىز بۇ يەردە كېيىنكى تىنچ، خاتىرجەم كۈنلىرىڭىزنى ئۆتكۈزۈڭ، بۇ شىركىتىمىزنىڭ سىزنىڭ كۆپ يىللاردىن بۇيانقى جاپالىق ئەمگىكىڭىزگە بەرگەن مۇكاپاتى» دەپتۇ.

غوجايىنىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان ئۇستا بېشى ھاڭۋېقىپ تۇرۇپلا قاپتۇ. ئەتراپىدا بولسا چاۋاك سادالىرى ياڭراپتۇ. كىشىلەر بەس - بەستە كېلىپ ئۇستا بېشىنىڭ يېڭى ئۆيىگە تېزرەك كۆچۈپ كىرىشىنى تىلەپتۇ. كۆپچىلىك ئۇنىڭ قىزىرىپ كەتكەن يۈزىگە قاراپ، بۇنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ بۇ ئالاھىدە شەرەپتىن تەسىرلەنگەنلىكىدىن، دەپ چۈشىنىپتۇ. لېكىن ئۇستا بېشىنىڭ بۇ ۋاقىتتىكى ئىچكى ھېسسىياتى پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئايان. شۇنچە يىللاردىن بۇيان سالغان سۈپىتى ئەڭ ناچار ئۆيدە ئۆزى تۇرماقچى بولۇۋاتاتتى، ئەلۋەتتە ئۇ، بۇ ئۆينى سالغان ۋاقىتتىكى بىخەستەلىك ئېلىپ كېلىدىغان ئاۋارىچىلىكنى پەقەت ئۆزىلا ئۇستىگە ئېلىشى كېرەك بولۇۋاتاتتى.

# پال ئېچىش

جەي جېي

جۈمە كۈنى مەن تۇيۇقسىز ئىدارە باشلىقىنىڭ تېلېفونىنى تاپشۇرۇۋالدىم، ئۇ: «شياۋجەي، بىزنىڭ ئۆيگە بىر كېلىپ كېتىڭ، ئازراق ئىش بار ئىدى» دېدى. باشلىقنىڭ مەخسۇس شوپۇرى بولغاچقا بىھۆرمەتلىك قىلىشقا قانداقمۇ پېتىناي، مەن دەرھال ماشىنىنى ھەيدەپ جاڭ ئىدارە باشلىقىنىڭ ئۆيىگە ماڭدىم.

جاڭ ئىدارە باشلىقىنىڭ ئىشىكىنى چېكىپ ئۆيىگە كىرسەم، ئۇ بېشىنى چاڭگاللىغانچە كىرىسلودا تاماكا چېكىپ ئولتۇراتتى. قىسقىغىنە جىمجىتلىقتىن كېيىن باشلىق چوڭقۇر بىرنى تىنىۋېتىپ «شياۋجەي ئىككىمىز بۇ بىر نەچچە يىلدىن بۇيان بىللە يۈردۇق، بەزى ئىشلار ساڭىمۇ ئايان، تۈنۈگۈن كېچىدە مەن بىر چۈش كۆردۈم...» دېدى ئىدارە باشلىقى، ئۇ يەنە چۈشىدە ئەمەلدارلىق ساھەسىدە بىر چوڭ پالاكەتكە يولۇققانلىقىنى، شۇ ئىشنىڭ ئەمەلىيەتتە راست بولۇپ چىقىشىدىن ئەندىشە قىلىۋاتقانلىقىنى، شۇڭا بىر پالچى تېپىپ پال ئاچقۇزماقچى بولغانلىقىنى ئېيتتى. مەسلىھەت بويىچە ئىككىمىز يۈز كىلومېتىر يىراقلىقتىكى شەھەرگە ماشىنىلىق باردۇق، ئۇ يەردە بىر ئەۋلىيا

سۈپەت ئادەم بار ئىدى. ئۇ ئاۋۋال جالاڭ ئىدارە باشلىقىغا قۇتلۇق نومۇردىن بىرنى دەڭ دېۋىدى، ئىدارە باشلىقىنىڭ ئاغزىدىن ئىختىيارسىز «8» رەقىمى چىقىپ كەتتى. ئۇ ئادەم بېشىنى چايقاپ: «ۋۇي... توغرا كەلمەي قالدىغۇ؟ بۇ ‹8› ئەمەلىيەتتە قۇتلۇق ساندەك قىلسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ پالدا بىر دانە كويزىغا ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولمامدۇ...»، پالچىنىڭ گېپى تۈگىمەيلا ئىدارە باشلىقىنى تەر بېسىپ كەتتى. ئۇ 1000 يۈەن سۇنۇپ شۈبھەلەنگەن ھالدا «ئەپەندىم تەلىم بەرسىڭىز، پالاكەتنى يېشىش ئۇسۇلى بارمىكىن؟» دېدى. پالچى پۇلنى ئالغاچ باشلىققا قۇلىقىنى يېقىن ئەكىلىشكە ئىشارە قىلىپ، بىر مۇنچە كۇسۇرلىغاندىن كېيىن ئىدارە باشلىقى قايتا-قايتا بېشىنى لىڭشىتتى.

يېرىم ئايدىن كېيىنكى بىر كۈنى توردا تۇيۇقسىز بىر چاپلىمىنى كۆردۈم، ئۇنىڭدا جالاڭ ئىدارە باشلىقىنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ ياخشى كۈن كۆرمەيدىغانلىقى توغرىسىدا لەنەت ئوقۇلغانىدى. قىسقىغىنە ئىككى-ئۈچ كۈن ئىچىدە بۇ چاپلىمىغا ئەگەشكۈچىلەر نەچچە ئونغا يەتكەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئىدارە باشلىقىنىڭ چىرىكلىشىپ پارا يېگەنلىكى، يەنە ئۇنىڭ ئىدارىدىكى ئايال ئىشچى-خىزمەتچىلەر بىلەن بىنورمال مۇناسىۋىتى بارلىقى ئېيتىلغانىدى. بۇ خەۋەر توردا ۋە باشقا جايلاردا داۋراڭ بولۇپ تارقىلىپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن شەھەرلىك ئىنتىزام كومىتېتىدىن تەكشۈرۈش ئۆمىكى كېلىپ تەكشۈردى، نەتىجىدە ئىدارە باشلىقى ھېلىقى چاپلىمىدا ئېيتىلغاندەك چىرىكلىشىش، پارا ئېلىشقا چېتىلىپ قېلىپ ئەدلىيە ئورگانلىرى تەرىپىدىن تەكشۈرۈلۈپ قولغا ئېلىندى. جالاڭ ئىدارە باشلىقىنىڭ «پىشقەدەم بۇرادىرى» بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئۇنى يوقلىغىلى باردىم، ئۇ مېنى كۆرۈپ بېشىنى تۆۋەن سالغان ھالدا: «شىياۋجەي مەن نېمىدېگەن ھاماقەت-ھە» دېدى. ئۇنىڭ پۇشايمان قىلغان ھالىتىگە قاراپ: «ئىدارە... جالاڭ ئاكا، قايسىبىر كىشى بۇ ئۆمرىدە خاتالىقلاردىن خالىي بولالايدۇ دەيسىز، خاتالىقنى ئۆزگەرتىشنىڭ ئۆزى زور غەلىبە ئەمەسمۇ، بۇ يەردە ياخشىراق ئۆزگەرسىڭىز، چىققاندىن كېيىن بىز يەنە ئوخشاشلا ئايرىلمايدىغان ئەركەكلەردىن ئەمەسمۇ» دەپ نەسىھەت قىلدىم.

بۇ ۋاقىتتا ئۇ تۇيۇقسىز گېپىمنى بۆلۈپ: «مېنىڭ پۇشايمان قىلغىنىم بۇ ئەمەس، مەن ئەسلىدە پال ئاچتۇرغىلى بارمىسام بوپتىكەن، يەنە كېلىپ ھېلىقى سېسىق پالچىنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىسام بوپتىكەن. راست گەپنى ساڭا ئېيتىپ بېرەي، ئۇنىڭ ماڭا دەپ بەرگەن ‹پالاكەتنى يېشىش تېخنىكىسى› ناھايىتى ئاددىي بولۇپ ‹بىر قېتىم تىللىسا ئون يىل گۈللىنىدۇ› دېگەن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن مەن توردا ئۆزۈمنى تىللاپ بىر چاپلىما ئېلان قىلىپ، ھېلىقى چۈشنى يۆيۈپ، ئەمەلدارلىق ئورنۇمنى تېخىمۇ روناق تاپقۇزماقچى بولدۇم. لېكىن ئويلىمىغان يەردىن ئۇ چاپلىما خۇددى بومبا پىلتىسىگە ئوخشاش، نۇرغۇن ئادەمنىڭ ئەگىشىۋېلىشى نەتىجىسىدە ئىنتىزام تەكشۈرۈشنىڭ ئەمەلدارلىرىنى چىللاپ كەلدى... مەن ھەقىقەتەن ھاماقەتكەنمەن» دېدى.

يۇقىرىقى يازمىلار «فېلىيەتونلاردىن تاللانما ژۇرنىلى»نىڭ 2013 - يىلى 3 - ئايلىق ئالدىنقى يېرىم ئايلىق سانىدىن **ئەمەتجان تۇرسۇن** تەرجىمىسى

تىلماچ: يوپۇرغا ناھىيە سىيەك يېزا غوجىئاۋات باشلانغۇچ مەكتەپتە.

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى ئۈرۈمچى شەھىرى ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە «ئىزچىلار» كىتابخانىسى تەرىپىدىن توپ تارقىتىلىدۇ. كىتاب-ژۇرنال تىجارەتچىلىرىنىڭ «ئىزچىلار» كىتابخانىسى بىلەن ئالاقىلىشىشىنى سورايمىز.
كىتابخانا ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى «غالىبىيەت» يولى 100-نومۇر
ئالاقىلىشىش تېلېفونى: 0991 - 2850601



# ئانا تىلىمىزنى قەدىرلەيلى

لىيۇ خەنجۈن

يۇنۇس تاھىر تەرجىمىسى

«APECنىڭ مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈپ بولغاندىن كېيىن، مەن STV نىڭ مۇخبىرلىرى ۋە بىر توپ MBA، MPA ئاسپىرانت دوستلار بىلەن بىرلىكتە جۇڭگو WTOغا كىرگەندىن كېيىن IT كەسپىنىڭ GDP غا كۆرسىتىدىغان تەسىرى ھەققىدە مۇزاكىرە قىلىپ بېقىشنى كېلىشىپ قويدۇم، MBA دا ئوقۇيدىغان خانقىز جاڭ ئەسلىدە COMغا بېرىپ CEOبولۇشنى كۆڭلىگە پۈككەنىكەنتۇق، بىراق IT كەسپىنىڭ خەتىرى زورلۇقىنى ھېس قىلىپ Nike شىركىتىگە بارماقچى بولۇپ ئۆزگىرىپ قاپتۇ. MPA دا ئوقۇيدىغان لى ئەپەندى بولسا، WTO غا كىرگەندىن كېيىن ھۆكۈمەت فۇنكسىيەسىدە زور ئۆزگىرىش بولىدۇ دەپ قارايدىكەن. ئارقىدىنلا ھەممەيلەن كېلىشىپ BP نى ئېيتىۋېتىشتى، Internet تىكى QQ ۋە BBS لارغا چىقىپمۇ پاراڭلاشماي ئەكسىچە KTV دا كارا OK ئېيتىدىغان بولۇشۇپ كەتتى...» مانا بۇ ئۇنىۋېرسىتېت پىروفېسسورىنىڭ تاراتقۇلاردا ئىنگلىزچە يېزىقنى كەلسە-كەلمەس بولۇشچە ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىش ھادىسىلىرىنى تەنقىد قىلغاندا نەقىل كەلتۈرگەنلىكى ھەققىدىكى خەۋەر.

ئانا تىلىمىزنى قەدىرلەيلى

ئۇ تەنقىد قىلغان بۇ خىل ھادىسە يېڭىلىق ئەمەس، بىر مۇتەخەسسىس يايمىدىن ئالغان گېزىتتىكى بىر پارچە ماقالىدىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان سۆزلەردىن 30 نەچچىسى بارلىقىنى بايقىغان. ئىچكى بازارلاردا سېتىلىۋاتقان بەزى تاۋارلارنىڭ ئېلان تاۋار ماركىسى، تاۋارلارنى چۈشەندۈرۈش ناملىرىدىكى ئىنگلىزچە يېزىق بەلگىلىرىنىڭ روشەنلىك دەرىجىسى خەنزۇچە بەلگىلەردىن ئېشىپ كەتكەن، بۆلجۈرگەن ئىچىملىكى ئېنىق تۇرسىمۇ، ئەتەي ئۇنىڭغا ئەجنەبىيلەرچە ستاۋبېررى (Stawberry) دەپ، نېپىز-چۈرۈك پېرەنىكلىكى مانا مەن دەپ تۇرسىمۇ، قەستەنگە ئۇنىڭغا ‹كىرا كېر› (Cracker) دەپ ئات قويغان؛ مۇنتىزىم كىتابلارنىڭ تىل-يېزىقلىرىدىمۇ ئۆلچەملەشمىگەن يېزىق، سۆزلەر كۆپلەپ ئىشلىتىلگەنلىكىنى ھەممە جايدىلا ئۇچراتقىلى بولىدۇ، ئىمپورت قىلىنغان نۇرغۇن تاۋارلارنىڭ ھەتتا دۆلىتىمىزدە ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلارنىڭمۇ خەنزۇچە چۈشەندۈرۈشلىرىمۇ يوق، كومپيۇتېر يۇمشاق دېتاللىرىنىڭ خەنزۇچە يېزىق نۇسخىسى يوق؟ خەنزۇچە تور بەتلىرىگە ئىنگلىز يېزىقى ئارىلاشتۇرۇۋېتىلگەن، بەزى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەر ۋە ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا نوقۇل ھالدا چەت ئەل تىلى ئۆگىنىشكىلا ئەھمىيەت بېرىپ، خەنزۇ يېزىقى ئاساسىغا سەل قارايدىغان خاھىش-

لار بارلىققا كەلگەن، كوچىلاردا «مېكىننا»، «ماركوپولو» كەبى چەت ئەلچە ئات قويۇلغان مېھمانساراي، ئاشپۇزۇللارنى ھەممە يەردە ئۇچراتقىلى بولىدۇ، ئالدىنقى بىر نەچچە يىلدا مېھمانسارايلار ھەتتا مۇستەملىكە تۇسىنى ئالغان «فورمۇزا»غا ئوخشاش ئىسىملارنىمۇ قوللاندى، بۇ خىل ھادىسىلەر كىشىلەردە ئانا تىلىمىزنى ئىشلىتىشتىكى دىققىتىنى ۋە ئەندىشىسىنى قوزغىدى.

تىل-يېزىق مەدەنىيەتتىكى تۇشۇغۇچى ۋاستە ۋە مەدەنىيلىكنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلى، تىل-يېزىقنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىش تارىخى بولسا ئىنسانىيەت تارىخي ئۆزگىرىشىنىڭ تەركىبى قىسمى ۋە ئىخچام كۆرۈنۈشى، بىر مىللەتنىڭ تىل-يېزىقى شۇ مىللەتنىڭ تامغىسى، مىللىي روھنى قۇراشتۇرىدىغان ئۇل ئېلېمېنت، چېغناق-تارغاق يېزىقى، قوڭغۇراق-داڭقان يېزىقىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن خەنزۇ تىل-يېزىقى بولسا بىزنىڭ ئانا تىلىمىز. ئۇنىڭ قەدىمدىن تارتىپ ئۈزۈلمەي كېلىۋاتقان تارىخى، بىز جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئەقىل-پاراستىنىڭ ئۈزۈلۈكسىز ئۇيۇشۇش، مەدەنىيلىكنىڭ داۋاملىق يۈكسىلىش جەريانى ھېسابلىنىدۇ. «چۇ نەزمىلىرى»، خەن سۇلالىسىنىڭ قاپىيەلىك پىروزىلىرى، تاڭ سۇلالىسىنىڭ شېئىرلىرى، سۇڭ سۇلالىسىنىڭ بېيىتلىرىدە ۋەزىنگە ئەھمىيەت بېرىلگەن، سۆزلۈكلىرى مول، تىل بىلەن ھېسسىيات گىرەلىشىپ كەتكەن، ئىنتوناتسىيەسىنىڭ كۆتۈرۈلۈشى — پەسىيىشى ئەركىن-ئازادە بولغان ياكى گۈزەل-مەردانە، ھەيۋەتلىك ۋە سەلتەنەتلىك ياكى غۇبارسىز، پاكىز-رەتلىك ھەم مەدھىيەلەش ھەم ھەسرەتلىنىش تەرىقىسىدە بولغان، خەت شەكىللىرى ھەر خىل، رەڭگارەڭ بولغان. بۇ خىل شانلىق سەھىپىلەر ۋە ئۇرغۇپ تۇرغان ئەدەبىي ئىستىدات جۇڭگو مەدەنىيىتىدىكى ئالاھىدە سەنئەت سېھرىي قۇۋۋەتنى ۋە جەزبە (مەپتۇن) قىلىشنى نامايان قىلدى. دەل مۇشۇنداق بولغانلىقى تۈپەيلىدىن خەنزۇ تىل-يېزىقنى جۇڭگو، چەت ئەللەردىكى جۇڭخۇا ئوغۇل-قىزلىرى ئېتىراپ قىلىشىپ كۈچلۈك تەۋەلىك ھېسسىياتىدا بولۇپ كەلمەكتە، شۇڭا ئۇ بەلگىلىك دەرىجىدە جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئوبرازى ۋە جۇڭگونىڭ بەلگىسىگە ئايلىنىپ قالدى، شۇڭا ئۇنىڭ يىلتىزىنى ساقلاپ قېلىپ ئىشلىتىش ئورنىنى ھېچقانداق نەرسە باسالمايدۇ. سىرتتىن كىرگەن سۆزلەر ۋە قېلىپلاشمىغان ھەرپ سۆزلەرنى كەلسە-كەلمەس ئىشلىتىش كەلتۈرۈپ چىقارغان تىل مۇھىتى ھەم خەنزۇ تىل-يېزىقنىڭ رەتلىكلىكى بىلەن ماسلىششچانلىقنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىپ، خەنزۇ تىلىنىڭ ئوي-پىكرنى ئىپادىلەش فۇنكسىيەسىنى جارى قىلدۇرۇشقا تەسىر كۆرسەتتى ھەم جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ مۇپەسسەل مول مەزمۇنىنى يوققا چىقىرىپ، يوشۇرۇن ئاڭ ساھەسىدە كىشىلەرنىڭ مىللىي ھېسسىياتىنى زىيانغا ئۇچراتتى.

فرانسىيە يازغۇچىسى رودىنىڭ «ئەڭ ئاخىرقى بىر سائەتلىك دەرس» ناملىق ئەسىرى 19-ئەسىرنىڭ 70-يىللىرىدا رۇسىيە قوشۇنى فىرانسىيەدىكى ئارساسنى ئىشغال قىلغاندا، شۇ جايدىكى مەكتەپلەردە گېرمان تىلىدىلا ئوقۇتۇشقا يول قويۇلىدىغانلىقى ھەققىدە مەجبۇرلاش بۇيرۇقى چۈشۈرگەنلىكى تەسۋىرلەنگەن. فرانسۇز تىلى ئوقۇتقۇچىسىنىڭ «دۆلەتنى مۇنقەرز بولۇپ قۇل بولۇپ قالغان كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئانا تىلىنى ئېسىدە مەھكەم ساقلىيالىسىلا، ئۇ ھالدا تۈرمىنىڭ دەرۋازىسىنى ئېچىۋېتەلەيدىغان ئاچقۇچقا ئېرىشكەندەك بولىدۇ» دېگەن ئەقلىيە سۆزى بۈگۈنكىچە قۇلاق تۈۋىمىزدە جاراڭلاپ تۇرماقتا. پۈتۈن دۇنيادا ئالاھەزەل 6000 خىل تىل ۋە شىۋە بار. ھەر بىر دۆلەت ۋە مىللەت ئۆزلىرىنىڭ ئانا تىلىنىڭ ساپلىقىنى ساقلاشقا تولىمۇ ئەھمىيەت بېرىپ كەلمەكتە. ئەنگلىيە، گېرمانىيە، رۇسىيە، فرانسىيە، ئىتالىيە، كانادا، ئاۋستىرالىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى قانۇن تۇرغۇزۇش شەكلى ئارقىلىق، ئۆز دۆلىتىنىڭ ھۆكۈمەت تىل-يېزىقنى ئاممىۋى تاراتقۇلاردا ۋە جامائەت سورۇنلىرىدا ئىشلىتىش ۋە ئىگىلىك ھوقۇقلۇق ئورنىنى قوغداپ قالغان. پارىژ ۋە بېرلىننىڭ كوچىلىرىدا ئىنگلىزچە ۋىۋىسكا، لوزۇنكىلارنى كۆرگىلى بولمايدۇ، گېرمانىيەنىڭ يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيوللىرىدىكى يول كۆرسەتكۈچ تاختىلىرىنىڭ ھەممىسىگە گېرمانچە يېزىق ئىشلىتىلگەن. ياپونىيەدىكى يول كۆرسەتكۈچ تاختىلىرىدىمۇ ئىنگلىزچە تاق سۆزلەرنى ئۇچراتقىلى بولمايدۇ، رۇسىيە پرېزىدېنتى پۇتىن ھەتتا رۇس تىلىنىڭ ساپلىقىنى ساقلاش ھەققىدىكى پەرمانغا ئىمزا قويغان، كانادانىڭ كۋېبېك ئۆلكىسى شىمالىي ئامېرىكىدىكى بىردىنبىر ف-

shunkitap.com

رانسۇز تىلى ئىشلىتىدىغان رايون، ھۆكۈمەت فىرانسۇز تىلىنىڭ ئىشلىتىلىشىنى قوغداش ھەققىدە ئىنتايىن كەسكىن قانۇن ۋە تەپسىلىي سىياسەت بېكىتكەن.

تىل ـ يېزىقنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى قوغداش مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، مەدەنىيەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى قوغداشتۇر. مۇستەملىكە مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقى تۇپەيلىدىن، ئاز ساندىكى دۆلەتلەردىكى خەلق ئۆز ئانا تىلىنى ئۆز مەيلىچە ئىشلىتەلمەي ئۆز ئانا مەدەنىيىتىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش يىلتىزىدىن تەدرىجىي مەھرۇم بولۇۋاتىدۇ. باشقا دۆلەتلەرنىڭ بۇ جەھەتتىكى كۆڭۈل ئاغرىقىدىن ئىبرەت ئېلىپ، بىزنى سەگەكلەشتۈرۈپ قويىدى. شۇنى ئىنكار قىلىشقا بولمايدىكى، جۇڭگودىكى ئىسلاھات ئېچىۋېتىلگەن مۇھىتتا ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك. دۇنيا مىقياسىدىكى مەدەنىيەت ئۆركىشى تۆپىتۆپىلەپ تېز ئەۋج ئالماقتا. جۇڭگونىڭ ئىلغار مەدەنىيىتىمۇ ئىبرەت ئېلىش ۋە يۇغۇرۇلۇش جەريانىدا دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەش كېرەك. لېكىن بىر قاغا بۇدۇنىنىڭ مېڭىشىنى دورايمەن دەپ ئۆز مېڭىشىنى ئۇنتۇپ قالغاندەك، كىملىكىمىزنى، ئۆزلۈكىمىزنى يوقىتىپ قويساق بولمايدۇ، بىز تىل ـ يېزىقىمىزغا قارىتا ئىگىمەنلىك ھوقۇق ئېڭىمىزنى تۇرغۇزۇشىمىز كېرەك. خەلقئارا بىلەن ئۇچراشتۇرۇش دېگەنلىك غەرب مەدەنىيىتى دېگەنلىك ئەمەس، ئۇچراشتۇرغاندا ئۆزىمىزنىڭ مېڭىپ كېلىۋاتقان ئىزىمىزدا قىيىپ كېتىشىمىزگە تېخىمۇ بولمايدۇ. ئەڭ مۇھىمى مۇستەملىكە مەدەنىيىتى ۋە ناچار مەدەنىيەت خاھىشلىرىدىن ھوشيار بولۇپ، زوراۋان ۋە تەسىرى كۈچلۈك تىل ـ يېزىقنىڭ جۇڭگو تىل ـ يېزىق ئىگىلىك ھوقۇقىنى يىمىرىۋېتىشىگە تاقابىل تۇرۇشىمىز كېرەك.

چەتتىن كىرگەن تىل ۋە تېرمىنلارغا نىسبەتەن ئىلمىي پوزىتسىيە تۇتۇپ ئاددىيلاشتۇرۇۋەتمەسلىكىمىز، «بىر تاياقتا ھەيدىمەسلىكىمىز» لازىم. خەنزۇ تىل ـ يېزىق تارىخىدا باشقا مىللەتلەرنىڭ تىلىنىمۇ قوبۇل قىلىپ، خەنزۇ تىلى تېرمىنلىرىنى تولۇقلاپ بېيىتقاندۇق. مەسىلەن: «لازېر نۇر»، «تانكا»، «كادىر» دېگەندەك چەتتىن كىرگەن سۆزلەرنى خەنزۇچىلاشتۇرغاندىن كېيىنكى ئۈنۈمى يامان ئەمەس بولدى. «رېنتگېن»، «B تىپلىق ئۇلترا ئاۋاز» دېگەندەك بەزى ھەرپلىك سۆزلەر ئاددىي، چۈشىنىشلىك، ئېيتىشقا قولاي بولغانلىقى تۇپەيلىدىن كەڭ قوللىنىلماقتا؛ «كومپيۇتېر»، «مائۇس» كەبى خەنزۇ تىلى سۆز ياساش قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان مەنە تەرجىمە تېرمىنلىرى خەنزۇ تىلى نېگىزلىك تېرمىنلىرىنىڭ تەركىبىي قىسمىغا ئايلىنىپ كەتتى، يەنە «توفۇ» كەبى خەنزۇ تىل مەدەنىيەت تۈسىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان تاۋۇش تەرجىمە سۆزلەملىرى كىشىلەر تەرىپىدىن قوبۇل قىلىندى، لېكىن قوبۇل قىلىش ھەممىدە جۇغلاش، ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا يېڭىلىق يارىتىش، ساقلاپ قېلىش ئاساسىدا قوبۇل قىلىپ ئاددىي ھالدىكى «قوبۇل قىلىش»نى يولغا قويۇشقا بولمايدۇ.

خۇشاللىنارلىقى شۇكى، ئېلىمىز دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقىنىڭ باياناتچىسى خەنزۇ تىلىدا ئاخبارات ئېلان قىلىۋاتىدۇ، مانا بۇ ئانا تىلغا بولغان ھۆرمەتنى گەۋدىلەندۈرگەنلىك، شۇنداقلا دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە مىللەتنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى نامايان قىلغانلىق، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، مائارىپ، مەدەنىيەت، ئاخبارات، نەشرىيات، رادىيو ـ تېلېۋىزىيە، جامائەتكە مۇلازىمەت قىلىش ئورۇنلىرىنىڭ ھەممىسى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىق قانۇنى»غا ئاڭلىق رىئايە قىلىپ، ھەر بىر كىشىدە ئۆز مىللىتىنىڭ تىل ـ يېزىقىغا ھۆرمەت قىلىش كەيپىياتىنى شەكىللەندۈرۈش لازىم. بىزنىڭ ئاممىۋى تاراتقۇ، نەشرىيات ئورگانلىرى قاتارلىق مەدەنىيەت ئورۇنلىرى باش تارتىپ بولمايدىغان مۇشۇ مەدەنىيەت ئېغىر يۈكنى تېخىمۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ، ئانا تىلنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى ئاڭلىق قوغداپ، ئانا تىل ـ يېزىقىمىزنىڭ ساپلىقىنى قوغداشنىڭ ئۈلگىسى بولۇشى لازىم. دەل مۇشۇنداق قىلالىساقلا يېقىنقى يۈز يىللاردىن بېرىقى مۇستەملىكىچىلىككە قارشى تۇرغان جەڭچىلەرگە، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئەۋلادلىرىغا، بىر نەچچە مىڭ يىللىق جۇڭخۇا مەدەنىيىتىگە يۈز كېلەلەيمىز.

«خەلق گېزىتى»نىڭ 2004 ـ يىلى 20 ـ ئاپرېل 9 ـ سانىدىن

---

تەلماچ: شىنجاڭ ئېلېكتىرلەشكەن مائارىپ يۈرتى، شىنجاڭ مائارىپ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدىن.

# ئانا تىلنىڭ شەرىپى ۋە تەرىپى

ئەنۋەر مەتسەيدى



تىل — ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ كەشپىياتى بولۇپلا قالماي، ھەممە كەشپىياتلارنىڭ تاراتقۇچىسىدۇر. تىلنىڭ كۈچ-قۇدرىتى چەكسىز، رولى تەڭداشسىزدۇر. ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئىنسان سۈپىتىدە يارىلىشى ھەمدە ھاياتلىق ئالىمىدە ئىززەتلىك ئورۇنغا ئېرىشىشىدە ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان، ئىنسانلارنى بۈگۈنكى تەرەققىياتقا يەتكۈزگەن ئەڭ مۇھىم ئامىل. شۇڭا تىلنى ئادەتتىكى ھالدىلا تاۋۇشلار سىستېمىسى، ئالاقە قورالى دېيىش ئانچە مۇۋاپىق ئەمەس، چۈنكى، بۇ تەبىر ئۇنىڭ شەرىپى بىلەن تەرىپىنى يېتەرلىك كۆرسىتىپ بېرەلمەيدۇ.

تىلنىڭ ئۆزى ئەڭ چوڭ مەدەنىيەت ھادىسىسى بولۇش بىلەن بىللە، مەدەنىيەتنىڭ خاتىرىلىگۈچىسى ۋە توشۇغۇچىسىدۇر. شۇنداق ئىكەن، تىلغا تەبىر بەرگەندە چوقۇم ئۇنىڭ ئىجتىمائىيلىقى بىلەن مىللىيلىكى تولۇق نەزەرگە ئېلىنىشى، ئۇنىڭ ئىنسان ۋە مەدەنىيەت يارىتىش جەھەتتىكى ئىقتىدارى ھەم مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈشى زۆرۈر. بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئۆزى ياراتقان مىللەت ۋە مەدەنىيەت بىلەن بولغان بىر گەۋدىلىكى، تەقدىرداشلىقى دىققەتتىن چەتتە قالسا بولمايدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ھەرقانداق بىر تىلنى ئادەتتىكى ھالدىلا بىر مىللەتنىڭ مۇھىم بىر بەلگىسى دېيىشلا كۇپايە قىلمايدۇ، ئۇ مىللىي مەدەنىيەتنىڭ مۇجەسسىمى ھەم جەۋھىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن مىللەتنى مىللەت قىلىپ تۇرغان، ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى، سالاھىيىتىنى، شان-شەرىپىنى ۋە قەدىر-قىممىتىنى بەلگىلىگەن قىممەتلىك ئەڭگۈشتەر.

تىل تەپەككۇر بىلەن بىللە پەيدا بولغان، تەپەككۇر بىلەن بىللە مەۋجۇت بولىدۇ؛ تەپەككۇر بىلەن بىللە مۇكەممەللەشكەن، تەپەككۇر بىلەن بىللە بېيىيدۇ. شۇنداق بولغاچقا، ھەر قانداق بىر مىللەتنىڭ ئىدىيە مەدەنىيىتى، روھىيەت تارىخى، مىللىي خاسلىقى ۋە غۇرۇرى ئۇنىڭ تىلى بىلەن زىچ باغلانغان بولىدۇ. ئۇلار تىل بىلەن بىللە مەۋجۇت بولىدۇ، يوقىسىمۇ تىل بىلەن بىللە يوقايدۇ. شۇ سەۋەبتىن، تىلنى نوقۇل بىر قورال ياكى ۋاسىتە دېيىش مۇۋاپىق بولمايدۇ. مىللەتنىڭ مەۋجۇتلۇقى، ھاياتىي كۈچى ۋە تەرەققىياتى (ماددىي جەھەتتىكى تويۇنۇشنىلا ئەمەس، بەلكى ئەڭ مۇھىمى مەنىۋى ساپلىقنىڭ كاپالىتى، كىشىلىك قەدىر-قىممىتىنىڭ ئامانىتى ۋە مەنىۋى ئىستەكلىرىنىڭ قانائىتى) ئۇنىڭ تىلىنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. بۇ مەنىدىن ھەرقانداق بىر مىللەت ئۆزىنىڭ مىللىي تىلىدىن ئايرىلدى دېگەن سۆز، ئەمەلىيەتتە ئۆزىنىڭ روھىدىن — جېنىدىن ئايرىلدى دېگەن سۆز.

دۇنيادىكى ھەرقانداق بىر مىللەت ئۆزىنى ئالدى

بىلەن ئۆزىنىڭ ئانا تىلى ئارقىلىق يارىتىدۇ، ئىپادىلەيدۇ، ساقلايدۇ. ئۆز مەدەنىيىتىنى — ئىدىيەسىنى، تەپەككۇرىنى، تۇيغۇسىنى، خاراكتېرىنى، پسىخىكىسىنى ئانا تىلى بىلەن قۇرۇپ چىقىدۇ. جۈملىدىن روھىيىتىنى ئۇزۇقلاندۇرغۇچى، كۈچەيتكۈچى مىللىي ئەدەبىياتىنىمۇ ئانا تىلى ئارقىلىق يارىتىدۇ، تارىتىدۇ، ساقلايدۇ، كېيىنكىلەرگە ئۆلايدۇ. شۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ شان-شەرىپىنى، غۇرۇرىنى، ئىززەت-ھۆرمىتىنى ۋە قەدىر-قىممىتىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ ھەم ئەبەدىيلەشتۈرەلەيدۇ. شۇ سەۋەبتىن مىللىي تىلنى مىللەتنىڭ ئەڭ زور بايلىقى، مىللىي مەۋجۇتلۇقىنىڭ ئاساسى، مىللىي تەرەققىياتىنىڭ پۇتمەس-تۈگىمەس دەسمايىسى دېيىشكە توغرا كېلىدۇ.

نۆۋەتتە، خەلقئارا تىللارنى ئۆگىنىش تەرەققىي قىلىشىنىڭ زۆرۈر شەرتلىرىدىن بىرىگە ئايلاندى. ھەرقانداق بىر ياخشى ئىشنىڭ يامان تەرىپى، يامان ئىشنىڭ ياخشى تەرىپى بولغىنىدەك، بۇ ئەھۋال بىر تەرەپتىن ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا ۋە مىللەتنىڭ زامانىۋىلىشىش مۇساپىسىگە پايدىلىق بولغان، پۇرسەت ۋە رىقابەتتىن باراۋەر پايدىلىنىش ئىمكانىيىتىنى يارىتىپ بېرىۋاتقان، خەلقىمىزنىڭ پائالىيەت بوشلۇقىنى كېڭەيتىپ دۇنياغا يۈزلىنىشكە يول ئېچىپ بېرىۋاتقان بولسىمۇ، يەنە بىر تەرەپتىن بۇ ھال ئانا تىلىمىزنىڭ تەبىئىي، ساغلام تەرەققىياتىغا توسالغۇ بولۇپ، مىللىي ئاڭ ۋە مىللىي مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئۈزۈلۈكچىلىككە سەۋەب بولدى. بۇنىڭ ھەممىمىزگە ئايان بولغان ئىپادىلىرى شۇكى، ئانا تىلىمىزنىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسى بارغانسېرى تارايدى، تەبىئىيلىكى ۋە ساپلىقى بۇزۇلدى، بايلىقى، مۇكەممەللىكى ۋە گۈزەللىكىگە نۇقسان يەتتى (تەرەققىياتقا ماسلىشالمىغان ئاتالغۇ نامراتلىقى، ناتوغرا تەرجىمان پەيدا قىلغان سۈنئىي، ئېغىر ۋە پەلەپەتىش، ئۆلۈك جۈملە قۇرۇلمىلىرى ۋە باشقا تىلدىكى تەپەككۇرغا ئارىلىشىپ كەتكەن ئۇقۇم مۇجمەللىكى ئەنە شۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر). كىشىلەرنىڭ، بولۇپمۇ سىستېمىلىق ئانا تىل تەربىيەسى كۆرمىگەن، ئانا تىل بىلەن ئۇچرىشىش، ئۇنى ئىشلىتىش پۇرستى يىلدىن-يىلغا ئازلاپ كېتىۋاتقان باللىرىمىزنىڭ ئانا تىل بىلەن تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارى ئاجىزلاپ، ئانا تىل قابىلىيىتى زور دەرىجىدە تۆۋەنلەپ كەتتى. ھەتتا ئانا تىل بىلەن مەيدانغا كەلگەن ئەدەبىيات ۋە مەدەنىيەتتىن بىبەھرە قېلىپ، مجەز-خاراكتېرىدە مۇجمەللىك، تەپەككۇرىدا ياتلىشىش كېلىپ چىقتى. كىشىنى تېخىمۇ ئەندىشىگە سالىدىغىنى شۇكى، باشقا تىلدىكى مەكتەپلەردە ئوقۇپ يېتەرلىك ئانا تىل تەربىيەسى كۆرمىگەن باللىرىمىزنىڭ ئانا تىلنى چۈشىنىش ۋە بۇ تىل بىلەن پىكىر قىلىش ئىقتىدارى يېتەرلىك بولمىغاچقا، ئۇلارنىڭ ئانا تىلغا بولغان مۇھەببىتى سۇسلاپ كەتتى. چالا بىلگەنلىرىمۇ ئانا تىلنى جايلاپ ئىشلىتەلمىگەنسېرى ئۇنى ئۆزلىرى ئۈچۈن ئارتۇقچە يۈك ھېسابلايدىغان، ھەتتا تۆۋەن كۆرىدىغان بولدى. نەتىجىدە ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشكە رايى بارمايدىغان، ئۇنىڭ بىلەن مەيدانغا كەلگەن ناخشىلارنى ئېيتىشقا، ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئوقۇشقا، رادىيو ۋە تېلېۋىزور پىروگراممىلىرىنى ئاڭلاشقا ۋە كۆرۈشكە قىزىقماس بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئەھۋاللارنى بىۋاستە ھېس قىلىپ يەتكەن ئاتا-ئانىلار ۋە ئوقۇتقۇچىلاردا مۇقەررەر ھالدا ئانا تىلىمىزنىڭ ئىستىقبالىدىن خەۋپسىرەش، پەرزەنتلىرىمىزنىڭ كەلگۈسىدىن ئەنسىرەش، مىللىي مائارىپنىڭ تەقدىرىدىن ئېنسەنگىرەش كەيپىياتى شەكىللىنىپ، دۆلەتنىڭ مائارىپ سىياسىتىگە ئاكتىپ ئاۋاز قوشماسلىقتەك مەسىلىلەرمۇ كېلىپ چىقتى. بۇنداق مەسىلىلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى ئېنىقكى مىللەتكىلا ئەمەس، تەرەققىياتقىمۇ زىيانلىق. چۈنكى، يۇقىرىقىدەك ئەھۋاللار تېگى-تەكتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىلمىي تەرەققىياتقا، ئىجتىمائىي مۇقىملىققا، ئىناق سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتكە، پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ ئوبرازىغا نۇقسان يەتكۈزىدىغان مەسىلىلەردىن ھېسابلىنىدۇ.

دەرۋەقە، باشقا مىللەت تىلىنى ئۆگىنىش ئىنتايىن مۇھىم. بۇ زاماننىڭ تەلىپى، دەۋرنىڭ تەقەززاسى، چەت ئەل تىللىرىنى ئۆگىنىشمۇ ئىنتايىن زۆرۈر. بۇ ھەم بېكىنمىچىلىكتىن قۇتۇلۇپ، دۇنياۋى ئېقىمغا ماسلىشىپ ئىلگىرىلەشنىڭ ئېھتىياجى. جانغا ئەسقاتىدىغان بىلىم، ئۇچۇر ۋە تېخنىكىلارنى ئىگىلەش ئۈچۈنلا ئەمەس، بىر لاياقەتلىك جۇڭگو پۇقراسى بولۇش ئۈچۈنمۇ كۆپ مىللەت تىلىنى ئۆگىنەمەي بولمايدۇ. ئەمما بۇلارنىڭ ھەممىسى ئانا تىلنى ئاساس ۋە چىقىش قىلغان بولۇشى كېرەك. بىز ئانا تىلغا تايانغان ئاساستا باشقا تىللارنى ئۆگەنسەك، مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە (ئانا تىلىمىز ۋە تەپەككۇرىمىزنىڭ مەھسۇلى بولغان) ئىجتىمائىي، ئادىمىيەت پەنلىرىنى ئانا تىلىمىز

بىلەن ئۇقۇشاق، ئاندىن ئۆگەنگەنلىرىمىز ئۆزىمىزنىڭ بە-
لىمىگە ئايلىنىدۇ. ئۇلارنى ئانا تىلىمىزنىڭ تەرەققىيات ئىس-
تىقبالىغا، مىللەتنىڭ ھەقىقىي روناق تېپىشىغا ۋە شۇ ئارقى-
لىق دۆلەت مەنپەئەتلىرىگىمۇ ھەقىقىي خىزمەت قىلدۇرالاي-
مىز. ئەكسىچە، باشقا تىلنى ۋە مىللىي ئۇستقۇرۇلما ساھە-
سىدىكى بىلىملەرنى، ئانا تىلىمىزنى بىر چەتتە قايرىپ
قويۇپ، ئۆزىمىزگە خاس تەپەككۇر ۋە قىممەت قارىشى-
دىن ئايرىپ تۇرۇپ ئۆگەنسەك، ئۇلارنىڭ بىز ئۈچۈن ئە-
جابىي ئەھمىيەتكە ئىگە بىلىم ۋە ۋاستىگە ئايلىنالىشى ناتا-
يىن. بۇنىڭلىق بىلەن، بىزنىڭ گەپ-سۆز، ئىش-ھەرىكىتى-
مىز تەرەققىياتقا ئۇيغۇنلاشقاندەك كۆرۈنگىنى بىلەن ئەمە-
لىيەتتە ئۆزلۈكنى، ئۆزىمىزگە خاس جانىجان بىر مەدەنى-
يەتنى يوقىتىپ قويۇپ دۆلەتكىمۇ، مىللەتكىمۇ پايدىسىز
ئېغىر ئاقىۋەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشىمىز مۇمكىن. باشقا تىل-
لارنى ئۆگىنىش خۇددى قۇشقا يەنە بىر قانات چىققاندەك بىر
ئىش، ئۇ بەدەندىن ئۇنۇپ چىقسا قۇشنى تېخىمۇ يۇكسەككە
ئېلىپ چىقالايدۇ، سىرتتىن تېڭىپ قويۇلسا ئەسلىدىكى قاناتقا
پۇتلىشىپ قۇشنى ئازگاللىغا تاشلىشى تۇرغان گەپ.

دۇنيا بىر گەۋدىلىشىۋاتقان، ئىقتىساد-سودا خەلقئارا-
لىشىۋاتقان، بىلىم ۋە ئۇچۇرلار يەرشارىلىشىۋاتقان شارائىت-
تا مەدەنىيەتنىڭمۇ يۇغۇرۇلۇشى، تاللىنىشى ۋە شاللىنىشى
توسۇۋالغىلى بولمايدىغان ئومۇمىي ئېقىمغا ئايلاندى. ئاسا-
سىي ئېقىمغا ئايلىنالمىغان مىللىي، مەھەللىۋى مەدەنىيەتلەر
تەدرىجىي ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇق بوشلۇقىدىن مەھرۇم
بولۇپ، ئىستېمال دائىرىسى تارىيىپ يوقىلىشقا يۈزلەندى.
بولۇپمۇ ئەنئەنىۋى غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى
ئەڭ زور خەتەر ئىچىدە قالدى. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەش-
كىلاتى مائارىپ، ئىلىم-پەن ئورگىنىنىڭ مۇناسىۋەتلىك
ھۆججەتلىرىدە مىللىي تىللار ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ چوڭ ئاغ-
زاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسى سۈپىتىدە
قوغداش دائىرىسىگە كىرگۈزۈلگەن. ھەر يىلى 2-ئاينىڭ
21-كۈنىنى «خەلقئارا ئانا تىل كۈنى» قىلىپ بېكىتكەن.
ئالاقىدار خەۋەرلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، ئۇيغۇر تىلى
دۇنيادا يوقىلىشقا قاراپ يۈزلەنگەن تىللار قاتارىغا كىرگۈ-
زۈلگەن. كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، ھازىرچە ئۇ دەرىجىدە
بولمىسىمۇ، مۇشۇ بويىچە ماڭساق، ئۇنىڭغا مەسئۇل بولمى-
ساق، بۇنىڭ راستقا ئايلىنىش ئېھتىمالى زور. ئەگەر ھەقى-
قەتەن شۇنداق بولۇپ قالسا، بۇ بىر مىللەتكە، شۇ ئارقى-
لىق پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە كەلگەن چوڭ قازالارنىڭ بىرى
بولۇپلا قالماي، يەنە ھۆكۈمىتىمىزنىڭ نامىغا، دۆلىتىمىز-
نىڭ شەرىپىگىمۇ داغ كەلتۈرىدىغان بىر ئىش بولۇپ قالى-
دۇ. ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق بايلىقى، غايەت زور ئەقىل-پا-
راسەت خەزىنىسىنىڭ ئاچقۇچلىرىدىن بىرى بولغان بىر
مىللىي تىلنىڭ مەسئۇلىيەتچان ھەم تەرەققىي قىلغان بىر دۆ-
لەتتە بۇنداق قىسمەتكە دۇچار بولۇشى دۆلىتىمىزنىڭ
خەلقئارادىكى ئوبرازىغا تەسىر يەتكۈزمەي قالمايدۇ. يەنە
بىر تەرەپتىن ئۇيغۇر تىلىنىڭ يوقىلىشىغا قاراپ يۈزلىنىشى
كەلگۈسىدە دۆلەتنىڭ ئۇنى قوغداش، ئەسلىگە كەلتۈرۈش
مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشى ئۈچۈن ناھايىتى زور سىياسىي
ۋە ئىقتىسادىي بەدەل تۆلەشكە مەجبۇر بولىدىغانلىقىدىن
دېرەك بېرىدۇ.

دۇنياۋى قوشۇلۇش ۋە دۆلىتىمىزنىڭ ئىشكنى ئېچى-
ۋېتىش سىياستىنىڭ تۈرتكىسىدە، مىللەتلەرنىڭ ئارىلىشىشى
ۋە چېگرا ئاتلاپ ئېلىپ بارىدىغان تۈرلۈك ئالاقە پائالى-
يەتلىرى كۈنسايىن كۆپەيدى. مۇھاجىرلار توپى ۋە كۆچ-
مەنلەر سانى كۈندىن-كۈنگە ئارتىپ باردى. نەتىجىدە
ئەنئەنىۋى جۇغراپىيەلىك مەنىدىكى ۋەتەن-يۇرت ئۇقۇمى
سۇسلاپ، ئۇنىڭ ئورنىنى مەدەنىيەت تەۋەلىكنى مۇھىم
پاسىل قىلغان كىملىك ۋە سالاھىيەت ئېڭى ئىگىلەشكە باش-
لىدى. دۇنياۋى ئېقىمدا ئارىلىشىپ كەتكەن توپ ئىچىدە
كىشىلەرنىڭ مىللىي ئايرىمىسى ئۇلارنىڭ مىللىي ئېڭى، سا-
لاھىيەت ئۇقۇمى ۋە ئەنئەنىۋى قىممەت ئۆلچىمى بويىچە
ئايرىلىدىغان ئەھۋال كېلىپ چىقتى. بۇ بەلگىلەر كىشىلەر-
نىڭ مەنىۋى ۋەتىنى ۋە ئىجتىمائىي ئورنى سۈپىتىدە كىشى-
لىك قەدىر-قىممىتى ۋە ھەق-ھوقۇقلىرىنىڭ مۇھىم كاپالى-
تى بولۇپ قالدى. بىز قايسى خىل مەدەنىيەت ۋە سىياسىي
تۈزۈلمە ئىچىدە ياشىمايلى ئەنە شۇنداق دۇنياۋى مۇھىتتا
يۇقىرىدا دېيىلگەن مەنىۋى ۋەتەننى تەرك ئەتمىسەكلا ئۆ-
زىمىزنى يات، باشپاناھسىز، غېرىب ۋە مۇساپىر ھېس قىل-
ماسلىقىمىز، مۇھەببەت، ئۈمىد ۋە ئىشەنچنى ئۆزىمىزگە
ھەمرا قىلىپ ياشىيالىشىمىز مۇمكىن. بۇ مەنىدىن، مىللىي
ئاڭ ۋە ئۇنىڭ ھاياتىي كاپالىتى بولمىش مىللىي مەدەنىيەت
بىزنىڭ بۈگۈنكى دۇنيادا ئەڭ ياخشى پاناھدايدىغان،
بىزنى چەكسىز ئىپتىخارلىققا چۆمدۈرىدىغان، بىزگە مىننەت-

سىز شادلىق، ھۇزۇر ۋە قەدىرـ قىممەت ئاتا قىلالايدىغان
مەنىۋى ۋەتىنىمىزدۇر. مىللىي تىل ئەنە شۇ مەنىۋى ۋەـ
تەنىنىڭ بىر قىسمى بولۇپلا قالماي، يەنە ئۇنىڭ پاسپورتىـ
دۇر. بىز مۇشۇنداق بىر ۋەتەننىڭ شانـ شەرىپى بىلەن
سۆيۈنۈشىمىز، غەمـ قايغۇسىغا ئورتاقلىشىشىمىز كېرەك
ئەلۋەتتە.

بىزنىڭ ئانا تىلىمىز بولغان ئۇيغۇر تىلى مەھمۇد
كاشغەريي «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا زور ئىپتىخار بىلەن
تەرىپلىگەن «خاقانىيە تىلى»نىڭ، ئالىم ئەينى ۋاقىتتا دۇنـ
ياۋى تىل ھېسابلانغان ئەرەب تىلى بىلەن باراۋەر ئورۇندا
قويغان «تۈركىي تىل»نىڭ، نەۋايى ھەزرەتلىرى «تۈركىي
ھۇنەرەست» دەپ نەپىسلىكتە، شېئىرىي پاساھەتتە پارس
تىلىدىنمۇ ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىغان بىر تىلنىڭ
داۋامى. دېمەك، بۇ تىل تارىختا يۈكسەك تەرەققىياتلارغا
ئېرىشكەن، ئۆزىنىڭ قەدىمىيلىكى، بايلىقى، گۈزەللىكى ۋە
تەسىرى بىلەن پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا، ماۋارا ئۇننەھىر ۋە
غەربىي ئاسىيا رايونلىرىدا زور شۆھرەت قازانغان ئاساسى
پۇختا بىر تىل. بۇ تىل بىلەن ئالەمشۇمۇل دىنىي، ئىلمىي
ۋە بەدىئىي ئەسەرلەر مەيدانغا كەلگەن؛ سانـ ساناقسىز
ھۆججەتـ ۋەسىقىلەر يېزىپ قالدۇرۇلغان. بۇ تىل يەنە
ھەرقانداق شەكىلدىكى مائارىپنىڭ، دۇنياۋى ئىلىملەرنى
ئوقۇتۇشنىڭ ھۆددىسىدىن تولۇق چىقىپ كەلگەن. بۈگۈنـ
كى كۈندىمۇ بۇ تىل خەلقىمىزنىڭ بارلىق ئالاقە ئېھتىياجلىـ
رىنى تولۇق قامداشتىن سىرت، زامانىۋى پەنـ مەدەنىيەت
ۋە تېخنىكىلاردىكى ھەرقانداق يېڭى ئۇقۇم ۋە چۈشەنچىـ
لەرنى ئىپادە قىلىش ئىقتىدارىدىن مەھرۇم قالغىنى يوق.
ئۇنى كومپيۇتېر ۋە ئىنتېر تورىغا ماسلاشتۇرۇش تىرىشـ
چانلىقلىرىمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولماقتا. بۇ جەھەتتىكى كەم
تەرەپلەرنى يەنىمۇ ئىزدىنىش ئارقىلىق تولۇقلاپ كەتكىلى
بولىدۇ. قىسقىسى، بۇ تىل ئەزەلدىنلا مول سۆز بايلىقى،
چەكسىز ئىپادىلەش قۇۋۋىتى، گۈزەل، يېقىملىق، ئەۋرىـ
شىم، مەنە ۋە ھېسـ تۇيغۇلارغا باي بولۇشتەك كەڭ ئارـ
تۇقچىلىقلىرى بىلەن يۈكسەك ئابرۇيغا ئىگە بولغان بىر
تىل ئىدى. ھېلىھەم زاماننىڭ كەينىدە قالغان قالاق تىل
ئەمەس. ئەگەر ئۇنى تەرەققىيات سۈرئىتىگە ماسلاشالمىـ
دى، ساپلىقى بۇزۇلدى، تەسىرى كىچىكلىدى، بىچارە
ھالغا چۈشۈپ قالدى دېيىشكە توغرا كەلسە، بۇلارنىڭ
ھەممىسىنىڭ ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ سەۋەبلىرى بار.
ئۇنى تىلغا دۆڭگەپ قويۇشنىڭ ھېچقانداق ئاساسى يوق.
گەپ ئۇنىڭغا قانداق مۇئامىلە قىلغانلىقىمىزدا، قانچىلىك
مەسئۇل بولالىغانلىقىمىزدا، ئۇنى تەرەققىياتقا قانچىلىك
ماسلاشتۇرالىغانلىقىمىزدا، قانچىلىك ئىلغارلاشتۇرالىغانلىقى-
مىزدا ۋە يۇقىرى كۆتۈرەلىگەنلىكىمىزدە.

دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنى، ئاپتونومىيە قانۇنى،
پارتىيەنىڭ مىللىي سىياستى، مائارىپ فاكۇلتېتى بۇ تىلنىڭ
تەرەققىياتىغا ناھايىتى ياخشى شارائىتلارنى يارىتىپ بېرىگـ
لىك. مۇناسىۋەتلىك قانۇنـ نىزاملاردا، ئېلىمىزنىڭ مىللىي
تىلـ يېزىققا دائىر سىياسەتـ ھۆججەتلىرىدىمۇ، ئېنىق
قىلىپ سوتسىيالىستىك تۈزۈم، يېڭى دەۋر مىللىي تىللارنىڭ
باراۋەر تەرەققىي قىلىش، گۈللەپ ياشناش دەۋرى دەپ
ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ماركسىزم كىلاسسىكلىرىمۇ، ئېـ
لىمىزنىڭ ئالدىنقى ئەۋلاد رەھبەرلىرىمۇ مىللىي مەسىلىنى
ئەڭ توغرا بىر تەرەپ قىلىش، مىللەتلەر باراۋەر، ئىناق،
دوستانە ئۆتىدىغان يېڭىچە سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناـ
سىۋىتىنى بارلىققا كەلتۈرۈش ئۈچۈن مىللىي ئۆرپـ ئادەتـ
لەرگە، مىللەتلەرنىڭ تىلـ يېزىقىغا ھۆرمەت قىلىشنىڭ زۆـ
رۈرلۈكىنى كۆپ تەكىتلىگەن. قىسقىسى، سىياسەت ۋە
تۈزۈم جەھەتتىكى ئەۋزەللىكلەردىن تولۇق پايدىلىنىش،
ئانا تىلىمىزنىڭ قانۇنىي ئورنى ۋە شەرىپىنى قوغداش
بىزنىڭ بۇرچىمىز ئىدى. ئەپسۇسكى، پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ
ئادىللىقى، ئۇلۇغلۇقى، شانـ شەرىپى، ئابرۇيـ ئىناۋىتىگە
مۇناسىۋەتلىك بۇ مەسىلىدە بىز ئۆز بۇرچىمىزنى تولۇق
ئادا قىلالمىدۇق، سولچىل ئىدىيەنىڭ تەسىرىدىن ئۇزۇلـ
كېسىل ئازاد بولالمىدۇق. ھەقلىق يوسۇندا ئانا تىلىمىزنى
ياخشى ئۆگىنىشكە، ئۆگىتىشكە، تەتقىق قىلىشقا يېتەرلىك
ئەھمىيەت بەرمىدۇق، توغرا ئىشلىتىشكە، ئاسراشقا سەل
قارىدۇق، ئۆزىمىز قەدىرلىمىدۇق. ھەتتا ئۆزئارا تۇرمۇشـ
تا، خىزمەتتە، ئوقۇشـ ئوقۇتۇشتا، يىغىنلاردا ئورۇنلۇق،
قانۇنلۇق، ھەقلىق يوسۇندا ئىشلىتىشكىمۇ جۈرئەت قىلالاـ
مايدىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدۇق. ئازـ تولا باشقا تىللارـ
نى بىلگەنلىكىمىز ئۈچۈن ياكى بولمىسا باشقا تىللار بىلەن
دەماللىققا كۆز ئالدىمىزدىكى ئالاقە ئېھتىياجىمىزدىن چىقالىغانـ
لىقىمىز ئۈچۈن ئۇيغۇر تىلىنىڭ ھاجىتى قالمىغاندەك تەسـ
راتقا كەپ قالدۇق ياكى شۇنداق چۈشەنچىنى بېرىپ

قويدۇق. قىسقىسى، دۆلىتىمىزنىڭ تىل-يېزىققا ئائىت
قانۇن-سىياسەتلىرىنىڭ يەرلىكتىكى سىياسەت يۈرگۈزگۈ-
چىلەر تەرىپىدىن كۆزگە ئىلىنماسلىقىغا، توغرا ئىجرا قىلىن-
ماسلىقىغا زېمىن ھازىرلاپ بەردۇق، باھانە بولدۇق،
سۈكۈت قىلدۇق؛ مىللەتنىڭ مەنپەئىتىگە، خەلقنىڭ رايىغا
ئۇيغۇن بولغان قوش تىللىق مائارىپنى بىر تىللىق مائارىپقا
بۇراپ، خەلقنىڭ تونۇشىنى قالايمىقانلاشتۇردۇق؛ غەم-
ئەندىشىسىنى كۆپەيتىۋەتتۇق؛ ئىككى خىل يېزىقنى تەڭ
قوللىنىش بەلگىلەنگەن جايلاردا مىللىي يېزىقنى ئارتۇقچە
ياكى ئاۋارىچىلىك ھېسابلاپ چۈشۈرۈپ قويىدىغان
بولدۇق. مانا بۇ بىزنىڭ، توغرىسى ئاتالمىش بىلىملىكلەر
قاتلىمىدىكىلىرىمىزنىڭ ئۆزىمىز شۇغۇللىنىۋاتقان ئىلىمگە،
مەدەنىيەتكە قانداق پوزىتسىيە تۇتۇۋاتقانلىقىمىزنى، ئۆزى-
مىزنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرىمىزغا، ئىززەت-ھۆرمىتىمىز ۋە
قەدىر-قىممىتىمىزگە قانچىلىك دەرىجىدە مەسئۇل بولۇۋات-
قانلىقىمىزنى، ئارتۇقچە ئەنسىرەش ۋە ئېھتىياتچانلىق تۇ-
پەيلىدىن، ئۆز مەسئۇلىيىتىمىزنى ھەقىقەتەن ئەرزىمەس ئو-
رۇنغا چۈشۈرۈپ قويۇۋاتقانلىقىمىزنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

ئۇيغۇر تىلى ئۆز تەرەققىيات تارىخىدا نۇرغۇن سى-
ناقلارغا دۇچ كەلگەن بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ پۇختا ئاساسى،
بىر قاتار ئارتۇقچىلىقلىرى بىلەن يوقاپ كەتمەي دەۋرى-
مىزگىچە يېتىپ كەلدى. ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80-يىللىرى
«دىۋانۇلۇغاتىت تۈرك»نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى-
دىكى تەرجىمىسىنىڭ نەشر قىلىنىش مۇناسىۋىتى بىلەن بۇ
تىلغا بولغان قايتا تونۇش، ئىپتىخارلىنىش، ئۆگىنىش ۋە
تەتقىق قىلىش قىزغىنلىقى شەكىللىنىپ، پارتىيە، ھۆكۈمەت-
تىن تارتىپ شەخسلەرگىچە ئۇنىڭغا ئېتىبار بىلەن قارايدى-
غان ياخشى ۋەزىيەت بارلىققا كەلگەنىدى. بۇ ھال ئۇيغۇر
ئەدەبىياتىنىڭ گۈللىنىشىگە، ئۇيغۇر تىلى بىلەن يولغا قو-
يۇلغان مىللىي مائارىپنىڭ يۈكسىلىشىگە، ئۇيغۇر تىلى ۋە
ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتىنىڭ قانات يېيىشىغا،
جۈملىدىن ئۇيغۇرچە مەتبۇئات ۋە تىل-يېزىق ئىشلىرىنىڭ
تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولغانىدى. مۇشۇ ئارقىلىق دۆلىتىمىز-
نىڭ دەۋر بۆلگۈچ بىر تەرەققىيات دەۋرىگە كىرگەنلىكى،
سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئەۋزەللىكى، پارتىيەنىڭ مىللىي
سىياسىتىنىڭ ئىلغارلىقى، ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ رولى
روشەن ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقانىدى. بىز بۇنىڭدىن

چەكسىز سۆيۈنگەن، مىللىتىمىزنىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالىغا
نىسبەتەن زور ئۈمىد ۋە ئىشەنچكە تولغانىدۇق. مىللەتلەر
باراۋەر ۋە ئىناق بولغان، مىللىي مەنپەئەتلەر كاپالەتلەندۈ-
رۈلگەن ئۇلۇغ بىر دۆلەتنىڭ پۇقرالىرى بولغانلىقىمىزدىن
بەخت ۋە شەرەپ ھېس قىلغانىدۇق. شۇنىڭدىن كېيىن دۆ-
لەتنى ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي جەھەتتىن قۇدرەت تاپقۇ-
زۇش ئىستراتېگىيەسىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا ئەگىشىپ،
ماددىي مەدەنىيەت ۋە قاتتىق دېتال قۇرۇلۇشى چىلىڭ تۇ-
تۇلۇپ، بۇ جەھەتتە مىسلى كۆرۈلمىگەن ئۆزگىرىشلەر بار-
لىققا كەلدى. دېمىسىمۇ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قو-
يۇلغان 30 يىل ئىچىدە يۇرتىمىزدا بارلىققا كەلگەن ئۆزگە-
رىشلەر ۋە يېڭىلىقلارنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ.
بىراق كۆز يۇمالمايمىزكى، كىشلەردىكى قىممەت قارىشى-
نىڭ كەسكىن ئۆزگىرىشى، ئىقتىسادىي ئاڭنىڭ ئۈستۈنلۈك-
نى ئىگىلىشىگە ئەگىشىپ، 90-يىللارنىڭ باشلىرىدىن
تارتىپ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا دىگەندەك ئەھمە-
يەت بېرىلمەي قالدى. تەرەققىياتنىڭ مەنىۋى خۇرۇچى،
جەمئىيەتنىڭ يۇمشاق كونترول سىستېمىسى بولغان ئېتىقاد،
ئۆرپ-ئادەت، ئەنئەنە، ئەخلاق، غۇرۇر دېگەنلەر بارغان-
سېرى ئۆز رولىنى يېتەرلىك جارى قىلدۇرالماي، ھەر خىل
ئىجتىمائىي مەسىلىلەر، جىنايەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىغا
زېمىن ھازىرلاندى. شۇنىڭ بىلەن مىللىي تېررىتورىيەلىك
ئاپتونومىيە قانۇنى ۋە پارتىيەنىڭ مىللىي سىياسىتىگە
ئائىت قانۇن-بەلگىلىمىلىرىنىڭ ئورنىنى ۋاقىتلىق سىيا-
سەت، تەدبىر تۈسىدىكى ھۆججەت -قارارلار ئىگىلەپ،
ئۇلارنى مەجبۇرلاش ۋاستىلىرى بىلەن ئىجرا قىلىش ئار-
قىسىدا ئىلمىي تەرەققىياتقا خىلاپ ھادىسىلەرمۇ كۆرۈلۈش-
كە باشلىدى. بۇنىڭغا دىنىي ۋە مىللىي زىددىيەتلەر قوشۇ-
لۇپ جەمئىيەتتىكى مۇقىمسىز ئامىللار كۆپەيدى. پارتىيە،
ھۆكۈمەتنىڭ پۇقرالار ئەخلاق قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىش
ۋە ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنى يېتەكچى قىلىش تەشەببۇ-
سى مانا مۇشۇنداق بىر ئارقا كۆرۈنۈشتە ئوتتۇرىغا قويۇل-
دى. دېمەك، ھەربىي، ساقچى، ئەدلىيە قاتارلىق دۆلەتنىڭ
قاتتىق كونترول ۋاستىلىرىگە تايىنىپلا جەمئىيەت ئامانلىقى-
نى، بولۇپمۇ مىللىي، دىنىي زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىپ كەت-
كىلى بولمىغاچقا ياكى ئۇنىڭغا ھەددىدىن زىيادە ئىقتىسادىي
بەدەل تۆلەشكە توغرا كەلگەچكە، ھۆكۈمىتىمىز مۇقىملىققا

تەرەققىيات ئارقىلىق كاپالەتلىك قىلىش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويدى. بۇ ئىنتايىن توغرا تاللاش ئىدى. بىراق تەرەققىيات يەنىلا بىر تەرەپلىمىلىكتىن خالىي بولالمىدى. يۇمشاق كونترول سىستېمىسىنىڭ رولى تونۇپ يېتىلىپ، ئەخلاق قۇرۇلۇشى، ئىلمىي تەرەققىيات قارىشى تەكىتلەنگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭغا سەل قارالدى. بۇ يەردىكى تەرەققىيات يەنىلا ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئۆلچەم قىلغاچقا، مىللەتنى ئىقتىساد ۋە پەن-تېخنىكىدا دەۋرگە ماسلاشتۇرۇش، رىقابەتتە تەشەببۇسكار ئورۇنغا ئۆتكۈزۈش، جۈملىدىن ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن دۆلەت تىلى ۋە چەت ئەل تىللىرىنى ئۆگىنىش زۆرۈر بولۇپ قالدى. مانا مۇشۇنداق بىر زۆرۈرىيەت ۋە ئومۇمىي يۈزلىنىش ئارقىسىدا قوش تىل مائارىپى تەرەققىياتنىڭ تەلىپى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىندى. كۆرۈشكە بولىدۇكى، يۇقىرىقىدەك رېئاللىقنى كۆزدە تۇتقاندا، ھۆكۈمىتىمىزنىڭ دۆلەت ئورتاق تىلى ئۆگىنىشكە سەپەرۋەر قىلىش ۋە قوش تىل مائارىپىنى يولغا قويۇشتىكى چىقىش نۇقتىسى ئىنتايىن توغرا. بىراق بۇ ئىسمى-جىسمىغا لايىق قوش تىللىق مائارىپ بولدىمۇ-يوق؟ ئۇنىڭ ئۈنۈمى قانداق بولۇۋاتىدۇ؟ ئۇنىڭ مىللىي تىلغا ئېلىپ كەلگەن زەربىسى قانچىلىك؟ مىللەتنىڭ مەنىۋى جەھەتتىكى ياتلىشىشىدا قانداق رول ئويناۋاتىدۇ؟ دۆلەتكە كەلتۈرۈۋاتقان سەلبىي تەسىرچۇ؟ مانا بۇ بىزنىڭ ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلغان ئاساستا جاۋاب تېپىشىمىزنى كۈتۈپ تۇرغان مەسىلىلەر.

ھەرقانداق بىر تىل ئانا تىل ئاساسىدا ئۆگىنىلىشى ۋە ئۆگىتىلىشى لازىم. بالىلارغا ئانا تىل تەربىيەسى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇلمىسا، ئانا تىل تەربىيەسى يېتەرلىك بولمىسا، نورمال ئادەم بولۇشى ئۇياقتا تۇرسۇن، دۆلەتنىڭمۇ لاياقەتلىك پۇقرا بولۇشى تەسكە توختايدۇ. چۈنكى ھەر كىمنىڭ دۆلەتكە قوشىدىغان تۆھپىسى ئۆزىگە، ئۆز ئائىلىسىگە ۋە ئۆز مىللىتىگە قىلىپ بەرگەن خىزمىتى ئارقىلىق ئىشقا ئاشىدۇ. ۋەتەن سۆيگۈسىمۇ ئۆزىنى قەدىرلەش تۇيغۇسى ۋە مىللەت سۆيگۈسى بىلەن بىردەكلىككە ئىگە. دۆلەت مەنپەئەتى مىللىي مەنپەئەتنى چەتكە قاقمايدۇ. دېمەك، نۆۋەتتە «قوش تىل» ئۇقۇمى توغرا شەرھلىنىشكە ۋە مىللىي مائارىپقا توغرا تەدبىقلىنىشقا موھتاج.

تەرجىمە پائالىيىتى مىللەتلەر ئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش، ئۆزئارا چۈشىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئارتۇقچىلىقلاردىن تەڭ بەھرىمەن بولۇپ، ئورتاق گۈللىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا كەم بولسا بولمايدۇ. تارىختا ئۇنىڭ رولى تەڭداشسىز بولۇپ كەلگەن. ئەجدادلىرىمىز كۆپ تىللىق بولۇش، باشقا تىللاردىن ئىنسانىيەت ئەقىل-پاراسىتىنىڭ مۇجەسسىمى بولغان نۇرغۇن ئەسەرلەرنى ئاجايىپ يۇقىرى ماھارەت بىلەن ئۆز ئانا تىلىغا تەرجىمە قىلىپ، ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ۋە باشقا مەدەنىيەت جەۋھەرلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈش تارىخىدا شانلىق سەھىپىلەرنى ياراتقان. ئۇيغۇر مىللىتىدىن يېتىشىپ چىققان، تارىختا بىزگە نامى مەلۇم بولغان كومراجىۋا، پىرنتانراكشىت، سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ، فارابى، مەھمۇد كاشغەرىي، پىر خۇيلان، جامال قارشى، مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر، موللا مۇھەممەد تۆمۈر، شاھ ھىجران، موللا ئابدۇراخمان مەخدۇم قاتارلىق ئاتاقلىق ئالىم، ئەدىب، شائىر ۋە تارىخچىلىرىمىزنىڭ شۇ دەۋرنىڭ ئىلىم-پەن ۋە سەنئەت تىلى بولغان سانسكرىت، خەنزۇ، ئەرەب، پارس تىللىرىنى مۇكەممەل بىلىدىغانلىقى، شۇ تىللار بىلەن نۇرغۇن ئېسىل مىراسلارنى تەرجىمە قىلىپ قالدۇرغانلىقى، ھەتتا شۇ تىللار بىلەن ئىجادىيەت ئېلىپ بېرىپ دۇنياغا تونۇلغانلىقى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ. تارىختىكى تەرجىمانلىرىمىز ئانا تىلغا ئىنتايىن پىششىق بولغان. شۇڭا ئۇلارنىڭ تەرجىملىرى پۇختىلىقتا، جانلىقلىقتا، پاساھەتتە تەتقىقاتچى ئالىملارنى ھەيران قالدۇرماقتا. «چاشتانى ئىلىگ بەگ»نى، «ئالتۇن يارۇق»نى، «تارىخىي رەشىدى»نى «كەلىلە-دىمنە»نى، «شاھنامەئىي تۈركى»نى، «مىڭبىر كېچە»نى ئوقۇسىڭىز بۇ ئەسەرلەرنىڭ تەرجىمە ئەسەرلەر ئىكەنلىكىگە ئىشەنگىڭىز كەلمەيدۇ. تەرجىمانلار تەرجىمە خىزمىتىدە ئەسلىي ئەسەرنى پۈتۈنلەي ئانا تىلىنىڭ تەپەككۇر ئۇسۇلى ۋە سۆزلەش ئادىتىگە، ئەدەبىي فورمىسى ۋە ئىستىلىستىك ئالاھىدىلىكىگە بويسۇندۇرۇپ، ئىجادىي تەرجىمە، ئۆزلەشتۈرمە تەرجىمە ۋە جانلىق تەرجىمە ئۇسۇلىنى قوللانغان. نەتىجىدە تەرجىمە ئەسەرلەر مىللىي ئەدەبىياتىمىزنىڭ بىر تەركىبىي قىسمىغا ئايلىنىپ، مىللىي تىلنى يۈكسەلدۈرۈش، مىللىي تەپەككۇرنى بېيىتىش رولىنى ئوينىغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرلار ئىلگىرى-كېيىن سىرتتىن كەلگەن بىر قانچە دىنلارنى قوبۇل قىلغان ۋە سىرتقى مەدەنىيەتنىڭ

تەسىرىگە كۆپلەپ ئۇچرىغان تۇرۇقلۇقمۇ، ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى خاسلىقىنى يوقاتمىغان. ئانا تىلىمىز ئەرەب ۋە پارس تىللىرىنىڭ زور خەۋپىگە ئۇچرىغان دەۋرلەردىمۇ، مەھمۇد كاشغەرىي ۋە نەۋايىغا ئوخشاش بۈيۈك تىل ۋە ئەدەبىيات پېشۋالىرى ئۇنى ئاڭلىق قوغدىغان ۋە ئۆز ئەمەلىيىتى بىلەن ئۇنىڭغا جان ئاتا قىلىپ، ئۇنىڭ تەرەققىياتىغا مۇستەھكەم ئاساس تۇرغۇزۇپ بەرگەن.

ئەپسۇسكى، بىزنىڭ قوش تىللىق بولۇش ۋە ياخشى تەرجىمە ئەنئەنىمىز كېيىنكى يىللاردا ئۈزۈلۈپ قالدى. گەرچە تەرجىمە پائالىيىتىمىز يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن خەنزۇ تىلىنى ئاساس قىلىپ يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن بولسىمۇ، يېقىنقى يىللاردا تەرجىمە سۈپىتى نىسپىي ھالدا تۆۋەنلەپ كەتتى. لاياقەتسىز تەرجىمىلەرنىڭ كۆپلەپ مەيدانغا چىقىشى بىلەن تىلىمىزنىڭ تەبىئىيلىكى، خاسلىقى بۇزۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بەزىلەر «تەرجىمە تىلى» دەپ ئاتىغان بىر خىل سۈنئىي، ئېغىر، پاساھەتسىز ئۇيغۇر تىلى قىسمەن شەكىللىنىپ قالدى. بۇ نۆۋەتتىكى تىلشۇناسلىق ۋە تەرجىمشۇناسلىق ساھەسى تەتقىق قىلماسا، ھەل قىلماسا بولمايدىغان مەسىلىلەرنىڭ بىرى. چۈنكى، تەرجىمە خادىملىرىنىڭ ئانا تىل سەۋىيەسىنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقى، بولۇپمۇ تىلىمىز، ئەدەبىياتىمىز بىلەن قويۇق تارىخىي، رېئال باغلىنىشى بولغان قەدىمىي تىللار ۋە دىنلاردىن بىخەۋەر بولۇشى، مىللىي مەدەنىيەت ۋە ئۆرپ-ئادەتلەرنى ياخشى بىلمەسلىكى ئۇلارنىڭ تەرجىمە ئەسەرلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتسىز بولۇشىنى بەلگىلىگەن ئاساسلىق ئامىللاردۇر. بۇلار مەخسۇس تەتقىق قىلىش، ئوقۇتۇش ۋە تەربىيەلەش ئارقىلىق ھەل قىلىنىدىغان مەسىلىلەردۇر.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى، تەرجىمە ئەمەلىيىتىمىز ۋە ئاتالمىش «تەرجىمە تىلى» ئىسپاتلاپ تۇرۇپتىكى، تەرجىمىنىڭ مۇھىملىقىدىن باشقا، مىللىي تىلغا كەلتۈرىدىغان سەلبىي تەسىرىمۇ بار. بۇنىڭ مۇھىم سەۋەبلىرىدىن بىرى شۇكى، تىل تەپەككۇر ۋە ھېس-تۇيغۇلار بىلەن، خاس مىللىي چۈشەنچىلەر بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا، ئۇنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى تەرجىمىدە تولۇق ئىپادىلىگىلى بولمايدۇ. بولۇپمۇ ئەدەبىي ئەسەر تىلى، شېئىرىيەت تىلى شۇنداق. ھەرقانچە ياخشى تەرجىمە بولسىمۇ، ئۇنى ئاشۇرۇۋېتىش مۇمكىنكى، باراۋەر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ئۇقۇم، شەكىل، ماھارەت ۋە ئىجادىيلىق نۇقتىسىدىن ئاشۇرۇۋېتىلدى دېگىلى بولسىمۇ، تىلنىڭ ئىجتىمائىيلىقى نۇقتىسىدىن يەنىلا مىللىي تىلغا باراۋەر قىلغىلى بولمايدۇ. يۇقىرى تىل بىلىمىگە تايىنىپ لېكسىكىلىق، لوگىكىلىق مەنىسىنى باراۋەر ئىپادىلىگىلى بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇسلۇبىستىكىلىق، كۇلتۇرلۇق ۋە ھېسسىي مەنىسىنى تولۇق چىقارغىلى بولمايدۇ. ھەممە تەرجىمانىنىڭ بۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ كېتەلىشىمۇ ناتايىن. دېمەك، باراۋەر قىلغىلى بولمىغانىكەن، ئۇنىڭغا سۈنئىيلىك قوشۇلدى دېگەن گەپ. تەرجىمە مۇقەررەر ھالدا باشقا بىر خىل مەدەنىيەت، باشقا بىر خىل تەپەككۇر شەكلى، باشقا بىر خىل قىممەت قارىشى ۋە باشقا بىر خىل پىسخىك خاراكتېرنى تەرجىمە تىلى ئارقىلىق قوبۇل قىلغۇچى مىللەتكە سىڭدۈرۈپ ماڭىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن، ئۇزاقتىن بېرى داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان ۋە بىزنىڭ بارلىق تەپەككۇر، تەربىيە، ئالاقە ساھەيىمىزنى قاپلىغان تەرجىمانلارنىڭ تىلىمىزغا قانچىلىك سۈنئىيلىك، تەپەككۇرىمىزغا قانچىلىك مۇجمەللىك ۋە پىسخىكىمىزغا قايسى دەرىجىدە ياتلىشىش ئېلىپ كەلگەنلىكىنى پەرەز قىلماق تەس ئەمەس. ھالبۇكى، بۇ تەرجىمىلەرنىڭ قانچىلىكى سۈپەتلىك بولدى، قانچىلىكى سۈپەتسىز بولدى، بۇنىڭغا بىر نېمە دېمەك تېخىمۇ تەس. شۇڭا تەرجىمىدىن كەلگەن ۋە كېلىش ئېھتىمالى بولغان ياتلىشىشنى، پۈتلىكاشاڭ ۋە توسالغۇلارنى ئازايتىش ئۈچۈن ئانا تىلغا، ئانا تىل بىلەن ئوقۇتۇشقا، بىلىم ئېلىشقا ۋە ئىجاد قىلىشقا سەل قاراشقا بولمايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئانا تىلنىڭ لۇغەت سوستاۋىغا، تاۋۇش سىستېمىسىغا، ئۇسلۇبىستىكىسىغا، ھېسسىيات ۋە مەنا قاتلاملىرىغا سىڭدالغان تارىخ، مەدەنىيەت، ئۆرپ-ئادەت، ئاڭ-چۈشەنچە قاتارلىق مىللەتنىڭ مەنىۋىيەت ئاساسلىرىنى ياخشى ئۆگىنىشكە، تەتقىق قىلىشقا ۋە ئۇنى تىل ئارقىلىق ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكىلەرگە يەتكۈزۈشكە، بۇلارنى تەرجىمىگە ئەمەس، تەرجىمىنى بۇلارغا ماسلاشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. مانا بۇ مىللىي مائارىپنىڭ ۋەزىپىسى، بىز زىيالىي ئاتلىقلارنىڭ ۋەزىپىسى.

بىز ۋىجدانىي ۋە قانۇنىي يوسۇندا شۇنداق دېيىشكە ھەقلىقمىزكى: ئانا تىلىمىز بىزنىڭ تارىخىمىز، قىممەتلىك مەدەنىي مىراسىمىز، مەنىۋىيىتىمىز، غۇرۇرىمىز، ئىپتىخارد

مىز. ئۇنىڭغا مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىش مىللەتكىلا ئەمەس، دۆلەتكىمۇ، ھەتتا پۈتكۈل ئىنسانىيەتكىمۇ زىيان كەلتۈرىدۇ. باشقا تىللارنى ئۆگىنىش شەرەپ، ئانا تىلنى بىلمەسلىك جىنايەت. باشقا تىللارنى ئۆگىنىشكە سەل قاراش بەپەرۋالىق، ئانا تىلىمىزنى قەدىرلىمەسلىك ئاسىيلىق. قوش تىل ئوقۇتۇشىدا ئانا تىلنى ئاساس قىلماسلىق ياكى ئۇنى ئايرىپ قويۇش، چەتكە قېقىش پەنگە، ئىنسانىيلىققا يات ۋە شۇنداقلا پارتىيەمىزنىڭ شەنىگە، دۆلىتىمىزنىڭ ئىناۋىتىگىمۇ پايدىسىز. چۈنكى، خەلقنىڭ ھۆكۈمەتكە بولغان ئىشەنچى ۋە مايىللىقى، دۆلەتكە بولغان مۇھەببىتى ۋە ساداقىتى ئەڭ ئاۋۋال ئۇلارنىڭ تىل- يېزىقى، ئۆرپ- ئادىتى ۋە مىللىي قەدىرىيەتلىرىنىڭ ھۆكۈمەت ۋە دۆلەت تەرىپىدىن قانچىلىك ھۆرمەتلىنىشى ۋە قوغدىلىشى ئارقىلىق ئىشقا ئاشىدۇ. شۇ جۈملىدىن، ئۇيغۇر تىلى ۋە يېزىقىنى مائارىپتىلا ئەمەس، ھۆججەت، خەت- ئالاقە، ۋېۋىسكا، لوزۇنكا، لەۋھە، ئۇقتۇرۇش، ئېلان ۋە باشقا تۈرلۈك نام- ئاتاقلاردا ئىشلەتمەسلىكنىڭ ئۆزىمۇ ئەڭ چوڭ مەسئۇلىيەتسىزلىك. بالىلارنى ئانا تىلدا توغرا، راۋان سۆزلىيەلمەس، ئوقۇيالماس ياكى يازالماس قىلىپ قويۇش تېخىمۇ چوڭ پاجىئە.

بىز ئۆزىمىزنىڭ كىملىكىنى بىلىپ ياشىشىمىزنىڭ يەنى دۇنياۋى ئېقىمغا دادىل يۈزلىنىپ، چەكسىز ھاياتلىق بوشلۇقىغا ئېرىشىپ، مىللىي مەدەنىيەت ۋە مىللىي ئاڭدىن ئىبارەت روھىي ۋەتەندە مەڭگۈ يېتىمسىرىمەي، ئۆز سالاھىيىتىمىز بىلەن قەددىمىزنى رۇس تۇتۇپ ياشىشىمىزنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى ئاڭلىق تونۇپ يەتكەن ۋاقتىمىزدا، ئىككى نەرسىدىن سۆيۈنۈشكە، ئىپتىخارلىنىشقا ھەقلىقمىز: ئۇ بولسىمۇ، ئانا تىل ۋە ئۆز ئاتا- بوۋىلىرىمىزدىن قۇمارۇ (مىراس، تەۋەررۈك) بولۇپ قالغان ئېسىل ئۆرپ- ئادەتلىرىمىزدۇر. باشقا تىللار بىزنىڭ نېنىمىز بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا، ئانا تىلىمىز بىزنىڭ دىلىمىز ۋە جېنىمىز بىلەن يەنى ئېڭىمىز، تەپەككۇرىمىز، ھەۋەسىمىز، ئەدەبىياتىمىز، پېسخىكىمىز ۋە قەدىرىمىز بىلەن ھەمنەپەس، تەقدىرداش. چۈنكى، بىز ئۇنىڭ بىلەن ئويلايمىز، ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەيمىز، ئۇنىڭ بىلەن كۈيلەيمىز، ئۇنىڭ بىلەن كۈللەيمىز، ئۇنىڭ بىلەن ئۆرلەيمىز. مىللىتىمىزنىڭ تارىخى، ئەدەبىياتى، ئەقىل- پاراستى ئۇنىڭ بىلەن خاتىرىلەنگەن، ئۇنىڭ بىلەن ئەۋلادمۇئەۋلاد ئۇلىشىپ ئۆزۈلمەس ئېقىن ھاسىل قىلغان. ئۇنىڭدىن ئايرىلساق، ئۆزىمىزگە خاس تەپەككۇر، ئاڭ- چۈشەنچە، ئارزۇ- ھەۋەس، ئوي- خىيال ۋە ھېس- تۇيغۇلاردىن ئايرىلغان بولىمىز. ئۆزىمىزگە خاس مەنىۋى دۇنيايىمىز دەشتچۆلگە ئايلىنىدۇ. ئۆرپ- ئادەتلىرىمىزگىمۇ ئۆزىمىزنىڭ ياشاش ئۇسۇلى، تۇرمۇش مىزانى، كىشىلىك قەدىر- قىممىتىمىز تەرىقىسىدە ئەمەل قىلمىساق، ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملاشقان ئەقىل- پاراسەت، خىسلەت- خاسىيەتلەر دەرياسى قۇرۇيدۇ. شۇنداق ئىكەن بىز ھاياتلىقىمىزدا بۇ ئىككى ئەڭگۈشتەرنى پۈتۈن مۇھەببىتىمىز بىلەن سۆيۈشىمىز، جان پەدالىق بىلەن قوغدىشىمىز شەرت. بۇ ئىككى ئەڭگۈشتەرنى مىللەتنىڭ ھايات دەسمايىسى، ۋەتەننىڭ شان- شەرىپى سۈپىتىدە قەدىرلەش ماھىيەتتە مىللىي مەۋجۇدىيىتىمىزنى قوغداش، شۇ ئارقىلىق دۆلەتنىڭ ئىناۋىتى، ئار- نومۇسى ۋە مەنپەئەتىنى قوغداش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

2009- يىلى 5- ئاي

2010- يىلى 12- ئاي، قەشقەر

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى تىل- ئەدەبىيات كافېدراسىدىن

بۇ سانىنىڭ ئەسەرلىرى «شىنجاڭ گېزىتى» باسما ئىشلىرى مەركىزى ئۇيغۇرچە كومپيۇتېر بۆلۈمىدە تىزىلدى؛ بۇ سانىنىڭ تەكلىپلىك تەھرىرى: ئايگۈل ئەمەت؛ كوررېكتورى: رەنا ئەمەت؛ مۇقاۋا ۋە قىستۇرما سۈرەتلەرنى ئىشلىگۈچى: مەريەمگۈل ئىدرىس (تەكلىپلىك)، بەتچىك: ئىسھاقجان ئىبراھىم قارائېكىن (تەكلىپلىك).



# كارخانىچىلارنىڭ بۇرچى ۋە مەسئۇلىيىتى

ئابدۇرېھىم دۆلەت

1

ھەرقانداق ئادەم قىسقىغىنا ھاياتىدا مۇئەييەن بۇرچ، مەسئۇلىيەتلەرنى ئۈستىگە ئېلىپ ياشايدۇ. بەزىلەرنىڭ ئېغىر، بەزىلەرنىڭ يېنىك بولىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئورنى، سالاھىيىتى، ئىلكىدىكى بايلىقلارنىڭ (مەيلى ئۇ جىسمانىي، روھىي ياكى ماددىي بايلىق بولسۇن) ئوخشىماسلىقى ئۇلارغا سالمىقى، خاراكتېرى ئوخشىمىغان مەسئۇلىيەتلەرنى يۈكلەيدۇ. ھەرقانداق بىر سالاھىيەت ئىگىسى ئۆز سالاھىيىتىگە ماس بولغان مەلۇم مەسئۇلىيەتلەرنى ئۈستىگە ئالىدۇ. بىزنىڭ مەلۇم كىشىدىكى مەلۇم سالاھىيەتنى ئېتىراپ قىلغىنىمىز ماھىيەتتە، شۇ كىشىدىن مەزكۇر سالاھىيەتكە ماس مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىشنى كۈتكەنلىكىمىزدۇر. بۇ مەسئۇلىيەتلەرنىڭ ئادەملەرگە يۈكلىنىشى مەزكۇر مەسئۇلىيەتلەرنى ئۇلارنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا باغلىق بولمايدۇ، بەلكى مۇئەييەن مەسئۇلىيەتنى تەقەززا قىلىدىغان سالاھىيەت تېپىلىپلا قالسا، مەيلى ئۇ ئېتىراپ قىلسۇن - قىلمىسۇن، كىشىلەر تەرىپىدىن مەسئۇلىيىتى بار دەپ قارىلىدۇ، ھېچبولمىغاندا بىز ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتىكا قارىشىدا شۇنداق.

ئاددىيلاشتۇرۇپ بايان قىلساق، ئەگەر بىر ئادەم دادا بولسا، مەيلى ئۇ ئادەم ئېتىراپ قىلسۇن - قىلمىسۇن، پەرزەنتىگە نىسبەتەن مەلۇم مەسئۇلىيەتلەرنى ئۈستىگە ئالغان بولىدۇ. بۇ مەسئۇلىيەت دادىنىڭ ئېتىراپ ياكى رەت قىلىشى بىلەن ئالاقىسىز ھالدا مەۋجۇت دەپ قارىلىۋېرىدۇ. دېمەك، ئانا بولسا ئانىغا تۇشلۇق، ئاكا بولسا ئاكىغا تۇشلۇق، ئوقۇتقۇچى بولسا شۇنىڭغا تۇشلۇق، ئەسكەر بولسا شۇنىڭغا تۇشلۇق... قىسقىسى، ھەرقانداق ئادەم مانا مۇشۇنداق ئۆز سالاھىيىتىگە ماس مەسئۇلىيەتلەرنى ئۈستىگە ئېلىپ ياشايدۇ. ئەقلى - ھوشى جايىدا ئادەملەر ئىچىدە مۇئەييەن سالاھىيەتكە ئىگە ئەمەس ئادەملەر بولمايدۇ. سالاھىيەت مەۋجۇتلا بولىدىكەن، ئۇنىڭدىن شۇنىڭغا لايىق مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىش تەلەپ قىلىنىدۇ. شۇنداق يەكۈنلەشكە بولىدۇكى، سالاھىيەتسىز ئادەم بولمايدۇ، ئۇنداق بولغانىكەن، مەلۇم مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالمىغان ئادەم بولمايدۇ، مەزكۇر ماقالە دەل مۇشۇ نۇقتىئىنەزەر ئۈستىدە قانات يايدۇ.

ئەمدى بىز يۇقىرىقى يەكۈن ئاساسىدا مۇھاكىمىمىزنى يەنىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرى سۈرىمىز. دېمەك، مەسئۇلىيەت مۇقەررەر مەۋجۇت دەپ قارىغانىكەنمىز، بۇ مەسئۇلىيەتنىڭ خاراكتېرى، ۋەزنىنى نېمە بەلگىلەيدۇ؟

بۇ سوئال مېنىڭچە خېلى مۇھىم، چۈنكى، بەزى ئادەملەر ئۆزىنىڭ زادى قانداق مەسئۇلىيىتى بارلىقىنى، شۇنداقلا مەسئۇلىيىتىنىڭ ئېغىر يەڭگىللىكىنى توغرا دەڭسىيەلمەسلىكى مۇمكىن، بەزىلەر ئۆزلىرى ئادا قىلالمايدىغان، ئۆزىگە ماس كەلمەيدىغان مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىۋېلىشى مۇمكىن، يەنە بەزىلەر قولىدىن كېلىدىغان تۇرۇقلۇق، كىچىككىنە مەسئۇلىيەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىققىنى بىلەن قانائەت ھاسىل قىلىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن.

مۇنداق بىر مىسالنى كۆرۈپ ئۆتەيلى:

ئىككى ئادەم بىر چوڭ ياغاچنى كۆتۈرمەكچى بوپتۇ، ياغاچنىڭ بىر بېشى چوڭ، بىر بېشى كىچىك ئىكەن، ئىككەيـ

**كارخانا مەدەنىيىتى**

لەنئىنگمۇ بىرى بەستلىك يوغان ئادەم ئىكەن، يەنە بىرى
ئورۇق، جۈغى كىچىك ئادەم ئىكەن، تەبىئىيلا چوڭ ئادەم
ياغاچنىڭ چوڭ بېشىنى كۆتۈرۈپتۇ، كىچىك ئادەم كىچىك بې-
شىنى كۆتۈرۈپتۇ. چوڭ ئادەم مەن نېمىشقا چوڭ بېشىنى كۆ-
تۈرىمەن دەپ ۋايسىماپتۇ. بۇ قارىماققا ئىنتايىن ئاددىي بىر
ۋەقە، بىزگە ھېچقانداق ھەيران قالارلىق تۇيۇلمايدۇ، ئەمما
بۇ ئاددىي ۋەقە بىزگە مۇنداق بىر نەچچە ھەقىقەتنى بايان
قىلىپ بېرىدۇ.

A. ئادەم ئىگە بولغان نەرسە، شۇ نەرسە تەلەپ
قىلغان مەسئۇلىيەتنىڭ خاراكتېرىنى بەلگىلەيدۇ.

B. بەستلىك ئادەم كۈچلۈك بولغاچقا، يوغان نەرسىنى
كۆتۈردى، دېمەك، كۈچ بىلەن مەسئۇلىيەت ئوڭ تاناسىپ.

C. كۈچلۈك ئادەم كىچىك بېشىنى كۆتۈرسە، جامائەت-
نىڭ ئەيىبلىشىگە ئۇچرايدۇ.

A يەكۈنگە ئاساسلانغاندا، بەستلىك ئادەمنىڭ جىسما-
نىي كۈچى زور بولغاچقا، مەزكۇر ئورۇندا ئۇنىڭ مەسئۇلىيە-
تى شۇ كۈچنى ئىشلىتىپ ياغاچنىڭ ئېغىر تەرىپىنى كۆتۈرۈش
بولدى. يەنى، ئۇ ئىگە بولغان جىسمانىي كۈچ ئۇنىڭ شۇ
ئورۇندا نېمە ئىش قىلىشنى بەلگىلىدى. دېمەك، مۇشۇ مەنتە-
قە بويىچە، ئەگەر بىر ئادەم بىلىملىك بولسا، مۇئەييەن ئو-
رۇندا شۇ بىلىمنى تەلەپ قىلىدىغان بىرەر مەسئۇلىيەتنى
ئۈستىگە ئالىدۇ. يەنى، مەسىلەن: جەڭ مەيدانىدا جۈگې
لياڭ لەشكەر بولۇۋالمايدۇ، لەشكەر مۇشاۋىر بولۇۋالمايدۇ.

B يەكۈنگە ئاساسلانغاندا، ئەگەر ئادەم قانچە
كۈچلۈك بولغانسىرى كۆتۈرىدىغان يۈكىمۇ ماس ھالدا ئې-
غىرلاپ ماڭىدۇ. مىسالەن: بىر ئادەم پۇلى 10 مىڭ يۈەن
چاغدا 100 يۈەن ئىئانە قىلغان بولسا، پۇلى 100 مىڭ
يۈەنگە يەتكەندە 1000 يۈەن ئىئانە قىلىشى مۇۋاپىق بولى-
دۇ. ئادەم ئىگە بولغان بايلىق ـــ بىلىم، ئىقتىساد، جىسمانىي
كۈچ قاتارلىق ئەۋزەللىكلەر كۆپەيگەنسېرى، مەزكۇر بايلىققا
ماس ھالدىكى مەسئۇلىيەتنىڭ ۋەزنى ئېغىرلاپ ماڭىدۇ.

C يەكۈنگە ئاساسلانغاندا، مەلۇم بايلىق ئىگىسىگە شۇ
شەخسنىڭ ئەتراپىدىكىلەرنىڭ ـــ ئائىلىسى، ئۇرۇق-تۇغقان-
لىرى، يۇرتى، مىللىتى، دۆلىتى ـــ مەلۇم ئۈمىدى تەبىئىي
يۈكلەنگەن بولىدۇ، بۇ ئۈمىد دەل شۇ شەخسنىڭ ئادا قىلى-
شى كۈتۈلگەن مەسئۇلىيەت شۇدۇر، ئەگەر ئادا قىلمىسا،
مۇشۇ ئۈمىدنى كۈتكەنلەر تەرىپىدىن مەلۇم دەرىجىدە ئەيىب-
لىنىدۇ. ئەيىبلىنىش دەرىجىسى، شۇ شەخس ئىگە بولغان باي-
لىقنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكى، شۇنداقلا كۈتۈلگەن مەسئۇلىيەتنىڭ
بايلىق بىلەن بولغان بىردەكلىك دەرىجىسىگە باغلىق بولى-
دۇ.

ئەمدى يۇقىرىقىلارنى يىغىنچاقلىغاندا، باشتىكى سوئال-
نىڭ جاۋابى مۇنداق بولىدۇ:

مەسئۇلىيەتنىڭ خاراكتېرىنى ئادەم ئىگە بولغان بايلىق-
نىڭ قانداقلىقى بەلگىلەيدۇ. ۋەزنىنى بولسا يەنە شۇ بايلىق-
نىڭ مىقدارى بەلگىلەيدۇ. شۇڭلاشقا بىر ئادەم ئۆزىدە نېمە-
لەرنىڭ بارلىقىنى، شۇنداقلا بۇلار بىلەن نېمە ئىش قىلغىلى
بولىدىغانلىقىنى بىلەلىسە، مەسئۇلىيىتىنىڭ نېمىلىكىنى بىلەلەي-
دۇ، ئاندىن شۇ نەرسىلەرنىڭ مىقدارىنى توغرا دەڭسىيەلىسە،
گەدىنىدىكى مەسئۇلىيەتنىڭ قانچىلىكلىكىنى بىلەلەيدۇ.

گەرچە يۇقىرىقى بايان ـ مۇھاكىمىلەر تولىمۇ ئاددىي-
دەك، ھەممە بىلىدىغاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمما بۇ بىلىشىلا
بولىدىغان مەسىلە ئەمەس، مەسئۇلىيەتنى تونۇش پەقەتلا
تۇنجى قەدەم، ئەڭ مۇھىمى، مەسئۇلىيەت ئەكىلىدىغان بە-
دەللەرگە چىداپ، ئۇنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ئەمەلىي تىرىش-
چانلىق كۆرسىتىشتۇر.

مەسئۇلىيەت ئالدىدا ئادەملەر ھەر خىل بولىدۇ، بەزى
كىشىلەر مەسئۇلىيىتىنى ئاڭلىق تونۇيدۇ ۋە ئۆزلۈكىدىن ئادا
قىلىدۇ. بەزىلەر تونۇيدۇ، ئەمما ئادا قىلمايدۇ. بەزىلەر ھەتتا
تونۇمايدۇ. بەزىلەر بولسا خاتا تونۇۋالىدۇ، ھەتتا بەزىلەر
ئۆزلىرىنىڭ قۇربى يەتمەيدىغان مەسئۇلىيەتلەرنى ئۈستىگە
ئېلىۋالىدۇ. دېمەك، مانا مۇشۇ ئەھۋاللارنى نەزەردە تۇتۇپ،
مەزكۇر ماقالىدە مەن ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئاستا ـ ئاستا مۇ-
ئەييەن كۆلەمدە قاتلام بولۇپ شەكىللىنىشكە باشلىغان كار-
خانىچىلار، بايلارنىڭ بۇرچ ـ مەسئۇلىيەتلىرىنى ئەسلىتىپ
ئۆتۈشكە تىرىشىمەن.

ئەمەلىيەتتە، بۇ ھەرگىزمۇ يېڭى تېما ئەمەس، تارىختىن
بۇيان ئوخشىمىغان دىن ـ مەدەنىيەتكە تەۋە مىللەتلەرنىڭ
رىئايە قىلىپ كەلگەن ئۆزىگە خاس سودا ئەخلاق ـ مىزانلى-
رى، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ مۇناسىۋەتلىك قانۇن ـ تۈزۈمە-
لىرى بولغان. جەمئىيەت، خەلقنىڭ بايلاردىن مەلۇم مەجبۇ-
رىيەتلەرنى ئادا قىلىشنى كۈتۈشى ھەرگىزمۇ يېقىنقى زاماندى-
كى ئىش ئەمەس. مەيلى ئىسلام دىنى، خىرىستىيان دىنى
ياكى يەھۇدى دىنى دەستۇرلىرىدا ياكى قەدىمكى يۇناننىڭ

پەلسەپە تېكىستلىرىدە بولسۇن، سودا ئەخلاقى، سودىگەر-
نىڭ قانداق بولۇشى ۋە ئىقتىسادىي پائالىيەتكە مۇناسىۋەت-
لىك بولغان ئەخلاقى ۋە قانۇنىي مەزمۇنلارنى تىلغا ئالمىغان-
لىرى يوق دېيەرلىك. «ئىنجىل»، «تەۋرات»، ئەپلاتوننىڭ
«غايىۋى دۆلەت»، ئارىستوتېلنىڭ «سىياسىيشۇناسلىق»...
قاتارلىق كىتابلاردا بۇ ھەقتە بايانلار بولغانلىقى قەيت قىلىنى-
دۇ. ئىسلام دىنىدىمۇ سودا ئەخلاقى، قانۇنى توغرىسىدىكى
مەزمۇنلار ئىنتايىن ئىنچىكە ۋە تەپسىلىي بولۇپ، تولىمۇ مۇ-
كەممەل بولغان بىر يۈرۈش ئىقتىساد ئېتىكىسى ۋە قانۇن
سىستېمىسىنى شەكىللەندۇرگەن. «قۇرئان»، «ھەدىسلەر»دە
پۇلنى قانداق پىرىنسىپلارغا ئاساسەن قانداق ئۇسۇلدا تېپىش-
تىن تارتىپ، تاپقان پۇلنى قەيەرگە، قانداق سەرپ قىلىشقىچە
بولغان جەريانلار ھەققىدە ئادەم ھەيران قالغىدەك ئىنچىكە
بايانلار بار.

مېنىڭ بۇ كونا تېمىنى قايتا مۇھاكىمىگە قويۇشۇمنىڭ
مەن ئويلىغان تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە سەۋەبلىرى بار:

بىرىنچىدىن، ھازىر جەمئىيىتىمىزدە شىركەت قۇرۇپ
ئىگىلىك تىكلىگەنلەر، سودا - سېتىق بىلەن بېيىغانلارنىڭ
ئاستا - ئاستا كۆپىيىشى بىلەن، جەمئىيىتىمىزدە مۇئەييەن دە-
رىجىدە بىر قاتلام بولۇپ شەكىللىنىشكە، ئۇيغۇر شىركەتلە-
رىمۇ يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ، ئىجتىمائىي،
ئىقتىسادىي تۇرمۇشىغا مەلۇم دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىدىغان
ئىجتىمائىي ئورگانغا ئايلىنىشقا باشلىدى. شۇنداق پەرەز قى-
لىشقا بولىدۇكى، بۇنىڭدىن كېيىن ئۇيغۇر شىركەتلىرى، ئۇي-
غۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، تۇرمۇشىدا بارغانسېرى
مۇھىم رولنى جارى قىلدۇرۇشقا باشلايدۇ. شۇنىڭغا ئەگە-
شىپ كارخانىچىلارمۇ، گەرچە ئومۇمىي گەۋدىگە نىسبەتەن
تولىمۇ ئاز سانىدىكى بىر توپ بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار ئۆزلە-
رى ئىگە بولغان ئىقتىساد، ئىگىلىك ئارقىلىق، ئۇيغۇر جەمئى-
يىتىنىڭ ھەرقايسى قاتلام - بۆلەكلىرىگە ئەمەلىي تەسىر كۆر-
سىتەلەيدىغان بىر مۇھىم كۈچكە ئايلىنىدۇ. بۇ كۈچ مىللەت-
نىڭ قۇدرەت تېپىشى، تەرەققىي قىلىشىدا ئىنتايىن ھالقىلىق
رول ئوينايدىغان كۈچ بولىدۇ. چۈنكى، مىللەت تەركىبىدى-
كى بۇرژۇئازىيە قاتلىمى، مەزكۇر مىللەتنىڭ تەرەققىيات،
مەۋجۇتلۇقىدىكى، ئۆز كىرىزىسلىرىنى ھەل قىلىشىدىكى
تايانچ كۈچ ھېسابلىنىدۇ.

يەنە بىر تەرەپتىن، ئەنئەنىۋى تىجارەتنىڭ شىركەتتىن
ئىبارەت بىر ئورگاننىڭ قوماندانلىقىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان بىر
سىستېملىق، ئىلمىي پائالىيەتكە ئايلىنىشى، ھازىرقى دەۋردە
شىركەتنىڭ قۇدرىتىنى تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىگە
يەتكۈزدى. شۇنىڭغا ئەگىشىپ شىركەت غوجايىنلىرىنىڭ
كۈچى، نوپۇزى، تەسىر دائىرىسى ئەنئەنىۋى پۇلدارلارنىڭ-
كىدىن نەچچە ھەسسە ئېشىپ كەتتى. شىركەتلەر ھازىرقى
دۇنيادا دۇنيانىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغىلا ئەمەس، سىيا-
سىي ۋەزىيىتىگە، بىخەتەرلىكىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان ئور-
گانلارغا ئايلىنىپ قالدى. ھازىر دۇنيادا نۇرغۇنلىغان تەتقى-
قاتچى، ئالىم دۆلەت ھالقىغان غايەت زور شىركەت، مالىيە
گۇرۇھلىرىنىڭ سىياسىي ھوقۇق - كۈچىنىڭ زىيادە ئېشىپ
كېتىشىدىن، ھەتتا كەلگۈسىدە دۆلەتنىڭ ئورنىنى ئېلىپ قېلى-
شىدىن ئەندىشە قىلىدۇ.

دېمەك، مانا مۇشۇنداق ئەھۋالدا، مېنىڭچە كارخانىچى-
لىرىمىز، بايلىرىمىزنىڭ ئۆز بۇرچ - مەسئۇلىيىتىنى ئۆزلىرى-
نىڭ ئاڭلىق تونۇۋېلىشىنى كۈتۈپ تۇرماي، ئۇلارنىڭ سەمى-
گە سېلىش، ئەسكەرتىش زۆرۈر.

ئىككىنچىدىن، جەمئىيەتتە مەيدانغا كېلىۋاتقان يېڭى ھا-
دىسىلەر — مەيلى ياخشى ياكى يامان بولسۇن، ئەسلىي
مەۋجۇت بولغان ئىجتىمائىي مەسىلىلەر تەبىئىي يوسۇندا
مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ ئىلىم ئەھلىلىرىدىن بەلگىلىك باھا،
ئىنكاس تەلەپ قىلىدۇ. ناۋادا بۇ كىشىلەردە ئومۇميۈزلۈك
سۈكۈت ھۆكۈم سۈرسە ياكى ئىنكاس قايتۇرۇش كىچىككىنە
بىر تۈركۈم ئادەملەرگىلا مەركەزلىشىپ قالسا، ئۇ ھالدا
مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ ھاياتىي كۈچى ئېغىر كېسەلگە مۇپتىلا
بولغان بولىدۇ. بۇ ماھىيەتتە جەمئىيەتتىكى ئىسلاھات روھى-
نىڭ ئۆلۈشى بولۇپ، بۇ خۇددى بەدەنگە نىسبەتەن ئىممۇنى-
تېت سىستېمىسى قانداق مۇھىم بولسا، جەمئىيەتكە نىسبەتەن-
مۇ ئىسلاھات روھى شۇنداق مۇھىمدۇر. تەنقىدلىنىشكە تې-
گىشلىك مەسىلىلەر تەنقىدلەنمىگەن، مەدھىيەگە لايىق ئىشلار
مەدھىيەلەنمىگەن، چۈشەندۈرۈش، باھاغا موھتاج يېڭى
شەيئى - ھادىسىلەر نەزەردىن ساقىت قىلىنغان جەمئىيەتنىڭ
ساغلام جەمئىيەت بولالىشى مۇمكىن ئەمەس. بۇ روھ ئىجتى-
مائىي ئورگانىزمنىڭ نورمال ئايلىنىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلى-
دىغان ئىچكى مېتابولىزمنىڭ مۇھىم ئامىلى ھېسابلىنىدۇ،
جەمئىيەتكە نىسبەتەن ئىسلاھات روھىنىڭ ئۆلۈشى، بەدەنگە
تەگكەن كېسەلنى يوق دەپ ئۆزىنى ئالداشتىن باشقا نەرسە

www.uyghurkitap.com

ئەمەس. دېمەك، ئىلىم ئىگىلىرىدىكى ئورۇنسىز سۈكۈت، مۇقەررەركى، جەمئىيەتنى يامان ئاقىۋەتكە مۇپتىلا قىلىدۇ.

مەن دەل مۇشۇ نۇقتىدىن مەزكۇر مەسىلىنى مەلۇم دەرىجىدە ھېس قىلغۇچى، ئويلانغۇچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن كارخانىچىلىرىمىز ۋە بايلىرىمىزغا ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ئېلىشقا تېگىشلىك بەزى مەسئۇلىيەتلىرىنى ئەسلىتىپ ئۆتۈشنى ئۆزۈمنىڭ بىر مەسئۇلىيىتى دەپ قارىدىم.

ئۈچىنچىدىن، كارخانىلارنىڭ نوقۇل ئىقتىسادىي قىممەت يارىتىشتىن باشقا بەزى ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەتلەرنى ئۈستىگە ئېلىشنى تەلەپ قىلىش ھازىر بىر دۇنياۋى يۈزلىنىشكە ئايلاندى. دۆلەت ھالقىغان زور گۇرۇھ ـ شىركەتلەرمۇ مەزكۇر مەسىلىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدىغان، ھەر يىلى ئۆزلىرىنىڭ ئىجتىمائىي مەسئۇلىيىتىنى قانداق ئادا قىلغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان يىللىق دوكلاتلارنى يىلدا بىر قېتىم ئېلان قىلىدىغان بولدى.

ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەتنى قانداق ئادا قىلىش شىركەتلەرنىڭ خىزمىتىنى باھالاشتىكى ئىنتايىن مۇھىم ئۆلچەمگە ئايلاندى، شۇنداقلا بىر ئورتاق تونۇش سۈپىتىدە قوبۇل قىلىندى. ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت ئۇقۇمىمۇ نوقۇل بىر تەشەببۇس ۋە ئۈمىدتىن ھازىر مەخسۇس تەتقىق قىلىنىپ، تولىمۇ ئىنچىكە، سىستېمىلىق، تەرتىپلىك جەريانغا ئايلاندى. ئىجرا تەرتىپلىرىنىڭ سىستېمىلىق ئىسخېمىلىرى ئاللىبۇرۇن مۇكەممەل شەكىللىنىپ بولدى. ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت شىركەتلەرنىڭ يېڭى تۈر ئېچىشى، سىياسەت ـ تەدبىر بەلگىلەش، مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش دېگەندەك ئومۇمىي شىركەت خىزمىتى جەريانىدىكى ئىزچىل نەزەرگە ئېلىنىدىغان بىر ئامىلغا ئايلىنىپ قالدى. ھازىر «بايلىق» (Fortune) ژۇرنىلى ھەر يىلى دۇنيادىكى 500 كۈچلۈك كارخانىنىڭ ئىچىدىكى شىركەتلەرنى ئىجتىمائىي مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلغانلىق دەرىجىسىگە ئاساسەن مەخسۇس دەرىجە تىزىملىكى ئېلان قىلىدۇ. كارخانىنىڭ ئىجتىمائىي مەسئۇلىيىتى (CSR_Corporate Social Responsibility) ئۇقۇمى مۇئەييەن نەزەرىيەۋى قۇرۇلمىنى بەرپا قىلىپ، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ «كارخانا باشقۇرۇش» دەرسلىكلىرىدىن ئورۇن ئېلىپ بولدى.

دېمەك، مانا مۇشۇنداق بىر دۇنياۋى يۈزلىنىشتىن بىزنىڭ كارخانىچىلىرىمىزمۇ خەۋەر تېپىشى، بولسا بۇ جەر-

يانغا ئاكتىپلىق بىلەن قاتنىشىشى كېرەك.

يىغىنچاقلىغاندا، مانا مۇشۇ ئوي ـ خىياللار مېنى مەزكۇر تېمىدا قەلەم تەۋرىتىشكە قىستىدى، ئاۋادا يازغانلىرىم مەلۇم كىشىلەرنىڭ بۇرچ تۇيغۇسىنى ئويغىتالىسا، ئۆز مەسئۇلىيىتى ھەققىدە ئويلاندۇرالىسا، مەن شۇنىڭدىن خۇرسەن بولىمەن.


2

تۆۋەندە بىز نۆۋەتتە كارخانا ئىلمى ساھەسىدە تەكىتلىنىۋاتقان كارخانىنىڭ ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت ئۇقۇمىنىڭ دائىرىسى، قاتلاملىرىنى قىسقىچە ئانالىز قىلىپ ئۆتىمىز. مەزكۇر ئۇقۇمنىڭ ئىلمىي ساھەدىكى تالاش ـ تارتىشلىرىنى مېنىڭچە تەپسىلىي سۆزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. بۇ يازمىمۇ بىر ئەستايىدىل ئىلمىي ماقالە ئەمەس. شۇڭا، بۇ ھەقتىكى نەزەرىيە ـ رامكىلارنىڭ ھەممىسىنى بىر ـ بىرلەپ تەپسىلىي تونۇشتۇرۇپ ئولتۇرمايمەن. پەقەت مۇشۇ ساھەدىكى بىزگە نىسبەتەن چۈشىنىش قولاي، شۇنداقلا زۆرۈر دەپ قارىغان بىر نەچچە خىل مودېلنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن.

«ھازىر كۆپرەك تىلغا ئېلىنغان ۋە كەڭرەك قوبۇل قىلىنغان كارخانا ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت ئۇقۇمى ئامېرىكا جورجىيا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى ئارچى كاررولنىڭ (Archie Karrol) «پىرامىدا» ئۇقۇمىدۇر. ئۇ مەزكۇر ئۇقۇمغا مۇنداق تەبىر بېرىدۇ: «كارخانىنىڭ ئىجتىمائىي مەسئۇلىيىتى دېگىنىمىز — مۇئەييەن مەزگىلدە، جەمئىيەتنىڭ ئىقتىساد، قانۇن، ئەخلاق، پاراۋانلىق جەھەتلەردىن كارخانىغا يۈكلىگەن ئارزۇسىدۇر».


ئۇ مۇنداق قارايدۇ: بىرىنچىدىن، ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت بولسا ئىقتىسادىي قىممەت يارىتىشنى مەقسەت قىلىپ قۇرۇلغان بۇ ئورگاننىڭ ئەڭ ماھىيەتلىك خۇسۇسىيىتى، شۇنداقلا كارخانىنىڭ ئەڭ مۇھىم مەسئۇلىيىتى، ئەمما ھەرگىزمۇ بىردىنبىر مەسئۇلىيىتى ئەمەس؛ ئىككىنچىدىن، كارخانا جەمئىيەتنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولۇش سۈپىتى بىلەن، جەمئىيەت ئۇنىڭغا مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش، سېتىش ياكى مۇلازىمەت قىلىش دېگەندەك ھوقۇقلارنى بېرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە، يەنە كارخانىنىڭ ئۆز ئىقتىسادىي نىشانىنى قانۇن رامكىسى ئىچىدە ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. دېمەك، شىركەت بەزى زۆرۈر قانۇنىي مەسئۇلىيەتلەرنى

ئۈستىگە ئالغان بولىدۇ؛ ئۇچىنچىدىن، گەرچە كارخانىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە قانۇنىي مەسئۇلىيەتلىرى بەزىبىر ئەخلاقىي مەزانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولسىمۇ، ئىجتىمائىي ئامما يەنىلا كارخانىنىڭ قانۇنغا ئايلىنىپ كەتمىگەن، ئەمما ئومۇم ئورتاق ئېتىراپ قىلغان بەزىبىر ئەخلاقىي پىرىنسىپلارغا رىئايە قىلىشنى ئۈمىد قىلىدۇ؛ تۆتىنچىدىن، جەمئىيەت ئادەتتە كارخانىدىن تىلدا ئىپادىلەپ بولۇش قىيىن بولغان بەزى ئۈمىدلەرنى كۈتىدۇ. بۇ جەھەتتىكى مەسئۇلىيەتلەرنى ئۈستىگە ئېلىش - ئالماسلىق پۈتۈنلەي كارخانىنىڭ ئۆزىنىڭ ئىختىيارلىقىدىكى ئىش ھېسابلىنىدۇ. بۇ پۈتۈنلەي ئۆزى تەشەببۇسكارلىق بىلەن خالاپ قىلىدىغان ئىشلار قاتارىغا تەۋە ھېسابلىنىدۇ. كاررول مۇنداق قارايدۇ: ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت ھەممىنىڭ ئاساسى بولۇپ، ھەممىنىڭ ئاستىدا بولىدۇ ھەمدە ئەڭ كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىدە قانۇنىي مەسئۇلىيەت، ئاندىن ئەخلاقىي مەسئۇلىيەت، ئەڭ چوققىسىدا ئىختىيارىيلىق بىلەن ئادا قىلىنىدىغان ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت تۈرۈپ بىر پىرامىدا شەكلىنى ھاسىل قىلىدۇ». بۇنىڭ ئىسخېمىسى تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ:




(«كارخانا ئىجتىمائىي مەسئۇلىيىتى — باشقۇرۇش دەرسلىكى» جۇڭگو خەلق ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2008 - يىلى 9 - ئاي 1 - نەشرى، خەنزۇچە 13 - بەت)

ئىككىنچىسى ئەنگلىيە ئالىمى جون ئېلكىڭتون (John Elkington) 1980 - يىلى ئوتتۇرىغا قويغان مودېل. مەزكۇر ئۆلچەم ھازىر بىر كارخانىنىڭ ئومۇمىي سودا پائالىيىتىنى باھالاشتىكى مۇھىم رامكىغا ئايلىنىپ قالدى. ھازىر قېلىپلاشقان CSR نىڭ ئومۇمىي قۇرۇلمىسى مۇنداق:




يەنى، كارخانا ئاۋۋال ئىقتىسادىي قىممەت يارىتىشى كېرەك، چۈنكى بۇ باشقا مەسئۇلىيەتلەرنى ئادا قىلىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. كارخانا پۇل تاپماي تۇرۇپ، باشقا مەجبۇرىيەتلىرىنى ئادا قىلالمايدۇ. ئاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ جەمئىيەت ئالدىدىكى مەجبۇرىيىتىنى ھەر خىل شەكىلدە ئادا قىلىشى كېرەك. ئاندىن كارخانا ئۆزىنىڭ مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىشتىن سېتىشقىچە بولغان ئومۇمىي پائالىيىتى جەريانىدا مۇھىتقا زىيان يەتكۈزۈشتىن ساقلىنىشى، مۇھىتنى قوغدىشى، شۇنداققلا مۇھىت ئاسراشنى كارخانا ئىستراتېگىيەسىگە كىرگۈزۈشى كېرەك.

ھازىر كارخانىلارنىڭ سودا پائالىيىتى داۋامىدا ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلغانلىقىنى باھالاشتا قوللىنىلدىغان CSR (Cooporata Social Responsibiliti) كۆرسەتكۈچى دەل كارخانىنىڭ مۇشۇ ئۈچ جەھەتتىكى ئىپادىسىنى ئاساس قىلىدۇ.

ياپونىيە تەتقىقاتچىسى چىڭچۈەن يوۋئېر بۇ ئۈچ قاتلامنى مۇنداق شەرھلەيدۇ:

«كارخانىنىڭ ئىقتىسادىي مەسئۇلىيىتى دېگىنىمىز — كارخانىنىڭ بىر تەرەپتىن قانۇن - تۈزۈمگە رىئايە قىلىپ، مەھسۇلات ۋە مۇلازىمەت ئارقىلىق قانۇنلۇق پايدىغا ئېرىششىنى كۆرسەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن خادىملارنى مۇۋاپىق ياللاش، پايدا تەقسىملەش ۋە باج تاپشۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ.

ئىجتىمائىي مەسئۇلىيىتى دېگىنىمىز بولسا، پايچى، خادىم قاتارلىق ئالاقىدار مەنپەئەتدارلارنىڭ مەنپەئەتىگە ئەھمىيەت بەرگەن - بەرمىگەنلىكىنى، خادىملىرىنى تەربىيەلگەن - تەربىيەلىمىگەنلىكىنى، جەمئىيەتكە تۆھپە قوشقان - قوشمىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.


مۇھىت بولسا، كارخانىنىڭ مۇھىتقا كۆڭۈل بۆلۈشنى سىياسىتىگە كىرگۈزگەن - كىرگۈزمىگەنلىكىنى، مەھسۇلاتنىڭ مۇھىتقا زىيانلىق ياكى ئەمەسلىكىنى، مۇھىت دوكلاتىنى ئاشكارا ئېلان قىلىشنى كۆرسىتىدۇ.»

ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «كارخانىنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە مۇھىت جەھەتتىكى بۇ ئۈچ مەسئۇلىيىتى ھەرگىزمۇ يەككە ئادا قىلىنمايدۇ. بەلكى گىرەلىشىپ كېتىدۇ، بۇ كارخانىنىڭ سىجىل تەرەققىياتىنىڭ ئاچقۇچى. بۇ جەرياندا چوقۇم پايچى، خادىملار ۋە جەمئىيەتنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىنى تېخىمۇ چىڭ باغلاپ، ئۆزئارا چۈشىنىشنى تېخىمۇ چوڭ-

قۇرلاشتۇرۇش كېرەك.»

(«جۇڭگو ئىقتىساد، نەشرىياتى ــ كارخانا ئىجتىمائىي مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش توغرىسىدا» ــ ياپونىيە چىڭچۇەن يوۋئېر. 2010 - يىلى 5 - ئاي 1 - نەشرى، خەنزۇچە 67 - بەت)

ئىقتىساد باشقۇرۇش پەنلىرى دوكتورى دەن چېڭفەن «كارخانا مەسئۇلىيىتى توغرىسىدا» دېگەن كىتابىدا كارخانىنىڭ ئىجتىمائىي مەسئۇلىيىتى توغرۇلۇق مۇنداق دەيدۇ: «كارخانىنىڭ مەسئۇلىيىتى تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا، ئادەمگە بولغان مەسئۇلىيەت بولۇپ، ئاساسلىقى مۇنۇ ئۈچ تەرەپتە ئىپادىلىنىدۇ: (1) كارخانىنىڭ ئۆز ئىچىدىكى خادىملىرىغا بولغان مەسئۇلىيىتى. (2) كارخانىنىڭ ئىستېمالچىلارغا ياكى مۇلازىمەت ئوبيېكتلىرىغا بولغان مەسئۇلىيىتى. (3) كارخانىنىڭ باشقا جەمئىيەت ئەزالىرىغا بولغان مەسئۇلىيىتى، يەنى ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئىشلىرىغا قوشقان تۆھپىلىرىدە ئىپادىلىنىدۇ».




(«كارخانىنىڭ مەسئۇلىيىتى، توغرىسىدا» جۇڭگو بازار نەشرىياتى، 2009 - يىلى 7 - ئاي 1 - نەشرى، خەنزۇچە 84 - 85 - بەتلەر.) بۇ ئىسخېمىنى مۇنداق شەرھلەشكە بولىدۇ:

كارخانا ئەڭ ئاۋۋال ئۆزىنىڭ خىزمەتچى خادىملىرى ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشى كېرەك. بۇ مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلماي تۇرۇپ، ئىستېمالچى ۋە باشقا جەمئىيەت ئەزالىرى ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشى مۇۋاپىق ئەمەس. چۈنكى خادىملار كارخانىنىڭ بىر تەركىبى كارخانىنىڭ قىممىتىنى ھەقىقىي ياراتقۇچىلار، شۇڭلاشقا ئەڭ ئاۋۋال شۇلارغا كۆڭۈل بۆلۈشى كېرەك. ئاندىن ئىستېمالچىلار، كارخانا ئۆزىنىڭ ئىستېمالچىلىرىغا ياخشى، سۈپەتلىك مەھسۇلات، ئەلا مۇلازىمەت تەمىنلىشى، ئۇلارغا سەممىي مۇئامىلە قىلىشى، ئالدىماسلىقى كېرەك. چۈنكى، ھەرقانداق كارخانا ئەنە شۇ ئىستېمالچىلار تۈپەيلى تايىنىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ مەسئۇلىيەتلەرنى لايىقىدا ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن، نۆۋەت ئاخىرىدا باشقا جەمئىيەت ئەزالىرىغا كېلىدۇ. يەنى، كارخانا نورمال سودىسىغا تەسىر يەتمىگەن ئەھۋالدا، جەمئىيەتنىڭ باشقا پاراۋانلىق ئىشلىرىغا خالىس تۆھپە قوشسا بولىدۇ.

مۇناسىۋەتلىك كىتابلاردا بۇ ھەقتىكى نەزەرىيەرامكىلار تولىمۇ كۆپ، شۇنداقتىمۇ مېنىڭچە يۇقىرىقى ئىسخېمىلارمۇ بىزگە كارخانىنىڭ مەسئۇلىيەت ئۇقۇمىنىڭ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان دائىرە - قاتلاملىرىنى خېلى چۈشىنىشلىك كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ، مەيلى بىز مەزكۇر ئۇقۇمنى قايسى نۇقتىدىن تۇرۇپ ئايرىمايلى، يەنىلا بىر - بىرى بىلەن زىچ باغلىنىپ گىرەلىشىپ كېتىدۇ. مەسىلەن: ئەخلاقىي مەسئۇلىيەت دېسەك، بۇ ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت قاتلىمىدىمۇ، شۇنداقلا خادىملار ۋە ئىستېمالچىلارغا نىسبەتەن ئادا قىلىنىدىغان مەسئۇلىيەت قاتلىمىدىمۇ تېپىلىدۇ، بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى بىر - بىرىنى چەتكە قاقمايدۇ، بەلكى ھەممە قاتلام - دەرىجىلەر بىر - بىرى بىلەن ئورگانىك ئىچكى يۇتۇنلۇككە ئىگە.

يۇقىرىقىلارنى خۇلاسە قىلغاندا:

كارخانا ئومۇمەن ئېيتقاندا، تۆۋەندىكى ئادەملەر ئالدىدا ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىدۇ،

1) پايچىلار
2) خادىملار
3) ئىستېمالچىلار
4) جەمئىيەت ئەزالىرى

بۇلار كارخانىنىڭ مەسئۇلىيەت ئوبيېكتىنى تەشكىل قىلىدۇ، ئاندىن كارخانا مانا مۇشۇ ئوبيېكتلارغا بولغان مەسئۇلىيىتىنى تۆۋەندىكى ساھەلەر بويىچە ئادا قىلىدۇ.

1) ئىقتىسادىي جەھەتتە
2) مۇھىت جەھەتتە
3) ئىجتىمائىي جەھەتتە

ئاندىن ھەممە ساھەدىكى مەسئۇلىيەتنىڭ قانۇنىي ۋە ئەخلاقىي كاتېگورىيەسى بولىدۇ، ئادا قىلىنىش دەرىجىسى مۇنداق بولىدۇ.

1) زۆرۈر مەسئۇلىيەتلەر (چوقۇم ئادا قىلىنىدىغان)
2) تېگىشلىك مەسئۇلىيەتلەر
3) خالىس مەسئۇلىيەتلەر

دېمەك، كارخانىنىڭ ئىجتىمائىي مەسئۇلىيىتىنى مەسئۇلىيەت ئوبيېكتى، ساھەسى ۋە ئادا قىلىش دەرىجىسى جەھەتلەردىن يۇقىرىقىدەك بۆلۈشكە بولىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇلارنىڭ

ھەممىسىنى يەنە ئۆز ئىچىدىن تېخىمۇ كىچىك، ئىنچىكە تۈرلەرگە بۆلۈش تامامەن مۇمكىن.

تۆۋەندە مەن پەقەت كارخانىنىڭ ئۆز مەسئۇلىيەت ئوبيېكتلىرىغا ئادا قىلىشقا تېگىشلىك بولغان مەسئۇلىيەتلىرىنى دائىرە ـ قاتلاملىرىنى بايان قىلىپ چىقىمەن. مۇشۇلارنى بايان قىلىش داۋامىدا، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ساھەلەر ۋە دەرىجىلەرگە تەۋە مەسئۇلىيەتلەرمۇ تەبىئىي تىلغا ئېلىنىدۇ.

* * *

كارخانىنىڭ پايچىلار، خادىملار، ئىستېمالچىلار ۋە جەمئىيەت ئەزالىرىغا بولغان مەسئۇلىيىتى يۇقىرىقى ھەممە ساھەگە چېتىلىدۇ. ھەر بىر ساھەدە قانۇنىي مەسئۇلىيىتىمۇ، ئەخلاقىي مەسئۇلىيىتىمۇ بار، ئادا قىلىش زۆرۈر بولغان، شۇنداقلا خالىس ئادا قىلىنىدىغان مەجبۇرىيەتلىرىمۇ بار. مەن بۇلارنى بايان قىلغاندا ئومۇملاشتۇرۇپ سۆزلەيمەن. شۇنداقلا مۇشۇ ساھەلەردە ئۇيغۇر كارخانىلىرىدا مەن ساقلىنىۋاتىدۇ دەپ قارىغان بەزى مەسىلىلەرنى قىسقىچە مۇلاھىزە قىلىپ ئۆتىمەن.

1. پايچىلارغا بولغان مەسئۇلىيىتى

پايچىلارغا بولغان مەسئۇلىيەت ماھىيەتتە باشقا ئوبيېكتلارغا بولغان مەسئۇلىيەتنىڭ ئالدىنقى شەرتى ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، دەسلەپتە پايچىلارنىڭ مەنپەئەتى كاپالەتكە ئىگە بولماي تۇرۇپ، باشقا مەسئۇلىيەتلەرنى ئادا قىلىشتىن سۆز ئېچىش تەس. شىركەتنىڭ قۇرۇلۇشىدىكى ئەڭ باش مەقسەت پايچىلارغا پايدا يارىتىشتۇر. ئۇلار شىركەتنىڭ قۇرغۇچىلىرى، مەبلەغ سالغۇچىلىرى، ئۇنداق بولغانىكەن، پايچىلارنىڭ پايدىسىنى زورايتىش كارخانىنىڭ باش نىشانى بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە، پايچىلارنىڭ پايدىسىنىڭ زورايغانلىقى كارخانىنىڭ تەرەققىي قىلغانلىقى ھېسابلىنىدۇ. شۇنداق بولغاندا باشقا مەسئۇلىيەتلەرنى ئادا قىلىشنىڭ ماددىي ئىمكانىيىتى تۇغۇلىدۇ.

مېنىڭچە كارخانىنىڭ پايچىلار ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتى تۆۋەندىكى بىر قانچە نۇقتىلاردا بەكرەك گەۋدىلىنىشى مۇمكىن.

(1) پايدا ئېلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش.

قارىماققا بىر كارخانا ئۈچۈن پۇل تېپىشنىڭ، پايدا ئېلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلەش بەكلا ئارتۇقچە بىلىنىدۇ. ئەمما ئەمەلىي خىزمەت داۋامىدا، پايچىلارنىڭ سايلىشى ياكى بېكىتىشى بىلەن ئۇلارغا ۋاكالىتەن كارخانىنىڭ خىزمىتىنى قىلىۋاتقانلاردا ھەر خىل خاتالىقلار يۈز بېرىدۇ. بەزىسى سەۋەنلىكتىن، ھەتتا بەزىسى قەستەنلىكتىن سادىر بولىدۇ. يەنە بەزىسى سەل قاراشتىن سادىر بولىدۇ. بەزى خاتالىقلار، ئىستراتېگىيە، تاكتىكا بەلگىلەشتە يۈز بەرسە، يەنە بەزىلىرى مۇشۇلارنى ئەمەلىي ئىجرا قىلىش ھالقىلىرىدا يۈز بېرىدۇ. بۇ خىل خاتالىقلارنىڭ بەزىسىنى قوبۇل قىلغىلى، بەزىسىنى قوبۇل قىلغىلى بولمايدۇ. قوبۇل قىلغىلى بولمايدىغانلىرى دەل مەسئۇلىيەتسىزلىك سادىر قىلغانلىرى ھېسابلىنىدۇ.

خاتالىقلار، بار ئىمكانىيەت ئىچىدىكى تىرىشچانلىقنى كۆرسەتمەي سادىر بولسا، بۇنى قوبۇل قىلىشقا بولمايدۇ. مەسىلەن:

مەلۇم ئىستراتېگىيە بەلگىلەندى دېسەك، بۇنى بەلگىلەش جەريانى زۆرۈر بولغان قەدەم ـ باسقۇچلارنى بېسىپ ئۆتمەي، (ئالايلۇق: بازار تەكشۈرۈلمەي، خامچوت چىقىرىلماي، مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلار چىقىرىلماي... دېگەندەك زۆرۈر خىزمەتلەر ئىشلەنمەي) يەڭگىللىك بىلەن چىقىرىۋېتىلسا؛ ئىجرا داۋامىدا تامامەن ساقلىنىش مۇمكىن بولغان خاتالىقلار تەكرار سادىر بولسا، بۇنداق خاتالىقنى قوبۇل قىلغىلى بولمايدۇ. خاتالىق سادىر قىلغۇچى بۇنىڭغا مەسئۇل بولىدۇ. ئەگەر ئىستراتېگىيە، تاكتىكا خاتا بېكىتىلىپ قالغان بولسىمۇ، (بۇنداق خاتالىقتىن مۇتلەق ساقلىنىش ئاساسەن مۇمكىن ئەمەس) ئىجرا داۋامىدا ئىمكانىيەت ئىچىدىكى بارلىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىلگەن بولسا، بۇ خىل خاتالىقلارنى قوبۇل قىلىشقا تامامەن بولىدۇ.

قىسقىسى، ھېچكىم سودىدا مۇتلەق خاتالاشماسلىققا، ئىنچىل پايدىلا ئېلىپ، زىيان تارتماسلىققا كاپالەتلىك قىلالمايدۇ، بۇنى پايچىلارمۇ چۈشىنىدۇ. ئەمما تىرىشىشقا كاپالەتلىك قىلالايدۇ. تىرىشىپ تۇرۇپمۇ زىيان كۆرۈلسە، قەستەن خاتالىق سادىر قىلمىسا، مېنىڭچە بۇنى مەسئۇلىيەتسىزلىك دېگىلى بولمايدۇ.

(2) خىيانەت قىلماسلىق، ھېساباتنى ئېنىق، سۈزۈك قىلىش.

خىيانەت قىلىشمۇ قارىماققا تەكىتلەش زۆرۈرىيىتى يوق مەسىلىدەك بىلىنىدۇ، ئەمما سودا ئەمەلىيىتى داۋامىدا بۇ خىل ئەھۋال بەكلا تولا كۆرۈلىدۇ. بۇ خىيانەتلەرنىڭ بەزىسى قەستەن، بەزىسى سەۋەنلىك بىلەن بولىدۇ. ئىككىسىنىڭ

www.uyghurkitap.com

قەبىھلىك دەرىجىسى زور دەرىجىدە پەرقلەنسىمۇ، ئەمما نەتىجە ئېتىبارى نۇقتىسىدىن، ھەر ئىككىلىسىنى قوبۇل قىلغىلى بولمايدۇ. مەنپەئەت، بايلىق ئالدىدا يەنە كېلىپ پۇرسەتمۇ تۇغۇلۇپ قالغاندا، خىيانەت سومىسى ئالاھىدە زور بولغاندا، نۇرغۇنلىغان كىشىلەر بۇنىڭ ئېزىقتۇرۇشىغا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ.

شۇڭلاشقا مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ھېساباتنى ئېنىق، سۈزۈك قىلىش، ۋاقتى قەرەلىدە پايچىلارغا كارخانىنىڭ مالىيە ئەھۋالىنى دوكلات قىلىپ تۇرۇش مەسئۇلىيىتى بار. بۇنىڭ ئەنە شۇنداق خىيانەتلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا، شۇنداقلا كارخانىنىڭ خىزمىتىنىڭ تېخىمۇ راۋان، ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا ئالاھىدە پايدىسى بار.

شۇنى قىستۇرۇپ ئۆتۈشۈم زۆرۈركى، مەن ئۆزۈم تەكشۈرگەن، كۆرگەن ئەمەلىيەتكە ئاساسلانغاندا، خېلila كۆپ ساندىكى ئۇيغۇر شىركەتلىرىدە رەسمىي، ئۆلچەملىك مالىيە تۈزۈمى شەكىللەنمىگەن، ھەتتا مالىيەنىمۇ كەسپىي ئادەملەر تۇتمىغان، پايچىلار خالىغاندا كېلىپ ھېسابنى كۆرەلمەيدۇ ياكى كۆرەي دېسىمۇ، ۋاقتى-ۋاقتىدا تەييار قىلىپ تۇرۇلغان ھېسابات يوق بولسىمۇ، خىلمۇخىل سەۋەبلەر بىلەن سۈزۈك قىلىنمىغان. بۇ خىل ئوچۇق بولمىغان ھېسابات تۈپەيلىدىن ئوڭۇشسىزلىقتا، كۆڭۈلسىزلىككە ئۇچرىغان ئۇيغۇر كارخانىلىرى ئاز ئەمەس.

يەنە بىر قەدەر ئومۇملاشقان مەسىلە شۇكى، ياخشى كۆڭۈلنى ھېسابات قىلماسلىقنىڭ دەسمايىسى قىلىۋېلىش. مەيلى كۆڭلىمىز قانچىلىك ئاق، ئۆزئارا قانچىلىك ئىشەنچلىك بولۇپ كېتەيلى، بىر شىركەتنىڭ مالىيە قائىدىسى دۆلەتنىڭ قانۇنىدەك مۇقەددەس ھېسابلىنىدۇ. شۇڭلاشقا مەن كارخانا رەھبەرلىكىنىڭ ھېساباتنى ئۆلچەملىك مالىيە قائىدىسى بويىچە تۇتۇش مەجبۇرىيىتى بار دەپ قارايمەن. بۇ پايچىلارغىمۇ، كارخانىنىڭ خىزمىتىگىمۇ پايدىلىق. ئەگەر ھېساب ئەنە شۇنداق قالايمىقان، رەتسىز بولسا، شىركەت بىلەن پايچىلار ئوتتۇرىسىدا ئېغىر زىددىيەت تۇغۇلىدۇ. ھەتتا ئېغىر بولغاندا شىركەت ۋەيران بولۇشى، پارچىلىنىشى مۇمكىن، ئۇنىڭدىن باشقا پايچىلارنىڭ يەنە يېڭى تۈرگە مەبلەغ سېلىشى، باشقىلار بىلەن ھەمكارلىشىپ سودا قىلىشىغىمۇ ئېغىر زەربىگە ئۇچرايدۇ.

(3) ئەھدى - توختاملارغا رىئايە قىلىش.

ئەگەر كارخانا پاي ھەسسىدارلىق كارخانىسى بولسا، كارخانا بىلەن پايچىلار ئارىسىدا، ئۆزئارا كېلىشىپ تۈزۈلگەن بىر يۈرۈش ھوقۇق - مەجبۇرىيەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان كېلىشىم بولىدۇ. مەزكۇر كېلىشىم مۇناسىۋەتلىك تەرەپلەر ئارىسىدىكى تالاش - تارتىشلارنى ھەل قىلىدىغان، ھوقۇق - مەجبۇرىيەتلەرنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان ئاساسىي قانۇن ھېسابلىنىدۇ. كارخانا رەھبەرلىكى چوقۇم مۇشۇ كېلىشىملەرگە رىئايە قىلىپ پايچىلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىگە ھەقىقىي تۈردە كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

مەن كۆرگەن كۆپ ساندىكى ئۇيغۇر شىركەتلىرىدە پايچىلار بىلەن شىركەت ئارىسىدا بولىدىغان بۇنداق كېلىشىم تۈزۈلمىگەن، تۈزۈلگەنلىرىمۇ ئەتراپلىق ئەمەس. بەزىلىرىدە پايچىلار كارخانىنىڭ سىياسەت بەلگىلەش جەريانىنىڭ پۈتۈنلەي سىرتىدا قالدۇرۇلغان، بەزىلىرىدە پايچىلار خالىغانچە بۇ جەريانغا ئارىلىشىپ، نورمال باشقۇرۇش خىزمىتىگە كاشىلا پەيدا قىلغان، بۇمۇ كارخانا چوقۇم ئويلىشىدىغان ئىشلارنىڭ بىرى. تۈزۈلگەن ئەھدىگە ئەمەل قىلىش سودىدىكى ئەڭ ئەقەللىي ئەخلاق ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ سودا ئىدىيەسىنىڭ يادروسىنى شەكىللەندۈرگەن ئىسلام دىنىدىمۇ، ئەھدىسىدە تۇرماسلىق ئېغىر گۇناھ ھېسابلىنىدۇ.

(4) پايچىلارنى تەربىيەلەش

مېنىڭچە كارخانا يەنە مەبلەغ سالغۇچىلارنى مەبلەغ سېلىش ۋە ئىقتىسادىي بىلىملەر جەھەتتىن تەربىيەلىشى كېرەك. ئەلۋەتتە بۇ كارخانا قىلمىسا ئەيىبلىنىدىغان ئىش ئەمەس، ئەمما تولىمۇ ئەھمىيىتى زور ئىش. ئۇيغۇرلارنىڭ سودا ئەمەلىيىتىدە، ئەنئەنىۋى سودا ئارقىلىق پۇل تېپىپ، مەلۇم بىر يەر تۇر، كارخانىغا مەبلەغ سالغانلارنىڭ كۆپىنچىسى كارخانا باشقۇرۇش، مەبلەغ سېلىش دېگەندەك ئىقتىساد پەنلىرىدە ئوقۇمىغان، بۇ بىزنىڭ پۇلدارلىرىمىزنى قولىدىكى مەبلەغدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشتىن توسۇپ تۇرغان ئامىللارنىڭ بىرى. شۇڭلاشقا ناۋادا كارخانىنىڭ قولىدىن كەلسە، ھەر خىل ئۇسۇللار — مەسىلەن: دەرس ئۆتۈش، لېكسىيە تەشكىللەش، ئېكسكۇرسىيەگە ئۇيۇشتۇرۇش — بىلەن ئۇلارنىڭ كاللىسىنى ئېچىش، زامانغا خاس سودا، مەبلەغ سېلىش ئېڭىنى يېتىلدۈرۈش بەكلا ياخشى ئىش ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭ شىركەتنىڭ ئۆزىگىمۇ، شۇنداقلا مەبلەغ سالغۇچىلارغىمۇ ئالاھىدە پايدىسى بار.

تەييار مەبلەغنىڭ بىكار تۇرۇشى، ئۇنىڭدىن يا ئۆز ئىگىسىنىڭ، يا باشقىلارنىڭ پايدىلىنالماسلىقى بىر ساغلام ھالەت ئەمەس، مىللىي ئىقتىساد ئاساسىنىڭ شەكىللىنىشىدە، بايلارنىڭ قولىدىكى مەبلەغدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، ھەر خىل تۈرلەرنى ئېچىش، كېڭەيتىشنىڭ پايدىسى ئىنتايىن زور. بۇنىڭدىن نۇرغۇن خىزمەت ئورنى يارىتىلىدۇ. بازار جانلىنىدۇ، ئۆزىمىزگە خاس پۇل مۇئامىلە قۇرۇلمىسىنىڭ شەكىللىنىش مۇمكىنچىلىكى تۇغۇلىدۇ.

**2. خادىملارغا بولغان مەسئۇلىيىتى.**

كارخانىنىڭ خادىملىرىغا بولغان مەسئۇلىيىتى كارخانىنىڭ ھايات ـ ماماتىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان يەنە بىر مۇھىم مەسئۇلىيەت، چۈنكى تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا، خادىملار كارخانىنىڭ ھەقىقىي مەنىدىكى بايلىقى ھېسابلىنىدۇ. مەزكۇر مەسئۇلىيەت تۆۋەندىكى بىر نەچچە جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ.

1) تەمىنات ـ پاراۋانلىق

شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئادەملەرنىڭ مەلۇم شىركەتتە ئىشلەش قارارىغا، ئۇلار تەمىنلىنىدىغان ئىقتىسادىي تەمىنات ئەڭ زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. كۆپ قىسىم ئەھۋالدا مائاشنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكى ئەڭ باشتا ئويلىشىلىدىغان ئامىل ھېسابلىنىدۇ، شۇڭلاشقا كارخانا خادىملار ئالدىدا مەيلى قانۇنىي نۇقتىدىن، مەيلى ئەخلاقىي نۇقتىدىن، چوقۇم بەلگىلىك مەسئۇلىيەتلەرنى ئۈستىگە ئالغان بولىدۇ. بۇ مەسئۇلىيەتنىڭ ئادا قىلىنىش ـ قىلىنماسلىقى، كارخانا بىلەن خادىملارنىڭ مۇناسىۋىتىنى نورمال ساقلاشتىكى ھالقا ھېسابلىنىدۇ. خادىملار كارخانىنىڭ تەلىپى بويىچە ئەمگەك قىلىدۇ، قىممەت يارىتىدۇ. كارخانا خادىملارنىڭ ياراتقان قىممىتىگە ئاساسەن مۇئەييەن مىقداردا مائاش ـ ئىش ھەققى بېرىدۇ. بۇ دۇنيادىكى ھەممە ئادەم قوبۇل قىلىدىغان ئەڭ ئەقەللىي قائىدە. گەرچە بۇ مانا مۇشۇنداق ئەقەللىي قائىدە بولسىمۇ، ئەمەلىيەت داۋامىدا مەسئۇلىيەتسىزلىك يەنىلا يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. ئەلۋەتتە بۇنداق مەسئۇلىيەتسىزلىك بەزىدە ئىككىلا تەرەپتىن سادىر بولىدۇ. ئەمما تۆۋەندە بىز ئۆزىمىزنىڭ تېمىسى بولغان كارخانىلاردىكى مەسئۇلىيەتسىزلىك ھەققىدىلا توختىلىمىز.

(1) بەرگەن مائاش، ياراتقان قىممەتكە لايىق بولماسلىق.

بۇنداق نالايىق تەقسىمات ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىرسى مائاش ياراتقان قىممەتتىن تۆۋەن بولۇپ قېلىش، يەنە بىرى بولسا يۇقىرى بولۇپ قېلىش.

ئادەتتە خادىملارنىڭ مائاشىنىڭ بېكىتىلىشى بەك كۆپ مەسىلىلەرگە چېتىلىدۇ، كارخانىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى، جەمئىيەتنىڭ ئىستېمال سەۋىيەسى، مال باھاسى، خادىملارنىڭ ئىقتىدارى... قاتارلىق ئامىللار مائاشنىڭ مىقدارىنى بەلگىلەشكە تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭلاشقا مائاشنىڭ ئادىللىقىنى بەلگىلەشنىڭ ئۆلچىمى بىر قەدەر مۇرەككەپ، مۇتلەق ئادىل بولغان مىزان بېكىتىپ چىقىش بەكلا قىيىن، خادىمغا نىسبەتەن ئاز بىلىنگەن مائاش، كارخانىغا نىسبەتەن كۆپ بىلىنىشى مۇمكىن. بۇنىڭدا ئۆزئارا مەلۇم شەرتلەر بويىچە كېلىشىپ، ئۆزئارا رازىلىق ئاساسىدا مائاش بېكىتىلىدۇ. مېنىڭچە ياراتقان قىممەت بىلەن مائاشنىڭ ماس بولۇشى بىر قەدەر ئومۇمىيراق ئۆلچەم بولۇپ، بۇ مائاشتىكى ئادىلسىزلىقنى بىر قەدەر توغرىراق چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ. مەن يۇقىرىدا قەيت قىلغاندەك، بىرىنچى خىل ھالەتتە مائاش ياراتقان قىممەتتىن كۆرۈنەرلىك تۆۋەن بوپقالىدۇ. بۇ مەلۇم خادىمنىڭ كارخانىغا يارىتىپ بېرىدىغان قىممىتى ناھايىتى كۆپ بولسىمۇ، مائاشنىڭ تولىمۇ ئاز بولۇپ قېلىشىنى كۆرسىتىدۇ. ئىككىنچى خىل ئەھۋالدا دەل بۇنىڭ ئەكسىچە، ياراتقان قىممىتى ئاز بولسىمۇ، مائاش يۇقىرى بوپقالىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا مائاش ئالغۇچى بۇنىڭدىن خۇش بولۇۋەرسىمۇ، ئەمما بۇ باشقا خادىملارغا نىسبەتەن ئادىلسىزلىق ھېسابلىنىدۇ.

(2) ھەرخىل باھانە ـ سەۋەبلەر بىلەن مائاشنى تۇتۇۋېلىش ۋە ۋاقتىدا بەرمەسلىك.

بۇمۇ نۇرغۇن شىركەت ـ كارخانىلاردا كۆپ كۆرۈلىدىغان ھادىسىلەرنىڭ بىرى. بەزىدە كارخانىلارنىڭ مەلۇم سەۋەنلىك، خاتالىقتا باغلىغان جەرىمانىسىنىڭ مىقدارى زىيادە كۆپ بولۇپ كېتىدۇ. يەنە بەزىدە كارخانا خادىملارغا نىسبەتەن تولۇق رىئايە قىلىپ بولۇش بەك قىيىن بولغان تۈزۈم ـ بەلگىلىمىلەرنى چىقىرىش ئارقىلىق تۇتۇۋالىدۇ. ئادەتتە، خادىملارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ خىزمەت تۈزۈمىنى بېكىتىش ھوقۇقى بولمايدۇ. كارخانىنىڭ تۈزۈمى قانداق بولسا، شۇنداق بويسۇنۇشقا مەجبۇر. ياللانغۇچىنىڭ سۆز ھوقۇقى ئانچە پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ. بۇنداق قىلمىشمۇ ئېغىرراق بولغاندا قانۇنسىز قىلمىش، يەڭگىل بولغاندىمۇ ئەخلاقسىز قىلمىش ھې-

سابلىنىدۇ. بىزنىڭ مەدەنىيىتىمىزدىمۇ ئىشلىگۈچىنىڭ ئىش ھەققىگە خىيانەت قىلماسلىق، ئىش ھەققىنى ۋاقتىدا بېرىۋېتىش ئىنتايىن مۇھىم ئەقىدىۋى مىزانغا ئايلانغان. شۇڭلاشقا كارخانىلار مۇنداق ئىشلاردىن چوقۇم ساقلىنىشى كېرەك.

شۇنى قىستۇرۇش زۆرۈركى، مائاش تەمىناتىنىڭ ھەممىسى ئەمەس، بەلكى بىر قىسمى. بۇ يەردە يەنە كارخانىلار ئۆزلۈكىدىن خادىملار ئۈچۈن، مائاشتىن باشقىمۇ مۇكاپات ۋە پاراۋانلىق پائالىيەتلىرىنى قىلىپ بېرىدۇ. بۇ جەھەتتىكى مەسئۇلىيەت ئەخلاقىي مەسئۇلىيەت بولۇپ، ئادا قىلمىسا قانۇنىي جەھەتتىن سۈرۈشتە قىلىنمايدۇ، ئەمما ئەخلاقىي جەھەتتىن تەشەببۇس - تەرغىب قىلىنىدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، خادىملارنىڭ ئۆزىگە ھەققىي كۆڭۈل بۆلۈش، كارخانىلارنىڭ ئۈستىگە ئېلىشقا تېگىشلىك مۇھىم ئەخلاقىي مەسئۇلىيىتى ھېسابلىنىدۇ. مۇمكىن بولسا خادىملارنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر قىيىنچىلىققا ئۇچرىغاندا ئاز - تولا ياردەم قىلالىسا، ئىزچىل كۆڭۈل بۆلەلىسە، تېخىمۇ ياخشى. بۇنىڭ خادىملارغىلا ئەمەس، تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا، كارخانىنىڭ ئۆزىگە ئالاھىدە پايدىلىق، خادىملار بۇنداقتا كارخانىنى نوقۇل، خىزمەت ئورنى دەپلا ئەمەس، ئۆز ئائىلىسى دەپ قاراپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن كۆيۈنىدۇ، مانا مۇشۇنداق كارخانىلاردىلا ھەققىي ئۈمىد بار.

(3) ئۆزئارا تۈزۈشكەن توختامغا رىئايە قىلىپ، خادىملارنىڭ بەلگىلەنگەن ھوقۇق - مەجبۇرىيەتلىرىنى ئادا قىلىش، بەھرىمەن بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم.

ئاۋۋال كارخانىلار بىلەن خادىملار ئارىسىدا بىر ياللاش - ياللىنىش توختامى بولۇشى كېرەك. گەرچە بۇ تولىمۇ ئەقەللىي بىر ساۋات بولسىمۇ، بىزدە بۇنداق يازمىچە توختاملىشىش تولۇق ئومۇملاشمىغان. خېلى كۆپ ساندىكى ئادەملەر غوجايىنلارنىڭ ئاغزاكى ۋەدىسى بىلەنلا ئىشقا چۈشىدۇ. ئەمما نۇرغۇن ئەمەلىي مىساللار بۇنداق ئېغىزدىكى گەپكە ئاساسەنلا ياللىنىشنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ ھەر ئىككىلا تەرەپكە زىيان، كۆڭۈلسىزلىك ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى، بۇ ھەقتە ئاچچىق يۇتقانلار ئاز ئەمەس.

يازمىچە توختام تۈزۈلگەندىن كېيىنمۇ، ھەر خىل باھانە - سەۋەبلەر بىلەن توختامدا بەلگىلەنگەن ئەھدىگە رىئايە قىلماي، خادىملارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتىگە ھۆرمەت قىلمايدىغان ئىشلارمۇ كۆپ يۈز بېرىدۇ. ھەققىي قانۇنىي كاپالەتكە ئىگە بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا، بۇنداق توختامنى كۆزگە ئىلماسلىققا يوچۇق بار. يەنە كېلىپ خادىملارمۇ خىزمەتتىن ئايرىلىپ قېلىشتىن قورققاچقا، كارخانا توختامغا رىئايە قىلماي، ئەھدىلىشىپ بولغان ھوقۇق - مەنپەئەتلىرىگە چېقىلسىمۇ، دەردىنى ئىچىگە يۇتۇشقا مەجبۇر.

ئۇيغۇرلارنىڭ سودا قارىشىدا ۋەدە تولىمۇ مۇقەددەس ھېسابلىنىدۇ. ۋەدىگە ۋاپا قىلماسلىقنىڭ ئومۇملىشىشى ماھىيەتتە، جەمئىيەتتە ئۆزئارا ئىشەنچنىڭ سۇسلىشى بولۇپ، بۇ مىللەتنىڭ ئىقتىسادىغىلا ئەمەس، ئىجتىمائىي ئۇيۇشۇش كۈچىگىمۇ ئىنتايىن زىيانلىق، ئىشەنچ تەۋرەپ كەتكەن جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىمۇ توسالغۇغا ئۇچرايدۇ. ئىشەنچ بىلەن ئىقتىسادىي ئۈنۈمنىڭ ئوڭ تاناسىپ مۇناسىۋەتتە ئىكەنلىكىنى دەلىللەپ يېزىلغان تەتقىقات ئەسەرلىرىمۇ ئاز ئەمەس.

2) پۇرسەت تەمىنلەپ بېرىش.

بۇ مۇنداق ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بىرىنچىسى، كارخانا خادىملارغا ئۆسۈش، ئۆرلەش پۇرسىتى يارىتىپ بېرىشى لازىم. مەلۇمكى ھەر قانداق ئادەم ئۆزىنىڭ كەلگۈسى تۇرمۇشى ھەققىدە مۇستەقىل ئويلىنىدۇ، پىلان تۈزىدۇ. ھازىرقى ئەھۋالنى تېخىمۇ ياخشىلاشنى، ئۆزگەرتىشنى ئويلاپ تۇرىدۇ. ھازىرقى خىزمەت ئورنى ئۇنىڭ كەلگۈسى ھەققىدىكى پىلان ئويلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا پايدىسى بولمىسا، ئۇنى ئۆزگەرتىشنى ئويلىشىدۇ، تەمىناتى، خىزمەت شارائىتى تېخىمۇ ياخشى، ئۆز ئىستىقبالىنى تاپالايدىغان خىزمەت ئورنىنى ئىزدەيدۇ.

بىزنىڭ خېلى كۆپ ساندىكى كارخانا غوجايىنلىرى خادىملارنىڭ بۇ خىل ئارزۇسىنى چۈشەنمەيدۇ ۋە ئانچە ئېتىبارىغا ئېلىپ كەتمەيدۇ. بەلكى خادىملارنىڭ تەلىپى بەكلا ئارتۇقچە، كارخانىنىڭ قىلىپ بەرگىنى تولىمۇ يېتەرلىكتەك، مائاش بەرسىلا ھەممە ئېھتىياجى ھەل بولۇپ كېتىدىغاندەك ئويلايدۇ. باشقا ئورۇنغا كەتكەنلەرنى ياكى شۇنداق ئارزۇدا بولغانلارنى تۇزكورلۇق، ۋاپاسىزلىق بىلەن ئەيىبلەيدۇ. ئەمما ئەھۋال ئۇنداق ئەمەس، ئادەم ماددىي ۋە مەنىۋى قۇرۇلمىدىن تەركىب تاپقان بىر مۇرەككەپ گەۋدە بولغاچقا، ئادەمنىڭ تاللىشى مانا مۇشۇ ئىككىلا خىل ئېھتىياجنى چىقىش قىلىدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، كارخانىمۇ خادىملارنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجىنى نەزەرگە ئېلىپ، كارخانىدا خادىملارنىڭ

ئورنىنى ئېلاستىك قۇرۇلمىغا ئىگە قىلسا، بۇنداق قۇرۇلمىدا خادىملار ئۆزىنىڭ خىزمەت ئىپادىسى قىممىتىگە ئاساسەن تەمىنات جەھەتتىلا ئەمەس، ئورۇن، ھوقۇق جەھەتلەردىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلسە، بۇنىڭ كارخانىغىمۇ، خادىملارنىڭ ئۆزىگىمۇ ئالاھىدە زور پايدىسى بولىدۇ. كارخانىنىڭ ھەقىقىي تەرەققىياتى تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا، خادىملارنىڭ ئۆزى ئۈچۈن ئىشلەش داۋامىدا كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرى ئاساسىدا ئىشقا ئاشىدۇ.

ئەگەر كارخانىدا بۇنداق ھەرىكەتچان، ئېلاستىك قۇرۇلما بولمىسا، خادىملار بىر ئورۇنغا مىخلىنىپ تۇرۇۋەرسە، ئۆزىنىڭ كەلگۈسىنى ئىشلەۋاتقان كارخانا بىلەن باغلىيالمىسا، ھەرقانداق خادىم بۇنداق كارخانىنى ئۆزىگە پەقەت ۋاقىتلىق ئۆتەڭ دەپ قارايدۇ. خادىملىرىغا بۇنداق ئۈمىد بېغىشلىيالمىغان كارخانىمۇ ئوخشاشلا ئىچكى زىددىيەتكە پاتىدۇ. جەمئىيەتشۇناس ماكس ۋېبىر، دارىنفروفلارنىڭ مۇنۇ قارىشى بۇ خىل ھالەتنى ئوبدان چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ. ماكس ۋېبىر مۇنداق دەيدۇ: «ئىجتىمائىي ئورنى تۆۋەن ئادەملەرنىڭ يۇقىرى ئىجتىمائىي ئورۇنغا ئۆرلەش پۇرستى بولمىسا ياكى ئاز بولسا، ئۇ ئادەملەرنىڭ ئارىسىدا نارازىلىق شەكىللىنىدۇ ۋە كونترول قىلىش قىيىن ھالەتكە يېتىدۇ، ئاخىرىدا ئۇلار ئىجتىمائىي ئورنى يۇقىرىلارغا ئۆكتە قوپۇپ، توقۇنۇش پارتلايدۇ». دەل مۇشۇ مەنىدە دارىنفروف (غەرب جەمئىيەتشۇناسلىق نەزەرىيەسى دەرسلىكى، نەنكەي ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2010 - يىلى 7 - ئاي 3 - نەشرى، 196 - بەت. خەنزۇچە) ئىجتىمائىي يۈرۈشۈشنىڭ دەرىجىسىنى ئىجتىمائىي توقۇنۇشقا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىللارنىڭ بىرى دەپ قارايدۇ ۋە مۇنداق ئىزاھلايدۇ: «بىر جەمئىيەت ياكى ئىجتىمائىي توپ ئىچىدە تىك يۆنىلىشلىك يۈرۈشۈشنىڭ ئەھۋالى بەك مۇھىم. ئەگەر جەمئىيەت ياكى ئىجتىمائىي توپ شەخسكە يۇقىرىغا يۈرۈشۈش پۇرستى بەرمىسە، ھۆكۈمران قاتلام بىلەن ئەزالار ئوتتۇرىسىدا قاتمال مۇناسىۋەت شەكىللىنىدۇ، توقۇنۇش دەرىجىسى كەسكىنلىشىدۇ. ئەگەر ئەكسىچە بولسا، ئىجتىمائىي توقۇنۇشنىڭ دەرىجىسى ئۇنداق كەڭ، دەرىجىسى كەسكىن بولمايدۇ». (يۇقىرىقى كىتاب، 204 - بەت)

دېمەك، كارخانىمۇ بىر ئىجتىمائىي توپ، توپ ئىچىدە يۇقىرى - تۆۋەن ئورۇنلار بار. مانا مۇشۇ ئورۇنلار ئارىسىدا بىر يۈرۈشۈشچان مېخانىزم مەيدانغا كەلمىسە، يەنى، خادىملار تىرىشچانلىقى، ياراتقان قىممىتى بەدىلىگە ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرەلمىسە، ئۇلارغا كارخانا تەرىپىدىن كونكرېت نىشان كۆرسىتىپ بېرىلمىسە، كارخانا ئىچكى قۇرۇلمىسى مۇستەھكەم بولمايدۇ، خادىملارغا بۇنداق پۇرسەت بېرىش، ماھىيەتتە يەنىلا كارخانىنىڭ ئۆزىگە پايدىلىق.

ئىككىنچى جەھەتتە، كارخانا خادىملىرىغا ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، تەربىيەلىنىش پۇرستى يارىتىپ بېرىشى كېرەك. ھازىرقى زاماندا بىر كارخانىنىڭ ئۇنىۋېرسال رىقابەت كۈچى ئىچىدە، خادىملىرىنىڭ ساپاسى ئەڭ يادرولۇق ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇڭلاشقا كارخانىلار رىقابەت كۈچىنى ساقلاش ئۈچۈن، سىرتتىن ساپالىق ئادەملەرنى تەكلىپ قىلىشتىن باشقا، ئۆز خادىملىرىنىمۇ تەربىيەلەشكە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشى لازىم. ئوخشاشلا بۇمۇ خادىملارغىمۇ، كارخانىغىمۇ پايدىلىق ئىش. بىر كارخانا ئۈچۈنلا ئەمەس، بىر كىچىك دۇكان ئۈچۈنمۇ قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئادەمنىڭ مۇھىملىقىنى، ئادەم ئىشلىتىپ باققانلار ئوبدان بىلىدۇ.

مېنىڭچە كارخانا بۇ ھەقتە تۆۋەندىكى ئۇسۇللارنى قوللىنىپ باقسا بولىدۇ.

(1) خادىملارنى ئېھتىياجلىق كەسىپلەر بويىچە مەخسۇس ئۆگىنىشكە ئەۋەتىش. بۇنىڭ شەكلى ھەر خىل بولۇشى مۇمكىن. مەكتەپلەرگە ئەۋەتىش ياكى مۇناسىۋەتلىك كارخانا - زاۋۇتلاردا پراكتىكا قىلدۇرۇشمۇ مۇۋاپىق ئۇسۇل. ئوقۇش ھەققى ۋە باشقا كېتەرلىك خىراجەتلەرنى كارخانا بىلەن خادىملار كېلىشىپ بېكىتسە بولىدۇ.

(2) كارخانىغا ئادەم تەكلىپ قىلىپ قەرەللىك لېكسىيە ئورۇنلاشتۇرۇپ، خادىملارنىڭ نەزەر دائىرىسى، بىلىم قۇرۇلمىسىنى ياخشىلاشمۇ چىقىمى يەڭگىل، قىلىش قولاي ئۇسۇللارنىڭ بىرى.

(3) ھەر خىل ئىلمىي پائالىيەت، كەسپىي ئۆگىنىش، ئىمتىھان مۇكاپاتلارنى تەسىس قىلىش ئارقىلىق كارخانىدا ئىلمىي مۇھىت بەرپا قىلىش، شۇ ئارقىلىق خادىملارنى ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىشكە ئىلھاملاندۇرۇش، قىزىقتۇرۇشمۇ ئۈنۈملۈك چارە بولۇشى مۇمكىن.

(4) شىركەتتە بىر مەخسۇس قىرائەتخانا تەسىس قىلىپ، بوش ۋاقىتلاردا خادىملار كىتاب - ژۇرنال ئوقۇسا بولىدۇ. شىركەت ئۆزى چىقىم قىلىپ خادىملار ئۈچۈن

گېزىت ـ ژۇرنـاللارغا مۇشتەرى بـولۇپ بـەرسە تـېخىمۇ ياخشى.

مۇشۇ يەردە خادىملارنىڭ كـارخانا ئۈچۈن قـانچىلىك مۇھىملىقى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىش زۆرۈر دەپ ئويلايمەن. كارخانا ـ شىركەتنى ھەقىقىي چۈشەنگەن بىر كـارخانىچى ئۈچۈن كـارخانىنىڭ ھـەقىقىي بـايلىقى، ئۇنىڭ يـاراتقان ئىقتىسادىي قىممىتى ئەمەس، بەلكى ئەنە شۇ بـايلىقنى ياراتقان خادىملاردۇر. ئەمما بۇ بايلىقنى نۇرغۇن ئادەملەر ھەقىقىي رەۋىشتە تونۇمايدۇ، قـەدىرلىمەيدۇ. بـاشقۇرۇش ئـىلمىي ساھەسىدە مۇنداق بىر مەشھۇر گەپ بار: «ئـەگەر شىركەت ۋەيران بولۇپ قالسا، سەن مۈلۈكنى ئـېلىپ قـال، خىزمەتچىلەر ماڭا قـالسۇن»، بـۇنىڭ مـەنىسى، نـەچچە 10 مـىليونلۇق مۈلۈك ساڭا قـالسا ھـېچقىسى يوق، ئـەمما ئـادەملەر ماڭا قالسا، ئۇ مۈلۈكنى مـەن يـەنە تـېپىۋالىمەن دېگـەن گـەپتۇر. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، كـارخانا ئـۈچۈن ئـەڭ زور بـايلىق ئۇنىڭ خادىملىرىدۇر. كارخانىنىڭ ھاياتىي كۈچى، ئۇنىۋېرسال رىقابەت ئـىقتىدارى دەل خـادىملارغا بـاغلىقتۇر. ھـەتتا قابىل، ئىجادچان بىر ئادەمنىڭ كۈچى بەزىدە بىر شىركەتكە نىسبەتەن تەڭداشسىز ئۈنۈم، قىممەت يـارىتىدۇ. بـۇ ھـەقـتە ئـالما (Apple) شـىركىتى بـىلەن نـوكىيا (Nokia) شـىركىتىنى سېلىشتۇرۇش مۇمكىن. نـوكىيا شـىركىتىدە مـەبلەغ كـەم ئەمەس، تېخنىكا كەم ئەمەس، ھەتتا بازار جەھەتتە مۇتلەق ئۈستۈنلۈككە ئـىگە، پـەقەت بـىرلا ئـادەم كـەم. يـەنى ستېۋ جوبستەك (Jobs Steve) بىر مېڭە كـەم بـولغان. مانا ھـازىر قىسقىغىنا ئۈچ ـ تۆت يىل ئىچىدە نوكىيا تولىمۇ بـىچارە ھالەتكە چۈشۈپ قالدى، ھەتتا مىكروسوفت تەرىپىدىن سېتىۋېلىندى.

سۆزىمىزگە قايتساق، كارخانا مانا مۇشۇ بـايلىقنى قەدىرلەش ئۈچۈن، شۇنداقلا ئـۇلاردىن ئـايرىلىپ قـالماسلىق ئۈچۈن، ئۇلار ئـالدىدىكى ھـەرقايسى ساھەلەرگە چېتىلغان مەسئۇلىيىتىنى ئاكتىپ پوزىتسىيەدە ئادا قىلىشى زۆرۈر. كـارخانىنى خادىملار نەزەرىدىكى ئۈتەڭدىن، ئائىلىسىگە ئـايلاندۇرۇۋالغاندا، ئاندىن ئۇلار پۈتۈن ۋۇجۇدى بـىلەن تـىرىشىپ ئـىشلەيدۇ، ئـۆز ئـىستىقبالىنى كـارخانىنىڭ ئـىستىقبالىغا بـاغلايدۇ. خـادىملار كـارخانا ئـۈچۈن ئـۆزىنىڭ جـىسمىنىلا ئەمەس، روھىنىمۇ بېغىشلىيالىغاندا، باشقۇرۇش ئىلمىنىڭ بەرپاچىسى پېتىر دۇركېرنىڭ (Peter Druker) سۆزى بـويىچە ئېيتقاندا: «خادىملارنى تولۇق ياللىيالىغاندا» ئاندىن بۇنداق كـارخانىنىڭ ئـۆمرى ئـۇزاق، كـەلگۈسى ئۈمىدلىك بـولىدۇ. قىيىن سىناقلارغا بەرداشلىق بېرىپ، ياشلىق باھارىنى ھەر ۋاقىت ساقلىيالايدۇ.

### 3. ئىستېمالچىلار ئالدىدىكى مەسئۇلىيەت

ئوخشاشلا مەزكۇر مەسئۇلىيەتنىڭ ئادا قىلىنىشىمۇ شىركەتنىڭ ئۆزىگە پـايدىلىق. چۈنكى، ئـىستېمالچىلارغا ئـۇلار ياقتۇرۇپ سېتىۋالىدىغان مەھسۇلات ياكى مۇلازىمەت تـەمىنلىيەلىگەن شىركەت ـ كارخانىلارمۇ مەۋجۇت بولۇپ تـۇرالمايدۇ. مەلۇم نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ئـىستېمالچىلار كـارخانىنىڭ غەلىبە ـ مەغلۇبىيىتىنى بەلگىلەيدۇ. بۇ ئـەڭ ئەقەللىي قـانۇنىيەت. بۇ قانۇنىي مەسئۇلىيەتنىمۇ، ئـەخلاقىي مـەسئۇلىيىتىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تۆۋەندە مـەزكۇر مـەسئۇلىيەت ھـەققىدە بىر قەدەر تەپسىلىي توختىلىمىز.

سەمىمىيەت بەلكىم ھەرقانداق مەسئۇلىيەتنىڭ ئاساسى، شۇنداقلا يادروسى بولسا كېرەك. مېنىڭ نەزەرىمدە كـارخانا، ئىستېمالچى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ دەخلىسىز ئالتۇن پىرىنسىپىمۇ دەل سەمىمىيەتتىن ئىبارەتتۇر. سەمىمىيەت ئۈستىگە قۇرۇلمىغان مـەسئۇلىيەت پـەقەت ئـالدامچىلىقتىن بـاشقا نەرسە ئەمەس. بۇ پىرىنسىپقا سەل قاراش، خىلاپلىق قـىلىش كارخانىنىڭ ئابرۇيىنى، ھەتتا ئىستىقبالىنى يەرگە ئۇرىدۇ. بـۇ خىلدىكى كارخانىلار گەرچە بـىر مـەزگىل جان بـاقالىسىمۇ، ۋەيران بولۇشى پەقەت ۋاقىت مەسىلىسى بولۇپ قالىدۇ.

كارخانىلارنىڭ ئىستېمالچىلارغا بولغان سەمىمىيىتى تۆۋەندىكى تەرەپلەردە تېخىمۇ كونكرېت ئىپادىلىنىدۇ.

(1) سۈپەتلىك مەھسۇلات تەمىنلەش.

كارخانىنىڭ مەھسۇلاتىنى سۈپەتلىك ئـىشلىشى گـەرچە ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن بولسىمۇ، بۇنى يەنىلا ئىستېمالچىلارغا بولغان سەمىمىيەتنىڭ ئىسپاتى دەپ قاراشقا بولىدۇ. بىر مەھسۇلاتتا شىركەتنىڭ قىممەت قارىشى، ئەخلاقى ئـەكس ئېتىدۇ. كۆزىمىز كۆرۈپ تۇرغان ئەمەلىيەت شۇكى، سۈپەتلىك مەھسۇلات ئىشلەپچىقارغان شىركەتلەر تـەرەققىي قىلىپ زورىيىۋاتىدۇ. سۈپەتسىز مەھسۇلات ئىشلەپچىقارغان شىركەتلەر قارىماققا بىر مەزگىل پۇل تاپقاندەك قىلغان بىلەن، يـەنىلا ئىستېمالچىلارنىڭ نەزەرىدىن چۈشۈپ قالىدۇ. شىركەت ئـۆز سەمىمىيىتى بىلەنلا سادىق خېرىدارلار قوشۇنى يـارىتالايدۇ، بۇ سەمىمىيىتىنى سۈپەتلىك مەھسۇلات بىلەن ئىسپاتلايدۇ.

www.uyghurkitap.com

(2) سۇپەتلىك مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەش.

ئادەتتە كارخانىلار ئومۇمەن ئىستېمالچىلارنى مەلۇم مەھسۇلات ياكى مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەپ ئاندىن ئىقتىسادىي قىممەت يارىتىدۇ، بەزىدە مەھسۇلات بىلەن مۇلازىمەت بىرىكىپ كېتىدۇ، مېنىڭچە بۇنىڭغا مىسال ئېلىشنىڭ ھاجىتى يوق. بۇ يەردە كۆزدە تۇتۇلۇۋاتقان مۇلازىمەت كارخانىلارنىڭ ئىستېمالچىلارغا قىلىپ بېرىدىغان مەلۇم خىل ئەمگىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭدا سەمىمىيەت يەنىلا سۇپەتلىك مۇلازىمەتنىڭ جېنى، سەمىمىيەت بولماي تۇرۇپ سۇپەتلىك مۇلازىمەتتىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس.

خېرىدارلارغا قىلغان ۋەدىسىدە چىڭ تۇرۇش، ئالدىماسلىق، مۇئامىلىدە ئىللىق بولۇش، خېرىدارنى ھەقىقىي ھۆرمەتلەش، قولىنىڭ ئۇچىدا قىلماسلىق، پۇلنى ئېلىپ بولۇپلا مۇئامىلىسىنى ئۆزگەرتمەسلىك، تۈزۈشكەن توختامغا ھەرخىل باھانە ـ سەۋەب كۆرسەتمەي رىئايە قىلىش قاتارلىقلار سۇپەتلىك مۇلازىمەتنى تەشكىل قىلىدىغان ئامىللاردۇر.

(3) ئېلان ـ تەشۋىقاتتا سەمىمىي بولۇش.

بىر ئادەم ئۈچۈن ئۇنىڭ تىلى بىلەن ھەرىكىتىنىڭ بىردەكلىكى ئۇنىڭ سەمىمىيىتىنىڭ بەلگىسى بولسا، بىر شىركەت ـ كارخانا ئۈچۈن ئۇنىڭ مەھسۇلات سۇپىتى بىلەن ئېلان ـ تەشۋىقاتىنىڭ بىردەكلىكى كارخانا سەمىمىيىتىنىڭ بەلگىسى ھېسابلىنىدۇ. بۈگۈنكى سودا ئەمەلىيىتىدە، ئېلانغا تايانمايدىغان شىركەتنى ئۇچرىتىش ئاسانغا مۇمكىن ئەمەس. ھازىرقىدەك ئوخشاش تۈردىكى مەھسۇلاتلار ئىنتايىن كۆپ ئەھۋال ئاستىدا، ئىستېمالچىلارغا ئۆزىنىڭ مەھسۇلاتىنى تونۇتۇش، باشقا ئوخشاش تۈردىكى مەھسۇلاتلىرىدىن پەرقىنى بىلدۈرۈش، خېرىدارلارنى جەلپ قىلىش ئۈچۈن ئېلان ـ تەشۋىقات قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭ خاتا يېرى يوق. ئەمما مەسىلە تەشۋىقاتتىكى تەسۋىرلەر بىلەن مەھسۇلاتنىڭ سۇپىتى قانچىلىك بىردەك؟ يەنى، مەھسۇلات ماختالغىنىدەكمۇ؟ كارخانىلارنىڭ سەمىمىيىتى دەل مۇشۇ جايدا سىنىلىدۇ.

مەھسۇلاتتا يوق سۇپەت ئىقتىدارلارنى قوشۇش ياكى بارلىرىنى كۆپتۈرۈپ، مۇبالىغە قىلىپ تەسۋىرلەش، مۇشۇ ئارقىلىق ئىستېمالچىنى خاتا يېتەكلەش ئېلان ـ تەشۋىقاتتىكى سەمىمىيەتسىزلىكنىڭ، ھەتتا ئالدامچىلىق، قارا نىيەتلىكنىڭ ئىپادىلىرى.

يۇقىرىقىلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىنكى، مەيلى سۇپەتلىك مەھسۇلات ئىشلەش، سۇپەتلىك مۇلازىمەت تەمىنلەش ۋە ياكى ئېلان ـ تەشۋىقات بولسۇن، سەمىمىيەت ھەممىنىڭ جېنى، يۈرىكى ھېسابلىنىدۇ. سەمىمىيەت بۇلارنىڭلا ئەمەس، ئىنسانلاردا بولۇش لازىم بولغان بارلىق گۈزەل ئەخلاق ـ پەزىلەتلەرنىڭ ئاساسى، نېگىزىدۇر. سەمىمىيەتتىن مەھرۇم ھالەتتىكى ئەخلاق ـ پەزىلەتنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. كىشىلەر ئارىسىدىكى سەمىمىيەت ـ ئىشەنچ ئاجىزلىغان، ھەتتا يوقاۋاتقان جەمئىيەتتە ياشاش ۋەھىمىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئەسلىدە ئۇيغۇرلارنىڭ قىممەت قارىشىدا، سودا ئەخلاقىدا سەمىمىيەت ئەزەلدىن بىر مۇقەددەس ئالتۇن مىزان بولۇپ كەلگەن، مانا مۇشۇ قىممەت قاراشنىڭ يادروسىنى تەشكىل قىلغان ئىسلام دىنىدىمۇ، سەمىمىيەت ـ ئىخلاس بارلىق ياخشى ئىش ـ ئەمەللەرنىڭ قوبۇل بولۇشىنىڭ ئالدىنقى شەرتى ھېسابلىنىدۇ. سەمىمىيەت ـ ئىشەنچ ئاساسىغا قۇرۇلمىغان سودا ئىگىلىك ھەرگىزمۇ مىللەتنى ھەقىقىي ئىقتىسادىي گۈللىنىش يولىغا باشلىيالمايدۇ.

ئەسلىدە ئۇيغۇرلارنىڭ سودا ئەمەلىيىتىدە سەمىمىيەتنىڭ ئورنى، كۆچى دېگەن تېمىلار ھەققىدە مەخسۇس تەكشۈرۈش، تەتقىقات ئېلىپ بېرىش زۆرۈر ئىدى، ئەمما مەزكۇر تېمىدا مۇشۇنچىلىك بايان بىلەن كۇپايە قىلىمىز.

**4. كارخانىنىڭ جەمئىيەت ئالدىدىكى مەسئۇلىيەتلىرى.**

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، كارخانىنىڭ جەمئىيەت ئالدىدىكى مەسئۇلىيەتلىرى ئاساسەن دېگىدەك خالىس ئۈستىگە ئالىدىغان ئەخلاقىي مەجبۇرىيەتلەر بولۇپ، بۇلار كارخانىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، مەسئۇلىيەتلىرىنىڭ يۇقىرى دەرىجىسى ھېسابلىنىدۇ. بەلكىم بىر كارخانىچىنىڭ ھەقىقىي قىممىتى بەلكىم جەمئىيەت ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتىگە تۇتقان مۇئامىلىسى ۋە قانداق ئادا قىلىشى بىلەن ھەقىقىي سىنىلىشى مۇمكىن. چۈنكى، بۇ كارخانىچىنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى كەرىزىس، بۇرچ تۇيغۇسىنىڭ تۈرتكىسىدە ئاندىن روياپقا چىقىدۇ. مەن بۇنى بىر قانچە ساھەلەرگە بۆلۈپ مۇلاھىزە قىلىمەن. تىزىلىش تەرتىپى مۇھىملىق دەرىجىسىنى بىلدۈرمەيدۇ.

(1) خالىس ئىقتىسادىي ياردەم

بۇ كارخانىنىڭ ئۆزىنىڭ تىجارىتىنى نورمال ماڭدۇرۇشقا تەسىر يەتكۈزمىگەن ئەھۋال ئاستىدا، ئۆز ئىقتىسادىدىن بەلگىلىك مىقداردا ئۆزى خالاپ جەمئىيەتتىكى ئېھتىياج

لىق كىشىلەرگە ياردەم ھېسابىدا بېرىپ تۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ. مەن بۇ خىل ياردەمنىڭ شەكلىنى مۇنداق ئىككى خىلغا بۆلۈپ باقتىم:

A. ئوتۇن بېرىش تىپىدىكى ياردەم.

B. پالتا بېرىش تىپىدىكى ياردەم.

بىر مۇقەددەس ھېكايەتتە دېيىلىدۇ: «بىر نامرات ئادەم كەپتۇ، نامراتلىقىدىن قاقشاپتۇ ـ دە، بىر ئۇلۇغ زات ئۇنىڭغا ئارغامچا، پالتا بېرىپ، ئوتۇنچىلىق قىلىشقا بۇيرۇپتۇ.»

بۇنىڭدىن شۇنى كۆرەلەيمىزكى، بۇ نامرات ئادەمنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈنلا ياردەم قىلىش، دەماللىققا مەسىلىنى ھەل قىلىدۇ. ئەمما ئېھتىياج قاندۇرۇلغاندىن كېيىن بولسا، موھتاجلىق، نامراتلىق يەنە داۋاملىشىدۇ. بۇ يەردە مەقسەت ئۇنىڭ دەماللىق ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش بولماستىن، مەسىلىنى تۈپتىن ھەل قىلىش بولغان، يەنى ئۇنىڭغا نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشنىڭ يولىنى ئۆگەتكەن ۋە قۇتۇلۇشقا ياردەم بېرىدىغان قورال ـ سايمان بەرگەن.

ئەلۋەتتە A تىپتىكى ياردەممۇ ئوخشاشلا زۆرۈر ۋە ئەھمىيەتلىك، ئېھتىياجنىڭ خاراكتېرى، موھتاج كىشىلەرنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى قاتارلىق ئامىللارغا ئاساسەن قايسى خىلدىكى ياردەمنى تاللاشنى قارار قىلسا بولىدۇ.

مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، كارخانا قايسى تىپتىكى ياردەمنى تاللاشتا، ئەمەلىي ئېھتىياج ۋە ئەھۋالنى ئاساس قىلىپ قارار قىلىشى، بىرنى دەپ بىرنى ئىنكار قىلماسلىقى زۆرۈر.

ياردەم ئوبيېكتىنى تاللاشتا مۇنداق پرىنسىپنى ئاساس قىلىش كېرەك.

بۇنى مەركەزدىن ئەتراپقا تارىلىش پرىنسىپى دېيىش مۇمكىن. يەنى، ئوبيېكتلارنى روھى ۋە جىسمانىي يېقىنلىق بويىچە تاللاش دېگەنلىكتۇر. ئىسلام دىنىدىمۇ سەدىقە ـ زاكاتلار ئەڭ ئاۋۋال بەرگۈچىنىڭ بىۋاستە تۇغقانلىرى، ۋاستىلىك تۇغقانلىرى ئارىسىدىكى لايىق كىشىلەرگە بېرىلىدۇ، ئاندىن قوشنىلىرى، يېقىنلىرى، يۇرتدېشى... لارنىڭ ئىچىدىكى كىشىلەرگە بېرىلىدۇ. ئۆزىنىڭ قېشىدىكىلەرنى تاشلاپ، يىراقتىكىلەرگە بېرىشى دۇرۇس بولمايدۇ.

B تىپتىكى ياردەمگە كەلسەك، بۇ خىل ياردەمنىڭ مەقسىتى ياردەم ئوبيېكتىنىڭ ئېھتىياجىنى بىرلا قېتىمدا، مەڭگۈلۈك ھەل قىلىشتۇر. يەنى ياردەم ئوبيېكتلىرىغا ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىشكە ياردەم بېرىدىغان ۋاستە بىلەن تەمىن ئېتىشتۇر. بۇ يەردە مەن B تىپتىكى ياردەمگە مۇناسىۋەتلىك بىر نەچچە رېئال مەسىلىنى كارخانىچىلارنىڭ سەمىگە سېلىش زۆرۈر دەپ ئويلايمەن.

مېنىڭ يۈزەكى كۆزىتىشىمچە، بىزنىڭ پۇلدارلىرىمىز ۋە كارخانىچىلىرىمىزدا ياشلارنى قوللاش، ياردەم بېرىش يېتەرلىك ئەمەس، تۇتۇلغان پوزىتسىيە ئاكتىپ ئەمەس. سودا قىلىش، ئىگىلىك تىكلەش تىپىدىكى ياشلارنىڭ بايلىرىمىزدىن قەرز، مەبلەغ ئالالىشى بەكلا تەس. ئەلۋەتتە بايلارنىڭ قەرز بەرمەسلىكى، ئۇلار ئەكەلگەن تۈرلەرگە مەبلەغ سالماسلىقىدا يېتەرلىك سەۋەبلىرى بار. ئەمما بايلار بىلەن ياشلار ئارىسىدىكى بۇنداق ئۈزۈكچىلىك، ئىقتىسادنىڭ سىجىل، نورمال تەرەققىياتىنى ئېغىر توسالغۇغا ئۇچرىتىدىغان بىر زىيانلىق ھادىسە، تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەردە بۇنداق مەسىلە ئاللىبۇرۇن پىشقان سىستېما، قۇرۇلما ئارقىلىق ھەل قىلىنغان بولۇپ، كاللىسىدا مۇئەييەن ئىجادىي ئىدىيەسى بار باللار شۇ ئىدىيەنى سىناق قىلىپ بېقىشقا مەخسۇس مەبلەغ سېلىش شىركەتلىرى ۋە خۇسۇسىي مەبلەغ سالغۇچىلارنى قايىل قىلىپ مەبلەغ ئالالايدۇ. مەبلەغ سالغۇچىلارمۇ بۇنداق تەكلىپ، ئىلتىماسلارغا كۆنۈك. ئۇلارنىڭ تۈرلىرىنى تەكشۈرۈپ، باھالايدىغان سىستېمىلىق ئۇسۇللىرى بار. ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ بەزىسى غەلىبىلىك بولىدۇ، بەزىسى مەغلۇپ بولىدۇ. ئەمما مەبلەغ سالغۇچىلار ئۈچۈن ئون تۈرگە مەبلەغ سېلىپ، ئىككىسى غەلىبە قىلسىمۇ چوڭ مۇۋەپپەقىيەت، قالغان سەككىزىدە زىيان تارتسىمۇ ھېچقىسى يوق. جەمئىيەتتە بۇ خىل مېخانىزمنىڭ بەرپا بولۇشىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا نىسبەتەن ئەھمىيىتى ئىنتايىن زور، ھەتتا ئەھمىيىتى بۇنىڭلىق بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ.

ھازىرقى رېئاللىقىمىزغا قارايدىغان بولساق، ئالىي مەكتەپ پۈتكۈزگەن باللارنىڭ مۇتلەق كۆپى، يەنىلا كادىر بولۇشنى تاللاۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەڭ چوڭ ئارزۇسى يەنىلا ھۆكۈمەتنىڭ مۇقىم خىزمىتى بولۇۋاتىدۇ. (ئەلۋەتتە، بۇ مۇتلەق ھۆكۈم ئەمەس). ئۆز كۈچىگە تايىنىپ سودا قىلىش، ئىگىلىك تىكلەش تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئاتىلىنىدىغان ئىش بولماي، ئامالسىزلىقتىن يۈزلىنىدىغان ئىش بولۇپ قالماقتا. ياخشىراق ئوقۇغان، ساپالىق ياشلارنىڭ مەمۇرلۇق ئىمتىھانلىرىغا دۈم چۈشۈپ، سودا ساھەسىدىن يىراقلىشىشى، سودا

ساھەسىدە قولىدىن ئىش كېلىدىغان ساپالىق ياشلارنىڭ ئاز بولۇشى ئۇيغۇر كارخانىلىرى دۇچ كېلىۋاتقان بىر باش قېتىنچىلىقى بولۇپ قالدى.

مانا مۇشۇ ياشلار جەمئىيەتنىڭ، تېخىمۇ كونكرېتراق ئېيتقاندا، كارخانىچى، بايلارنىڭ ئەمەلىي قوللىشىغا موھتاج. بۇ خىل قوللاش قەرز بېرىش شەكلىدە بولسىمۇ، مەبلەغ سېلىپ ھەمكارلىشىش شەكلىدە بولسىمۇ بولۇۋېرىدۇ. بۇ بايلارغىمۇ، ياشلارغىمۇ ئالاھىدە پايدىلىق. بىرەر، ئىككى قېتىملىق، ھەتتا ئۈچ - تۆت قېتىملىق مەغلۇبىيەتكە ئاساسەن بۇنداق ياردەمنىڭ ئىشىكىنى تاقىۋېلىش خۇددى ماشىنا ھەيدىسە قاتناش ھادىسىسى يۈز بېرىدىكەن دەپ، ماشىنا ھەيدەش خاتا دەپ يۈرگەندەك بىر ئەخمەقانىلىك، بۇنداق قۇرۇلما مانا مۇشۇنداق پۈتلىشىش، يىقىلىشلارنى بەدەل قىلماي بەرپا بولالمايدۇ. بۇ مۇقەررەر بېسىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك جەرياندۇر. ئىش قىلىدىغانلار بىلەن پۇلى بارلارنىڭ ھەمكارلىشىپ سودا قىلىشى بۈگۈنكى دۇنيادا ئەڭ ئەقەللىي ساۋاتقا ئايلىنىپ قالدى، بۇ ھەقتە پۇلدارلىرىمىز، كارخانىچىلىرىمىز ھەقىقەتەن كاللىسىنى ئوبدان سىلكىشى زۆرۈر.

(2) ئىلىم - پەن ۋە مائارىپ - مەدەنىيەت ساھەسىدە.

ئەگەر سەھىيە ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتمىغاندا، بۇ ساھەلەردە دۇنيادىكى باشقا چوڭ كارخانىلارنىڭ قىلغان ئىشلىرىدىن مىسالغا ئېلىش مۇۋاپىق ئىدى. شۇڭلاشقا مەن ئۆز ئىمكانىيىتىمىز ئىچىدە قىلالايدىغان ۋە قىلىشقا تېگىشلىك، ئەھمىيىتى زور دەپ قارىغان بەزى ئىشلار ھەققىدىلا توختىلىمەن.

1. ئىلىم - پەن تەتقىقاتى

كارخانىلار ئېلىپ بارىدىغان پەن تەتقىقات مۇنداق ئىككى شەكىلدە بولۇشى مۇمكىن.

بىرىنچىسى، كارخانا ئۆزىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئېلىپ بارىدىغان تەتقىقات. قارىماققا بۇ خىل تەتقىقاتنىڭ بىۋاستە نەتىجىسى شىركەتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن بولسىمۇ، ئىنسانلارنىڭ ئومۇمىي تەرەققىياتى ئۈچۈن ئېلىپ كەلگەن تۆھپىسىمۇ ئىنتايىن زور. بۈگۈنكى كۈندە كارخانىلارنىڭ ئەڭ ماھىيەتلىك رىقابەت كۈچى مۇشۇنىڭدىن كېلىۋاتىدۇ. بۇ تولىمۇ روشەن ھەقىقەت بوپقالدى. كارخانىلار بۇنداق تەتقىقاتنى ئۆز تەتقىقاتچىلىرى ئارقىلىقمۇ ياكى مەخسۇس سىرتتىن تەكلىپ قىلىنغان تەتقىقاتچى خادىملار ئارقىلىقمۇ ئېلىپ بارىدۇ.

ئۇيغۇر كارخانىلىرىغا قارايدىغان بولساق، بۇ جەھەتتىكى پەرقنى ئاسمان - زېمىن دەپ سۈرەتلەشكە بولىدۇ. بۇنداق پەرقلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئامىللارنى قويۇپ تۇرۇپ، ھازىرنىڭ ئۆزىنى نەزەرگە ئالغاندا، كارخانىلىرىمىزدا مەخسۇس تەتقىقات بۆلۈملىرى بولۇشى زۆرۈر. تەقلىدچىلىك بىر مەزگىل ئاققاندەك قىلسىمۇ، ھەقىقىي رىقابەتكە دۇچ كەلگەندە تېزلا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ.

شۇڭلاشقا كارخانىلىرىمىز چوقۇم يىراقنى كۆزلەپ مەخسۇس تەتقىقات بۆلۈملىرى ئاجرىتىپ، پەن تەتقىقاتقا مەبلەغ سېلىشى زۆرۈردۇر.

ئىككىنچىسى بولسا، كارخانىلارنىڭ خالىس ھالدا جەمئىيەت مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىلىم - تەتقىقات ئىشلىرىغا ھەر خىل شەكىلدە ياردەم بېرىشىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىلدىكى ياردەمنىڭ شەكىللىرى تولىمۇ كۆپ خىل بولۇپ، كارخانا ئۆزىنىڭ پىلانى، ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن تاللىسا بولىدۇ. تۆۋەندە بىر قانچە خىل مۇمكىنچىلىك شەكىللىرى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمىز.

(1) بۇنىڭدا تەتقىقات كارخانىنىڭ بۆلۈملىرى تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلىدۇ. تەتقىقات نەتىجىسىدىن جەمئىيەت ئورتاق بەھرىمەن بولىدۇ. يەنى كارخانا ئۆزىنىڭ تەتقىقات نەتىجىسىنى مەلۇم شەكىلدە جەمئىيەت بىلەن ھەقسىز ئورتاقلىشىدۇ.

(2) كارخانا باشقا ئورگانلار — ئۇنىۋېرسىتېت، ئاكادېمىيەلەر بىلەن ھەمكارلىشىپ ئېلىپ بارىدىغان تەتقىقات، بۇنىڭدا تەتقىقاتقا كېتەرلىك راسخوتنىڭ ھەممىسى ياكى بىر قىسمىنى كارخانا ئۈستىگە ئالىدۇ. تەتقىقات تېمىسىنى يا شىركەت ياكى تەتقىقات ئورگىنى ياكى ئىككى تەرەپ كېڭىشىپ بېكىتىدۇ، تەتقىقات جەريانىغا تەتقىقات ئورگىنى مەسئۇل بولىدۇ. ئاندىن تەتقىقات نەتىجىسىدىن ئورتاق بەھرىمەن بولىدۇ. ئەلۋەتتە بۇ تەبىئىي پەن تېمىلىرىنىمۇ، ئىجتىمائىي پەن تېمىلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

(3) كارخانا بەزى تەتقىقات تېمىلىرىدا شەخسلەر بىلەن ھەمكارلىشىدۇ. كارخانا ئۆزى مەخسۇس پەن تەتقىقات فوندى تەسىس قىلىپ، بۇنى مەخسۇس خەلق ئىچىدىكى، ھەتتا ئوقۇغۇچىلار ئىچىدىكى تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىد-

غانلارغا تەمىن ئەتسە بولىدۇ. ئەلۋەتتە بۇلارنى بېكىتكەندە، مەخسۇس مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھالىشىدىن ئۆتكۈزۈپ ئاندىن تاللاش لازىم. بۇ جەمئىيەتكە قوشۇلغان قىممىتى زور، سالمىقى ئېغىر تۆھپە ھېسابلىنىدۇ. بىلىم ئادەملىرى ئىقتىساد ئىگىلىرىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلمىگەن جەمئىيەتتە ئىلمىي تەرەققىياتنى تەسەۋۋۇرغا سىغدۇرۇش تەس. مۇشۇنداق ماسلىشىشچانلىق ئاستا - ئاستا شەكىللەنسە، بىزنىڭ زىيالىي - تەتقىقاتچىلىرىمۇ كاللىسىدا ئويلاپ كەلگەن بولسىمۇ، خىراجەتتىن قىسىلغان نۇرغۇن تېمىلىرىغا تۇتۇش قىلالايدۇ. جەمئىيىتىمىزدىكى ئوي - تەسراتلىرىنى ئىلمىي يەكۈن قىلىۋالىدىغان بىمەنىلىك بالدۇرراق بولسىمۇ ئاخىرلىششى مۇمكىن.

2. مۇھىت - سەھىيە ساھەسىدە

ھازىر دۇنيادىكى چوڭ شىركەت - كارخانىلارنىڭ CSR دوكلاتىدا مۇھىت مەسىلىسى ئالاھىدە مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. مۇھىت مەسىلىسى مەخسۇس بەلگىلىمە تۈزۈملەر بىلەن مەجبۇرىي ئىجرا قىلىنىدىغان ھالەتكە كەلمەكتە.

مېنىڭچە كارخانىلارنىڭ مۇھىتقا قوشالايدىغان تۆھپىسى مۇنداق بىر نەچچە تەرەپتە ئىپادىلىنىشى مۇمكىن.

(1) مۇھىتقا زىيانلىق مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقارماسلىق.

(2) مۇھىت ئاسرايدىغان تېخنىكىلارنى ئىختىرا قىلىش.

(3) ئىشلەپچىقىرىش داۋامىدىكى مۇھىتقا كەلتۈرىدىغان زىياننى ئەڭ زور دەرىجىدە كونترول قىلىش.

(4) ھەرقايسى تەتقىقات ئورگانلىرىنىڭ مۇھىت ئاسراشقا ئالاقىدار تەتقىقات تېمىلىرىنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن قوللاش.

سەھىيە ساھەسىگە كەلسەك، بۇ نۇرغۇنلىغان پاراۋانلىق فوند جەمئىيەتلىرى كۆڭۈل بۆلىدىغان ئەڭ چوڭ ساھەلەرنىڭ بىرى. مەسىلەن: دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ خۇسۇسىي فوند بىل گايتىس — مېلىندا (Bill Gates_Melinda) فوندىنىڭ ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان ئىككى ساھەسى سەھىيە ۋە مائارىپتىن ئىبارەت.

مۇنداق بىر قانچە شەكىل كۆپرەك قوللىنىلىشى مۇمكىن.

(1) داۋالاش خىراجىتى يوق، نامرات بىمارلارغا ئىقتىسادىي ياردەم قىلىشى.

(2) مەلۇم رايوندىكى يۇقۇملۇق كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى ۋاكسىنا ئەملەش ئىشلىرىغا ياردەم قىلىش.

(3) دوختۇرخانىلار بىلەن مۇقىم ھەمكارلىشىپ دورا، تەكشۈرۈش، داۋالاش خىراجەتلىرىنىڭ مەلۇم قىسمىنى ئۈستىگە ئېلىش.

(4) تېبابەت تەتقىقات ئورۇنلىرىنى تەتقىقات خىراجىتى بىلەن تەمىن ئېتىش.

ئەلۋەتتە، بۇنىڭ شەكىللىرى تېخىمۇ كۆپ خىل، كارخانىلار ئۆز ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن تاللىسا بولىدۇ. سەھىيەگە قىلىنغان ياردەم ئىنسانچىلىق ئەڭ ئەكس ئېتىدىغان ساھەلەرنىڭ بىرى.

3. مەدەنىيەت - مائارىپ ساھەسىدە

كارخانىنىڭ مەزكۇر ساھەدە ئادا قىلىدىغان مەسئۇلىيىتى خالىس مەسئۇلىيەت دائىرىسىگە كىرىدۇ. بۇ كارخانىنىڭ پۈتۈنلەي خالىس، پايدا كۆزلىمىگەن ھالدا، جەمئىيەتنىڭ مەدەنىيەت - مائارىپ ساھەسىگە تۆھپە قوشۇشنى كۆرسىتىدۇ.

(1) نامرات ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇشىغا ياردەم قىلىش. بۇنى كارخانىلار ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىغا ئاساسەن قەرەللىك ياكى قەرەلسىز ئېلىپ بارسا بولىدۇ.

(2) مەكتەپلەرنىڭ قۇرۇلۇش ئەسلىھەلىرىگە ياردەم قىلىش. بۇ نۇرتاي ھاجىملاردەك مەكتەپ قۇرۇپ بېرىشنىمۇ ياكى مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇشقا زۆرۈر بولغان كەم ئەسلىھەلىرىنى تولۇقلاپ بېرىشنىمۇ كۆرسىتىدۇ.

بۇ ئىككى خىل ئەندىزە بىزنىڭ رايونىمىزدىكى مائارىپقا ياردەم قىلىدىغانلارنىڭ ئاساسلىق قوللىنىدىغان ئۇسۇلى. تۆۋەندە مەن تېخىمۇ ئۈنۈملۈك، ئەھمىيىتى زور دەپ قارىغان بىر قانچە خىل ياردەم ئەندىزىسىنى تەۋسىيە تەرىقىسىدە بايان قىلىپ ئۆتىمەن.

(1) ئالىي مەكتەپلەردە ھەر خىل ئوقۇش مۇكاپاتلىرىنى ۋە ياردەم تۈرلىرىنى تەسىس قىلىش. غەرب ئەللىرىدە، ئالىي مەكتەپلەر ئۈچۈن شەخسلەر تەرىپىدىن تەسىس قىلىنغان ئوقۇش مۇكاپاتلىرى ناھايىتى نۇرغۇن ۋە ھەر خىل كەسىپلەرگە چېتىلىدۇ. ھەتتا بەزى مۇكاپاتلارنىڭ تارىخى 100 نەچچە يىلدىن ئاشىدۇ. ئەمما بىزدە شەخسلەر ياكى كارخانىلار تەرىپىدىن تەسىس قىلىنغان مۇنداق ئوقۇش مۇكاپات فوندلىرى يوق دېيەرلىك، مېنىڭچە بۇنداق مۇكاپاتنى تەسىس قىلغاندا تۆۋەندىكى بىر قانچە نۇقتىنى نەزەرگە ئېلىش مۇۋاپىق:

▲ ئىلمىي نەتىجىگە، ئىجادىيلىققا ئالاھىدە ئەھمىيەت

بېرش لازم.

گەرچە ئىمتىھان نەتىجىسى ئالاھىدە ياخشى بولۇپ كەتسمۇ، ئىجادىيلىقى، يېڭىلىق يارىتىش تالانتى بار باللار بىزدە ئوڭايلا نەزەردىن ساقىت قىلىنىدۇ. مەتبۇئاتلاردا ئەسەرلىرى ئېلان قىلىنغان، ئەسەرلىرىدە يېڭىلىق بولغان، مەلۇم تېخنىكا، ئۇسكۈنە كەشىپ قىلغان ئوقۇغۇچىلارنى ئالاھىدە رىغبەتلەندۈرۈشكە ئەرزىيدۇ. تەسىس قىلىنماقچى بولغان مۇكاپاتنىڭ مەقسىتى، نىشانىنى، تاللاش ئۆلچەملىرىنى ئېنىق قىلىش كېرەك. بۇنداقتا ئوقۇغۇچىلارنىڭ تىرىشىشىغا ئالاھىدە پايدىلىق. مۇكاپات ئوبيېكتلىرىنى قانداق تاللاش، مۇكاپاتنى قانداق بېرىش دېگەندەك تەپسىلىي قەدەم - باسقۇچ، جەريانلارنى كارخانا بىلەن ئۇنىۋېرسىتېت ئورتاق كېڭىشىپ بېكىتسە بولىدۇ.

▲ ئىگىلىك تىكلەش مۇكاپاتى دەپ تەسىس قىلىشمۇ ئەرزىيدۇ

كۆزىتىشىمچە، ھازىر ئالىي مەكتەپ پۈتكۈزگەنلەر ئاساسەن مۇنداق ئۈچ خىل يولدا ئۆز ئىستىقبالىنى ئىزدەۋاتىدۇ.

بىرىنچى يولدىكىلەر، بۇلار ئىنتايىن ئاز ساندىكى بىر قىسىم تىرىشچان ئوقۇغۇچىلار، بۇلار ئۆز تىرىشچانلىقىغا تايىنىپ چەت ئەل تىلى ئۆتكەللىرىدىن ئۆتۈپ، ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇشنى تاللىغانلار.

ئىككىنچى يولدىكىلەر، بۇلار خۇسۇسىي شىركەتلەردە ئىشلەشنى ياكى ئۆزلىرى بىرەر تىجارەت قىلىپ ئىگىلىك تىكلەشنى تاللىغانلار. بۇلارنىڭ ئىچىدە مۇنداق ئىككى تۈركۈم باللار بار. بىرى بۇ يولغا ئامالسىز ماڭغانلار، يەنى ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدىن خىزمەت تاپالمىغان ياكى مۇناسىۋەتلىك ئىمتىھانلاردىن ئۆتەلمىگەنلەر.

يەنە بىرى بۇ يولدا مېڭىشنى مۇستەقىل قارار قىلىپ تاللىۋالغانلار. بۇلارنىڭ ئەسلىدە ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدا ئىشلەش ئىقتىدارىمۇ، ئۆرلەپ ئوقۇش ئىمكانىيىتىمۇ بار. ئەمما ئۆزىنىڭ مۇستەقىل غايىسى پىلانىغا ئاساسەن ئىگىلىك تىكلەش يولىنى تاللىۋالغان. بۇنداق ئوقۇغۇچىلارمۇ بەكلا ئاز ساندا.

ئۈچىنچى يولدىكىلەر بولسا، ئەڭ كۆپ ساندىكىلەر بولۇپ، بۇ ھۆكۈمەت خىزمەت ئورۇنلىرىدا ئىشلەشنى تاللىغانلاردۇر.

مانا مۇشۇلارنىڭ ئىچىدە، ئىگىلىك تىكلەشنى تاللىغانلارنى جەمئىيەتنىڭ، ھەتتا ئاتا - ئانىنىڭ قوللىشىمۇ بەكلا ئاز. بۇ باللارنىڭ بىرەر ئىشنى بىر باشقا ئېلىپ چىقىشى بەكلا قىيىن بولۇۋاتىدۇ. چۈنكى، مۇتلەق كۆپ قىسىم ئاتا - ئانىلار ھېلىھەم باللىرىنىڭ ھۆكۈمەتنىڭ مۇقىم خىزمىتىنى قىلىشىنى قاتتىق تەلەپ قىلىدۇ، باللىرىنى ھەتتا مەجبۇرلايدۇ. بۇنىڭدىن باشقىچە بولغان تاللاشنى قەتئىي قوبۇل قىلالمايدۇ. شۇڭلاشقا باللىرى باشقا ئىش قىلمەن، ئىگىلىك تىكلەيمەن دېسە ئاكتىپ قوللاپ كەتمەيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا خېلى كۆپ ساندىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭمۇ ئۆز كۈچىگە تايىنىپ بىرەر ئىش قىلالىشىغا ئىشەنچى يوق، مۇقىم ئىشتاتلىق خىزمەت ئورنىنىلا ئەڭ بىخەتەر پاناھگاھ بىلىدۇ.

ئىگىلىك تىكلەشنى خالايدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ بولسا ئوتتەك قىزغىنلىقى، ئىرادىسى ۋە مەلۇم پىلانلىرى بولسىمۇ يېتەرلىك مەبلىغى، تەجرىبىسى بولمىغاچقا ياكى ئىش باشلاشتىن ئىلگىرى بۇ ھەقتە تەربىيەلىنىپ باقمىغاچقا، بىرەر ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقىشى بەسي مۇشكۈل بولۇۋاتىدۇ. ھازىر ئۇيغۇر جەمئىيىتى ئۈچۈن ئىلىم ئىگىلىرى قانچىلىك زۆرۈر بولسا، ئەمەلىي ئىش قىلىدىغان ئىختىساس ئىگىلىرىمۇ ئوخشاشلا زۆرۈر بولۇۋاتىدۇ. ئىختىساسلىق كارخانىچىلار، باشقۇرغۇچىلار دەل ئەنە شۇنداق ئىرادىسى، غايىسى بار ياشلارنىڭ ئارىسىدىن چىقىدۇ. شۇڭا ئۇلارنى قوللاش، شارائىت، پۇرسەت يارىتىپ بېرىش، كارخانىچىلارنىڭ، پۇلدارلارنىڭ ۋىجدانىي بۇرچى ھېسابلىنىدۇ.

گەرچە بۇ خىل مۇكاپاتلارنىڭ سوممىسى ناھايىتى كۆپ بولۇپ كەتمىگەندىمۇ، ئوقۇغۇچىلارغا نىسبەتەن ئىگىلىك تىكلەشكە قىزىقتۇرۇش، ئالىي مەكتەپلەردە ئىگىلىك تىكلەش قىزغىنلىقى پەيدا قىلىشتا ئالاھىدە پايدىسى بولىدۇ. مۇكاپات سوممىسى ئۇلارغا قوزغىتىش، ئىلھام پەيدا قىلالىسا، شۇنىڭ ئۆزىمۇ چوڭ نەتىجە، گەرچە ئىلتىماس قىلغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ نۇرغۇنلىرى مۇكاپاتقا ئېرىشەلمىگەن تەقدىردىمۇ، مۇشۇ ئىلتىماس داۋامىنىڭ ئۆزىدىلا نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋالىدۇ. مۇشۇنىڭ ئۆزى چوڭ نەتىجە. ئوبيېكتلارنى تاللاش، مۇكاپات سوممىسى، ئىلتىماس تەستىقلاش قەدەم - باسقۇچلىرى قاتارلىق تەپسىلاتلارنى مۇناسىۋەتلىك مۇتەخەسسىسلەر ۋە كارخانا ئورتاق مەسلىھەت ئاساسىدا قارار قىلسا بولىدۇ.

▲ چەت ئەلدە ئوقۇش مۇكاپاتى تەسىس قىلىش

مېنىڭچە بۇ مۇكاپات ئۆز كۈچىگە تايىنىپ چەت ئەلدە ئوقۇش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، ئەمما نامراتلىق تۈپەيلىدىن پۇرسەتتىن مەھرۇم قېلىش ئېھتىمالى بولغان ئىستۇدېنتلارنى ئوبيېكت قىلسا بولىدۇ. بۇنىڭ ئەھمىيىتىنىڭ قانچىلىك زورلۇقىنى دېيىشنىڭ ئورنى بولمىسا كېرەك. تارىخ ۋە رېئاللىق ئالاھىدە ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ رولى، قىممىتىنى، مەلۇم مىللەت، جەمئىيەتكە ئەكىلىدىغان تەسىرىنىڭ قانچىلىك مىسلىسىز ۋە زورلۇقىنى قايتا-قايتا ئىسپاتلىدى. مانا مۇشۇنداق ۋەزنى يۈز مىڭ ئادەمدىن ئېشىپ كېتىدىغان ئادەملەر ئۆزىنىڭ ھاياتىنى بەلگىلىك نىشان، غايە بىلەن ئۆتكۈزەلەيدىغان بالىلارنىڭ ئارىسىدىن چىقىشى مۇمكىن.

ئاسپىرانتلىقتا، بولۇپمۇ چەت ئەلدە ئوقۇش ئوقۇغۇچىنىڭ بىر سوغۇققان ئويىنىڭ نەتىجىسى، كۆڭلىدىكى مەلۇم پىلان-مەقسەتلىرىنىڭ ئىپادىسى. ئۇلار ئوقۇماقچى بولغان كەسىپتە تېخىمۇ چوڭقۇرلاش ئارقىلىق، نېمە قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى، نېمە قىلىشقا تېگىشلىك ئىكەنلىكىنى كەسىپ تاللاشتىن بۇرۇن كاللىسىدىن ئۆتكۈزۈپ بولغان بولىدۇ.

مانا مۇشۇلارنى نەزەردە تۇتقاندا، بۇ مۇكاپاتنىڭ قىممىتى، ئەمەلىي ئۈنۈمى ئالاھىدە زور، ناۋادا كەلگۈسىدە مۇشۇ مۇكاپاتلارنىڭ ياردىمىدە ئوقۇغانلار دۇنيا ئىلىم ساھەسىدە چاقنىيالىسا، ھېچبولمىغاندا، دوكتور، ماگىستىرلىق ئۇنۋانلىرىنى ئېلىپ كېلەلىسىمۇ قالتىس ئىش بولغان بولىدۇ.

بۇنىڭدىمۇ يەنىلا ئوبيېكتلارنى تاللاش ئۆلچەملىرىنى مەخسۇس مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى تەشكىل قىلىپ، ئادىل بىر مېخانىزم بەرپا قىلىش ئارقىلىق بېكىتىش زۆرۈر. بۇ مۇكاپاتلار ئوقۇش ئىستىكى بولسىمۇ، ئىقتىساد تۈپەيلىدىن ئارزۇسىدىن ۋاز كېچىپ بولغان بالىلارغا ئىلھام بولۇشى، ئىستۇدېنتلار ئارىسىدا ئوقۇش قىزغىنلىق پەيدا قىلالىشى مۇمكىن.

(2) ھەرقايسى ئىلىم ساھەلىرىدە مۇكاپات تەسىس قىلىش.

مەيلى ئادەملەر موھتاج بولسۇن-بولمىسۇن، خالىسۇن-خالىمىسۇن، ئادەملەرنىڭ ھەرىكىتى باشقىلار تەرىپىدىن باھالىنىپ، مۇشۇ باھاغا ئاساسەن ئۇنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى، قىممىتى، ئوبرازى بېكىتىلىدۇ. جەمئىيەتتە ياشايدىغان ھەرقانداق ئادەم بۇنىڭدىن خالىي ئەمەس. ئادەممۇ ئۆزىنىڭ قىممىتىنى، ئورنىنى مۇشۇ باھالارغا ئاساسەن دەڭسەيدۇ، ھەرىكىتىنى تەڭشەيدۇ. دېمەك، جەمئىيەتتە ئەسلىدىنلا مەۋجۇت بولغان باھا مېخانىزمى، ئىستىخىيىلىك تەرزدە ئىنسانلارنىڭ ھەر خىل تاللاشلىرىغا تەسىر كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. مەن بۇ يەردە توختالماقچى بولغان مۇكاپات دەل مۇشۇ ئىستىخىيىلىك باھا جەريانىنى سۈنئىي رەۋىشتە تېخىمۇ كونكرېت قاراتمىلىققا ئىگە قىلىدىغان بىر ئۇسۇلدۇر. بۇ يەردە مۇكاپاتنىڭ سوممىسى مۇھىم ئەمەس، بەلكى كىشىلەرنىڭ جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلەردىكى خىزمەت تۆھپىلىرىنىڭ ئىنكاسسىز قېلىشىدىن كېلىپ چىقىدىغان ئىجتىمائىي بىنورماللىقتۇر. ياخشىلىق، گۈزەللىك مەدھىيەلەنگەن، تۆھپىلەر مۇئەييەنلەشتۈرۈلمىگەن، يامانلىق-رەزىللىك سۆكۈلمىگەن، تەنقىدلەنمىگەن جەمئىيەت چوقۇم ئېغىر كېسەللەرگە مۇپتىلا بولىدۇ.

دېمەك، مۇشۇ ئاساسلارغا كۆرە، جەمئىيەتنىڭ ئىلمىي ساھەسىدە ھەر خىل تۈرلەرگە بېغىشلانغان ئىلمىي مۇكاپاتلارمۇ مانا مۇشۇ ئادىل باھا سىستېمىسىنى قايتا تۇرغۇزۇشتىكى بىر ئۇرۇنۇشتۇر. باشقا ئەللەردە بۇنداق مۇكاپاتلار بەكلا جىق. ھەرقايسى كەسىپلەر بويىچە دېگىدەك يىللىق، پەسىللىك خۇلاسىلەر، سان-سىپىرلار ئاساسىدىكى نەتىجىلەر چىقىرىلىپ خىزمەتلەرگە ئامال بار ئادىل باھا بېرىشكە تىرىشىلىدۇ. بۇ ھەقتىكى مىساللار ئىنتايىن كۆپ، ئىلمىي ساھەدىكىنى دېمىگەندىمۇ، تەنتەربىيە، سەنئەت ساھەسىدىكى ھەرقايسى تۈرلەرگە بېغىشلانغان مۇكاپاتلارنى ساناپ بولغىلى بولمايدۇ. تۆۋەندە، بىزنىڭ جەمئىيىتىمىزدە مۇكاپات تەسىس قىلىش ئەھمىيەتلىك دەپ قارالغان بەزى ساھەلەرنى تىلغا ئالىمەن.

(1) ئەدەبىيات ساھەسىدە:

بىزدە ئىلمىي ساھە، زىيالىي دېگەن سۆزلەر تىلغا ئېلىنسا، كىشىلەرنىڭ كاللىسىغا ئەڭ ئاۋۋال ئەدەبىيات ساھەسى ۋە يازغۇچىلار كەلسە كېرەك ھەمدە باشقا ساھەلەرگە قارىغاندا، ئەدەبىياتقا ئاتالغان خالىس مۇكاپاتلارمۇ بىر قەدەر كۆپ. ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشىدا ئەدەبىياتنىڭ تۇتىدىغان ئورنى ئالاھىدە يۇقىرى. مانا مۇشۇ ساھەمۇ يېقىنقى يىللاردىن بېرى بەكلا سوۋۇپ قالدى. ياخشى ئەسەرلەر ئاز، ئەسەرلەرگە تەنقىد-ئوبزورلار يېتەرلىك ئەمەس، مۇنازىرە كەيپىياتى سۇس دېگەندەك تەنقىدلەرگە ئۇچراۋاتىدۇ. مانا مۇشۇنداق بىر ئەھۋالدا، ئەدەبىيات ساھەسىدە مەلۇم تۈردىكى مۇكاپاتلارنى تەسىس قىلىشنىڭ يازغۇچىلارنىڭ ئىجادىيەت قىزغىنلىقىنى كۆتۈرۈشكە، مۇنازىرە، تەنقىد كەيپىياتى پەيدا قىلىشقا ياردىمى بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com

ئەگەر كارخانىلارنىڭ ئىقتىسادى يار بېرىپ، يۇقىرى سوممىلىق مۇكاپات تەسىس قىلالىسا ھەممە تۈرنى كۆپ قىلالىسا تېخىمۇ ياخشى، مەسىلەن مۇنداق ناملاردا مۇكاپات تەسىس قىلىش تامامەن مۇمكىن:

× يىللىق ئەڭ ياخشى رومان
× يىللىق ئەڭ ياخشى ھېكايە،
× يىللىق ئەڭ ياخشى پوۋېست
× يىللىق ئەڭ ياخشى ئەدەبىي تەرجىمە
× يىللىق ئەڭ ئۈمىدلىك ياش يازغۇچى
× يىللىق ئەڭ ياخشى ئوبزور
× يىللىق ئەڭ مۇنەۋۋەر يازغۇچى

ھەتتا ئەڭ ياخشى بالىلار ئەسىرى، ئەڭ ياخشى فانتازىيە... دېگەندەك تۈرلەر بويىچە ئىنچىكىلەپ كەتسە ئۈنۈمى تېخىمۇ زور بولىدۇ. ئەگەر مۇشۇنداق ھالەتتە بىر نەچچە يىل ئۈزۈلمەي داۋاملاشالىسا، ئەدەبىيات ساھەيمىزدە نۇرغۇن يېڭىلىقلار مەيدانغا كېلىشى، جانلىنىش مەيدانغا كېلىشى مۇقەررەر.

(2) ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدە:

بىز كۆپىنچە ھالدا ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى ئىجتىمائىي پەن بىلەن باراۋەر ئۇقۇم سۈپىتىدە چۈشىنىۋالىمىز. شۇنىڭ بىلەن يېزىلىۋاتقان رومان ـ ھېكايىلەرنىڭ سانىغا قاراپلا، بىزدە ئىجتىمائىي پەن خېلىلا تەرەققىي قىلغان دەيدىغان خاتا چۈشەنچىگە كېلىپ قالىمىز. بۇ يەردە ئىجتىمائىي پەننىڭ بىزدىكى ئومۇمىي ئەھۋالى ھەققىدە توختىلىپ بولالمايمىز. ئەمما مەن ھېچبولمىسا، مۇشۇنداق بەزى خالىس مۇكاپاتلارنىڭ بۇ ساھەنى تېخىمۇ ئويغىتىش، جانلاندۇرۇشتا مەلۇم ياردىمى بولىدۇ دەپ قارايمەن. چۈنكى، بىز ئۆزىمىزدىكى نۇرغۇن مەسىلىلەرنى ھازىرغىچە خۇسۇسىي ئوي ـ تەسىرات بىلەن مۇلاھىزە قىلىپ كەلدۇق. ئىنتايىن چوڭ مەسىلىلەر ھەققىدە سۇبيېكتىپ خاھىشلىرىمىزنى دەلىللەپ باقماستىن ئوتتۇرىغا تاشلاۋەردۇق. ئەمەلىيلىكتە مۇناسىۋەتلىك پەنلەرنىڭ نەزەرىيە مېتودلىرى ئارقىلىق، ھەرقانداق مەسىلىنى ئىلمىي ئۇسۇلدا، سوغۇققان، ئوبيېكتىپ مۇھاكىمە قىلىدىغان باسقۇچقا كەلدۇق. بىزدە ھازىر جەمئىيەتشۇناسلىق، پسىخولوگىيە، تارىخ، ئىنسانشۇناسلىق، كارخانا باشقۇرۇش، ئىقتىسادشۇناسلىق... قاتارلىق يىرىك ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ ياردىمىدە مەسىلىلىرىمىز ھەققىدىكى مۇلاھىزىنى ھەققىي ئىلمىي يۈكسەكلىككە كۆتۈرىدىغان ئىلمىي ئەسەرلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشى مۇقەررەر تەلەپكە ئايلىنىپ قالدى.

دېمەك، مەزكۇر ساھەگە ئاتالغان مۇكاپاتنىڭ تەتقىقاتچىلارنىڭ قىزغىنلىقىنى قوزغاشقا، ياش ئىزدەنگۈچىلەرنىڭ ئىلمىي تەتقىقات يولىغا مېڭىشىغا، ئاۋامنىڭ دىققىتىنىمۇ تەسىرات يازمىلىرىدىن تەتقىقات يازمىلىرىغا بۇراشتا ئالاھىدە ياردىمى بولىدۇ. بۇنىڭدا مېنىڭچە ئىلمىي ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان ئىلمىي ئەسەرلەرنىمۇ، نەشرىياتلار نەشر قىلغان كىتاب، ھەتتا مۇنەۋۋەر تەرجىمە ئەسەرلەرنىمۇ تاللاش مۇمكىن.

(3) تەبىئىي پەن ساھەسىدە:

بۇ ئاساسەن ھەرقايسى ئۇنىۋېرسىتېتتا، تەتقىقات ئاكادېمىيەلىرى، شۇنداقلا كەڭ جەمئىيەت ئەزالىرى ئارىسىدىكى تەبىئىي پەننىڭ مەلۇم ساھەسىدە نەتىجە ياراتقانلارغا بېرىلىدىغان مۇكاپات بولسا بولىدۇ. ئۇ مەلۇم بىر بايقاش ياكى بىرەر تېخنىكا ياكى ئۈسكۈنە كەشپ قىلىش ۋە ياكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئىلمىي ژۇرناللارغا تاللانغان ماقالىلەر بولسا بولۇۋېرىدۇ.

تەبىئىي پەننىڭ بىز ئۈچۈن قانچىلىك مۇھىملىقىنى ھەممىمىز ئېتىراپ قىلىمىز. ئەمما تەبىئىي پەنگە بولغان قىزغىنلىقىمىزنىڭ تولىمۇ تۆۋەن ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشىمىزمۇ مۇمكىن. مۇشۇ ساھەگە بېغىشلانغان مۇكاپاتلارنىڭمۇ ئوقۇغۇچىلار، جەمئىيەت ئەزالىرى ئارىسىدا تەبىئىي پەن ئۆگىنىش قىزغىنلىقى قوزغىيالىسا، تەبىئىي پەن ئوقۇغۇچىلىرىغا، خەلق ئىچىدىكى كەشپىياتچىلارغا ئاز ـ تولا ئۈمىد بېغىشلىيالىسا، شۇنىڭ ئۆزىمۇ زور نەتىجە ھېسابلىنىدۇ.. مەسىلەن: ئەڭ ياخشى يۇمشاق دېتال، ئەڭ ياخشى كەشپىيات، ئەڭ ياخشى ماقالە ياكى ئەڭ ياخشى پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ماقالىسى دېگەندەك ناملاردا، بەلكىم يەنە تېخىمۇ كەڭرى تۈرلەر بويىچە تەسىس قىلىش مۇمكىن.

مەدەنىيەت ـ مائارىپ ساھەسىدە قىلىش زۆرۈر ئىشنىڭ يەنە بىرى مېنىڭچە بىلىم تارقىتىشقا مەبلەغ سېلىش.

بىر ئادەمنىڭ قولىدىن زادى قانچىلىك ئىش كېلىشى تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا، ئۆزىنىڭ قانچىلىك بىلگىنى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ كېرەك. خۇددى شۇنىڭدەك بىرەر جەمئىيەتنىڭ ھاياتىي كۈچى، ئۈمىدكە تولغان كەلگۈسى، شۇ جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ساپاسىنىڭ ياخشىلىنىشىغا باغلىق بولىدۇ. بۇ ساپا بولسا يەنىلا ئۇلاردىكى بىلىم ـ ئۇچۇر زاپىسىنى مۇھىم دەس-

مايە قىلىشى مۇمكىن. ئەلۋەتتە ئادەمنىڭ ساپاسى بىلىمدىنلا تەركىب تاپمايدۇ. ئەمما ساپانى بىلىمسىزمۇ تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. مانا مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، جەمئىيەتتە كىشىلەر ئېرىشەلەيدىغان بىلىم - ئۇچۇر مەنبەلىرىنىڭ كۆپىيىشى، كۆپخىللىشىشى، شۇنداقلا كەڭ كۆلەمدە تارقىلىپ، ئېرىشىشنىڭ قولايلىشىشى ئومۇمىي خەلقنىڭ ئۇنىۋېرسال ساپاسىنى ئۆستۈرۈشتە ئاچقۇچلۇق رول ئوينايدۇ. بىز مەكتەپ پۈتكۈزۈپ بولغاندىن كېيىنمۇ بىلىمگە موھتاج بولىمىز، ھەتتا تېخىمۇ بەكرەك موھتاج بولىمىز. مانا بۇ بىلىم مەنبەلىرى بىزنىڭ كېيىنكى بىلىم ئېھتىياجىمىزنى قاندۇرىدۇ.

نۆۋەتتە، ئۇيغۇرلار مائارىپ، مەتبۇئات، تور قاتارلىق ۋاستىلەرنىڭ ياردىمىدە ئىلگىرىكىگە سېلىشتۇرغاندا بىلىم - ئۇچۇرغا كۆپ ئېرىشكەندەك قىلسىمۇ، ئەمما بىزنىڭ ئېھتىياجىمىز ۋە شۇنداقلا دۇنيانىڭ سەۋىيەسى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئەھۋالنى تولىمۇ بىچارە ھالەتتە دېيىشكە بولىدۇ. بىز تىل توسالغۇسى ۋە باشقا تاشقى ئامىللار تۈپەيلىدىن دۇنيانىڭ ئىلىم ساھەسىدىن بەكلا يىراقتا قېلىۋاتىمىز. يۇقىرى مەلۇماتلىقلارنىڭ مىللەت گەۋدىسىدىكى تارقىلىشى بەكلا شالاڭ. شۇڭلاشقا مەن جەمئىيەت ئۈچۈن ئېرىشىش قولاي بولغان بىلىم - ئۇچۇر مەنبەلىرىنى كۆپەيتىپ بېرىشنى مىللەتنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشتىكى ئىنتايىن مۇھىم خىزمەت دەپ قارايمەن.

مېنىڭچە بۇ خىزمەتنى مۇنداق بىر نەچچە خىل شەكىلدە ئېلىپ بېرىش مۇمكىن:

1. مەتبۇئات ئارقىلىق:

مەتبۇئات دېگىنىمىز، رايونىمىز تەۋەسىدە قانۇنلۇق نەشر قىلىنىۋاتقان كىتاب، ژۇرنال، گېزىتلەرنى كۆرسىتىدۇ. ھازىر بار بولغان مەتبۇئات مەنبەلىرىنىڭ تەمىنلەۋاتقان بىلىم، ئۇچۇرلىرىنىڭ مىقدارى، سۈپىتى ئىلگىرىكىدىن ياخشى بولسىمۇ، ھازىرقى دۇنيانىڭ سەۋىيەسىگە، شۇنداقلا بىزنىڭ بىلىمگە بولغان ئېھتىياجىمىزنىڭ تەخىرسىزلىكىگە سېلىشتۇرغاندا، ئارىلىق بەكلا يىراق، ھەرقايسى پەنلەرگە دائىر دۇنياۋى ئەسەرلەرنىڭ نەشر قىلىنىشى يوق دېيەرلىك، يېڭى ئەسەرلەر ئەمەس، كونا دۇنياۋى كىلاسسىك ئەسەرلەرمۇ تۈزۈكرەك تەرجىمە قىلىنغىنى يوق. قىسقىسى، بۇ جەھەتتىكى نامراتلىق ئىنتايىن ئېغىر.

بۇ جەھەتتە كارخانىلار مۇنداق ئىشلارنى قىلالىشى مۇمكىن:

(1) ھەرقايسى نەشرىياتلار بىلەن كېڭىشىپ، ئىقتىساد يېتىشمەسلىكى تۈپەيلىدىن چىقىرالمايۋاتقان كىتابلارنى چىقىرىشقا ياردەملىشىش.

(2) ھەرقايسى ئىلىم ساھەسىدىكى مۇتەخەسسىسلەرنى تەكلىپ قىلىپ، زۆرۈر دەپ قارالغان يېڭى كىتابلارنى تاللاپ، نەشر قىلىشقا كېتەرلىك ئىقتىسادنى ئۈستىگە ئېلىش.

(3) يازغۇچىلار ياكى تەرجىمانلارغا بېرىلىدىغان قەلەم ھەققىنىڭ ھەممىسىنى ياكى بىر قىسمىنى ئۈستىگە ئېلىش. قەلەم ھەققى تۆۋەنلىكىمۇ نۇرغۇن تەرجىمانلارنىڭ قەلەمنى تاشلىۋېتىشىگە سەۋەب بولغان مۇھىم ئامىلنىڭ بىرى. ناۋادا قەلەم ھەققىنى ھازىرقىدىن بىر ھەسسە كۆپەيسە، تەرجىمان، يازغۇچىلارنىڭ قىزغىنلىقى چوقۇم يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ. ئىلمىي ئەمگەك بىلەن تۇرمۇشنى قامدىغىلى بولماسلىقتەك رېئاللىق ئۆزگەرتىلمىسە، بىزدە مول ئىلمىي نەتىجىلەردىن ئۈمىد كۈتۈش سەل ئەخمەقانىلىق.

(4) ھەرقايسى ژۇرنال رېداكسىيەلىرى تەسىس قىلغان مۇكاپاتنىڭ سوممىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ياكى مۇشۇنداق مۇكاپاتلارنى تەسىس قىلىش.

(5) نەشرىياتلار نەشر قىلغان كىتابلارنى سېتىۋېلىش

ھەر يىلى دېگۈدەك نەشر قىلىنغان نۇرغۇن كىتابلار ئوبدان سېتىلماي بېسىلىپ قالىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە نۇرغۇن ياخشى كىتابلارمۇ بار. كارخانىلار مۇشۇنداق كىتابلارنى سېتىۋېلىپ، تۆۋەندىكى ئېھتىياجلىق قىرائەتخانىلارغا ئىئانە قىلسىمۇ، بۇمۇ نەشرىياتلارغا قىلىنغان ئەڭ زور ياردەم بوپقالىدۇ. ھېچبولمىغاندا كارخانىلار ئۆزىنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلىرى ئۈچۈن قەرەللىك كىتاب سېتىۋالسىمۇ، ژۇرناللارغا مۇقىم مۇشتەرى بولۇپ، شىركەتتە بىر قىرائەتخانا تەسىس قىلسىمۇ، ئالاھىدە ياخشى ئىش بولىدۇ.

2. ئۈن - سىن بۇيۇملىرى ئارقىلىق:

كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىزكى، ئۈن - سىن بۇيۇملىرىمۇ بارغانسېرى يېزىققا ئوخشاش بىلىم - ئۇچۇر تارقىتىدىغان ئەڭ مۇھىم ۋاستىلەرنىڭ بىرىگە ئايلىنىپ قالدى. تۇرمۇش رىتىمىنىڭ تېزلىشىشى ۋە كىنو - تېلېۋىزىيە، ئىنتېرنېتنىڭ ئومۇملىشىشى، كىشىلەرنىڭ كىتاب ئوقۇيدىغان زور بىر قىسىم ۋاقتىنى ئىگىلىدى. ئۈن - سىن ئارقىلىق بىلىم ئىگىلەش بارغانسېرى ئومۇملىشىشقا يۈزلەندى. ھازىر توردا خارۋارد، يالى، ئوكسفورت، كامبرىج قاتارلىقلارنىڭ ھەقسىز ئوچۇق

دەرسلىرى بار، مەخسۇس سىن دەرس ئىشلەپ سېتىۋاتقان شىركەتلەرمۇ نۇرغۇن، ھازىر چەت ئەلدىكى نۇرغۇن نەشرىياتلار نەشر قىلىدىغان كىتابلىرىنىڭ ئۈن نۇسخىسىنى تەڭ بازارغا سېلىۋاتىدۇ. يەنە ئۇنىڭدىن باشقا نۇرغۇن داڭلىق مېدىيا شىركەتلىرى — مەسىلەن، BBS، PBS تارىخ قانىلى (History Channel)، ئىزدىنىش قانىلى (Discovery)، دۆلەت، جۇغراپىيەسى (National Geography) قاتارلىقلار زور مەبلەغ سېلىپ، ئاسترونومىيە، بىيولوگىيە، تارىخ - جۇغراپىيە، سىياسىي، ئىقتىساد... قاتارلىق ساھەلەر بويىچە ناھايىتى يۇقىرى سۈپەتلىك ھۆججەتلىك فىلىملەرنى ئىشلەۋاتىدۇ. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسىدە ناھايىتى مول، قىممەتلىك بىلىملەر بار. ئاڭلاش ۋە كۆرۈش ئوقۇشقا قارىغاندا تېخىمۇ تېز، قولاي ئۇسۇل، يەنە كېلىپ ھازىر كۆچمە ئۈسكۈنىلەرنىڭ، سىمسىز تورنىڭ ئومۇملىششى بىلەن بىز خالىغان چاغدا يۇقىرىقىلارنى كۆرەلەيدىغان بولدۇق.

ۋەھالەنكى، كۆپىنچىمىز بۇلاردىن تىل توسالغۇسى تۈپەيلىدىن پايدىلىنالمايمىز. ئەگەر مانا مۇشۇلار تەرجىمە قىلىنسا، كىشىلەر بىلىم ئىگىلەيدىغان يېڭى مەنبەگە ئېرىشكەن بولاتتى. دېمەك، كارخانىلار كىچىككىنە مەبلەغ بىلەن يۇقىرىقىدەك دەرس، ھۆججەتلىك فىلىملەرنى تەرجىمە قىلدۇرۇپ، خەلققە ھەقلىق ياكى ھەقسىز تەمىنلىيەلىسە تولىمۇ ئۈنۈملۈك ئاقارتىش بولاتتى.

3. مەخسۇس كەسپىي تور بەتلەرنى قۇرۇش ئارقىلىق:

ھازىر ئىنتېرنېتنىڭ ئىنسانلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت تۇرمۇشقا، تەپەككۇر - بىلىم ئېلىش ئۇسۇلىغا ئېلىپ كەلگەن مىسلىسىز تەسىر ئۆزگىرىشلىرىنى يەنىمۇ چۈشەندۈرۈشنىڭ قىلچە ھاجىتى قالمىغان بولسا كېرەك.

ھازىر ئۇيغۇر تور بەتلىرىگە قارايدىغان بولساق سۈپەتلىك باشقۇرۇلغان، كەسپىي، ئىلمىي تور بەتلەر ئىنتايىن ئاز. تىل توسالغۇسى تۈپەيلىدىن كىشىلەر چەت ئەل تور بەتلىرىدىكى ئېسىل، سەرخىل مەزمۇنلاردىن پايدىلىنالمايۋاتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇيغۇر تورخانىلارمۇ كۆپىيىۋاتىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا ئەنە شۇنداق ئېسىل مەزمۇنلارنى تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇرىدىغان تور بەتلەرگە ئېھتىياجلىق بولۇۋاتىمىز. ئەگەر بۇنداق بىلىم خاراكتېرىدىكى تور بەتلەر سۈپەتلىك باشقۇرۇلۇپ، مەزمۇن يېڭىلىنىپ تۇرسا، بەلكىم بىر مەكتەپنىڭ، بىر نەشرىياتنىڭ، بىر ژۇرنالنىڭ رولىنى ئوينىيالايدۇ. ئەمما بۇ خىل تور بەتلەر سودا تور بەتلىرىدەك ئىقتىسادىي قىممەت يارىتالمىغاچقا، مۇقىم ئىقتىسادىي مەنبە بولمىسا، بۇنداق تور بەتلەرنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇش بەكلا تەس. شۇڭلاشقا بۇنداق ئىشلارنى خالىس قوللايدىغان كارخانىلارنىڭ ياردىمىدە ئاندىن بۇنداق بەتلەرنى قامداپ مېڭىش مۇمكىن. بۇ خىلدىكى تور بەتلەر ھەر خىل بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن: ۋىكىپېدىيادەك ئېنىسكلوپېدىيە خاراكتېرلىك تور بەتلەر ياكى مەخسۇس سىن لېكسىيە، دەرسلىرى تەمىنلەيدىغان تور بەتلەر ياكى ھەرقايسى پەن - كەسپلەرگە بېغىشلانغان، شۇ پەنلەرگە تونۇشتۇرىدىغان تور بەت بولسىمۇ بولىدۇ. بىزگە بۇ خىل تور بەتلەر قانچە كۆپ بولسىمۇ كۆپلۈك قىلمايدۇ.

نۆۋەتتە، شۇنداقلا كەلگۈسىدە ئىنتېرنېت بىزنىڭ دۇنيانى كۆزىتىدىغان، چۈشىنىدىغان، ھەر خىل بىلىم - ئۇچۇرلارنى قوبۇل قىلىدىغان ئەڭ مۇھىم مەنبەيىمىز بولۇپ قالىدۇ. بۇ مەنبەنى قانچە ياخشى مەزمۇن، ئۇچۇر بىلەن توشقۇزالىساق، كىتابنى ئاز ئوقۇپ، تورنى كۆپ كۆرىدىغان كەلگۈسى ئەۋلادلىرىمىزغا پايدىلىق ئوزۇق قالدۇرالايمىز.

## خاتىمە

قايتا تەپسىلىي بىر خۇلاسە چىقىرىش ماقالىنى يەنىمۇ ئۇزارتىۋېتىدۇ. قىسقىچە ئېيتقاندا، كارخانىچىلار، بايلار مۇنداق بىر ھەقىقەتنى ھەر ۋاقىت ئۇنتۇپ قالماسلىقى زۆرۈر: تارىختا ياكى رېئاللىقتا بىز تېخى ھېچقانداق بىر باينىڭ ياخشىلىق، ساخاۋەتكە ئىقتىساد سەرپ قىلغانلىقى بىلەن نامراتلىشىپ ۋەيران بولۇپ كەتكىنىنى بىلمەيمىز. دەل بۇنىڭ ئەكسىچە مىساللار ئىنتايىن نۇرغۇن. ئۆز ئېلىدىكى ۋاقىتلىق مەۋجۇت بۇ بايلىقتىن پۇرسەت بار چاغدا پايدىلىنىۋېلىش، باشقىلارغا ياردەم قىلىۋېلىش بايلارنىڭ ئۆزى ئۈچۈنمۇ بىر غەنىيمەتتۇر.

مېنىڭچە بىر غايىلىك، قىلىۋاتقان ئىشىنىڭ قىممىتى، ئەھمىيىتىنى چۈشىنىدىغان كارخانىچى بايى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان مەسئۇلىيەتلەرنىڭ ۋەزنى، قىممىتىنى ھېس قىلالايدۇ، بايلىقنى مەقسەت ئەمەس، ۋاستىسىگە ئايلاندۇرالايدۇ.

---

ئاپتور: شىنجاڭ بىلكان ئېلېكترون سودا چەكلىك شىركىتىدىن.




www.uyghurkitap.com

1

چىكاگوغا يېرىم كېچىدە چۈشۈپ قالدۇق. ئامېرىكىنىڭ شىمالىي ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان بۇ خەلقئارالىق شەھەر ئۆكتەبىر ئېيىنىڭ تولۇق چىقمىغىنىغا قارىماي مەڭزىمىزگە نەشتەردەك ئۇرۇلىدىغان ئاچچىق شامىلى بىلەن بىزنى كۈتۈۋالدى. بۇ 2012 - يىلىنىڭ ئاخىرقى ئايلىرى ئىدى. كەچ كۈز تېخى ئەمدىلا باشلانغىنىغا قارىماي شەھەرنىڭ ئاچچىق شامىلى يۈزنى ۋىژ - ۋىژ چاقاتتى؛ گەجگىنى قورۇيتتى. نېمە ئۈچۈن چىكاگونىڭ شاماللىق شەھەر دەپ ئاتىلىدىغانلىقىغا شۇندىلا چىنپۈتتۈم.

يېڭى بىر يەرگە بارسام چاتما ئەسلىمىلىرىم قوزغىلاتتى. يېڭى مەنزىرىلەر، يېڭى چىرايلار مېنى ئىختىيارسىز زەنجىرسىمان خىياللار قاينىمىغا غەرق قىلاتتى. بۈگۈنمۇ شۇنداق بولدى. چىكاگونىڭ شامىلى ماڭا نېمىشقىدۇر ئانا يۇرتۇم ئۈچتۇرپاننىڭ كەچ كۈز مەزگىلىدە چىقىدىغان ئاچچىق شامىلىنى ئەسلەتتى. 20 يىللار بۇرۇن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدا، ئۆيىمىز بىلەن ئۈچتۇرپان ناھىيەلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ ئارىلىقىدىكى ئىككى كىلومېتىر ئارىلىقتا چىكاگونىڭكىدەك ئاچچىق شامال يۈزۈمنى چاقاتتى. شۇ تاپتا چىكاگونىڭ شامىلىنى كۆرۈپ نېمىشقا ئۈچتۇرپاننىڭ شامىلىنى ئەسكە ئېلىپ قالغىنىمنى، مېڭەمدە قانداقسىگە مۇناسىۋەتسىز ئىككى يەرگە ئائىت ئۇچۇرلارنىڭ بىرلا ۋاقىتتا زاھىر بولغانلىقىنى ھېچ بىلەلمىدىم. يوشۇرۇن ئاڭدا بېسىلغان ئەسلىمىلەر كۈچىنى كۆرسىتىۋاتقان بولسا كېرەك.

ھاۋايدا قارا تەنلىك ئادەملەرنى ئانچە جىق كۆرۈپ باقمىغانىدىم. چىكاگوغا كەلگىچە چۈشكەن ئاپتوبۇستا قارا تەنلىك كۆپ ئىدى، ئاپتوبۇس شوپۇرىمۇ قارا تەنلىك ئىدى. ئايالىم بىلەن مەن ئىندىئانا ئىشتاتىنىڭ ئىندىئانا پولىس دېگەن شەھىرىدىن چىكاگوغا بارغىچە ئارىلىقتا كېتىدىغان ۋاقىتنى خاتا ھېسابلاپ كەچ ئون يېرىمنىڭ بېلىتىنى ئېلىۋاپتۇق. كۈتمىگەندە ئاپتوبۇس بىزنى ئەتىگەن سائەت تۆتتە چىكاگوغا تاشلاپ قويدى. ئاپتوبۇسنىڭ قارا تەنلىك شوپۇرى سۈرلۈك، كەسكىن ئادەم ئىدى. ماشىنا قوزغىلىشتىن ئاۋۋال چەكلەنگەن ئىشلارنى تىلغا ئېلىپ تاماكا چېكىشكە، ئىسپىرتلىق ئىچىملىكلەرنى ئىچىشكە، ئۈنلۈك ئاۋازدا گەپ قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى ئېنىق ئەسكەرتتى. «ھەر

نىمە بولسا تاماكا چەككىلى قويمايدىكەن» دەپ خۇش بولدى ئايالىم. ئۇخلايدىغان ۋاقتى بولسىمۇ ئالتە ياشلىق ئوغلۇمنىڭ سوئاللىرى تۈگىمەيتتى. ئۇ سىنىپ مۇدىرىدىن رۇخسەت سوراپ چىقىش ئالدىدا ساياھەت قىلىدىغان شەھەرلەرنىڭ قاتارىدا چىكاگونىمۇ تىلغا ئاپتىكەن، شۇڭىمۇ ھاياجىنى بېسىلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى.

— چىكاگوغا ماڭدۇق، ھازىر تېخى كەچ. بىردەم ئۇخلىۋال، بالام، — دېدىم ئوغلۇمغا.

ئوغلۇم ئۇخلايدىغاندەك ئەمەس. ئەسلىدە ئىندىئانا بىلەن چىكاگو ئارىلىقىدىكى يوللارنى كۆرۈپ ماڭارمەن دەپ ئويلىغانىدىم. ئەمما، كېچە بولغىنى ئۈچۈن سىرتتىن قاراقۇرا ھالەتتە كۆزگە كۆرۈنىدىغان دالادىن ھېچنېمىنى پەرق ئەتكىلى بولمىدى. قارىغاندا مېڭىۋاتقان يولىمىز شەھەرلەر ئارىسىدىكى يېزىلار بولسا كېرەك. ئارقامدىكى قارا تەنلىك بىر جۈپ ئەر- ئايال خورەكنى باشلىۋەتتى. بىزنىڭ چىققىنىمىز ئامېرىكا چوڭ قۇرۇقلۇقىدا قاتنايدىغان يىلپىز ماركىلىق ئاپتوبۇسلاردىن ئىكەن؛ تېز، سىلىق ماڭاتتى.

— كۇچادىن ئۈرۈمچىگە ماڭىدىغان تېز سۈرئەتلىك ئاپتوبۇسلارچىلىك ئەمەسكەن، ئامېرىكىنىڭ ئاپتوبۇسى دېسە قانچىلىك ھەشەمەتلىككىن دەپتىمەن، — دېدى ئايالىم.

— ھەممە نەرسە تەسەۋۋۇردا تۇرغاندا گۈزەل، — دېدىم ئاۋازىمنى ئۈنلۈك چىقارماسلىققا تىرىشىپ.

تېلېفونۇمنى ئېچىپ توردىن چىكاگوغا مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلارنى ئىزدىدىم:

چىكاگو ئامېرىكىدىكى نيۇيوركتىن قالسا 2- چوڭ، زامانىۋى شەھەر...

پۇل- مۇئامىلە، سودا مەركىزى، دۇنيادىكى ئەڭ ئېگىز بىنالارنىڭ كۆپى چىكاگودا...

مىچىگان كۆلى دۇنياغا داڭلىق مەنزىرىلىك كۆللەرنىڭ بىرى...

چىكاگو ئۇنىۋېرسىتېتى دۇنيادىكى ئەڭ داڭلىق ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ بىرى...

مېنىڭ چىكاگوغا مۇناسىۋەتلىك دەسلەپكى ئەسلىملىرىم ئۆزۈم كۆرگەن ئامېرىكا فىلىملىرىدىن كەلگەنىدى. «ئوسكار» مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن «چىكاگو» ناملىق بىر كىنو بولىدىغان، كىنودا نىقابلىق ياسانغان ئىككى ئوغرى چىكاگو شەھىرىدىكى بىر بانكىدىن بىر مۇنچە پۇلنى بۇلاپ قاچاتتى... مەن كۆرگەن يۇقىرىقىدەك كىنولاردا چىكاگو جىنايەت، ئېتىشىش جىق يۈز بېرىدىغان شەھەر ئىدى. شۇڭلاشقىمۇ كېلىشتىن بۇرۇن شەھەرنىڭ ئامانلىق ئەھۋالى ھەققىدىكى ئۇچۇرلارنى توردىن ئاختۇرغانىدىم، تەكشۈرۈش نەتىجىسى مەن ئويلىغاندەك ئەمەس بولۇپ چىقتى.

چىكاگودا ئىشلەنگەن كىنولاردىن باشقا ئۆزۈم ئەسەرلىرىنى ياقتۇرۇپ ئوقۇيدىغان جون دۇۋېي، خېربېرت مىد قاتارلىق ئامېرىكا مۇتەپەككۇرلىرىمۇ مېنى چىكاگوغا تەلپۈندۈرۈپ كەلگەنىدى. ئامېرىكا بۈيۈك پەيلاسوپى جون دۇۋېي 20- ئەسىرنىڭ بېشىدا بۈگۈنكى زامانىۋى مائارىپ نەزەرىيەسىگە ئۇل سالغان «ئويۇن ئىچىدە، ئېستېتىك تۇيغۇ ئىچىدە ئۆگىتىش» مەزمۇنىدىكى بىر يۈرۈش مائارىپ نەزەرىيەسىنى چىكاگو ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى جون دۇۋېي مەكتىپىدە سىناق قىلىپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغانىدى. ئۇنىڭدىن باشقا ئامېرىكا جەمئىيەتشۇناسلىقىنىڭ، توغرىراقى جەمئىيەتشۇناسلىقتىكى ئۈچ غول نەزەرىيەنىڭ بىرى بولغان سىمۋوللۇق ئالاقە نەزەرىيەسىنىڭ پېشۋاسى خېربېرت مىد دۇنياغا داڭلىق چىكاگو ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئۆزىنىڭ نەزەرىيەۋى مودېلىنى تىكلىگەنىدى. ئادەتتە چىكاگو ئۇنىۋېرسىتېتى دۇنيا جەمئىيەتشۇناسلىقىنىڭ بۆشۈكى دەپ قارىلاتتى. 20- ئەسىردىكى ئەڭ مۇھىم جەمئىيەتشۇناسلاردىن ئېرۋىڭ گوفمان، خېربېرت بلۇمېر مۇشۇ مەكتەپتە ئوقۇغان ھەم ئوقۇتقۇچىلىق بىلەن شۇغۇللانغانىدى. ئاشۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇش داۋامىدا چىكاگو ئۇنىۋېرسىتېتىغا مۇناسىۋەتلىك غايىۋانە تەلپۈنۈش ھېسسىياتى قەلبىمدە لەڭ ئۇرۇپ ئۈلگۈرگەنىدى.

ئاپتوبۇستىن چۈشتۇق، بېكەت تاختىسىدىكى «چىكاگوغا كەلگىنىڭىزنى قارشى ئالىمىز» دېگەن خەت كۆزۈمگە چېلىقتى. بالام ئۇيقۇلۇق كۆزلىرىنى ئۇۋىلاپ تۇرۇپ «نەگە كەلدۇق» دەپ سورىدى. يۈك- تاقلىرىمىزنى ئېلىپ بېكەت كۈتۈش زالى ئىچىگە كىردۇق. ئاپتوبۇس ساقلاۋاتامدۇ ياكى ئۆيى بولمىغاچقا كېچىنى مۇشۇ يەردە ئۆتكۈزۈۋاتامدۇ، ئەيتاۋۇر زالنىڭ ئۇ يەر، بۇ يېرىدە بىر نەچچە قارا تەنلىك كىشى غەرق ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. «قارا تەنلىكلەر ئەجەب كۆپىكىنا» دېدى ئايالىم ھەيرانلىقىنى يوشۇرالماي. ھاۋايىدا قارا تەنلىكلەر ئاساسەن يوق بولغاچقا، ئۇنىڭ ھەي-

رانلىقنى چۈشىنىشكە بولاتتى. زالنىڭ نېرى بۇرجىكىدە تا-
ماقخانا بولۇپ، ئۇ تەرەپتىن كېلىۋاتقان كۈچلۈك تاماق پۇ-
رىقى ئەتىگەندە ماڭا ئانچە خۇش يېقىپ كەتمىدى. قانداق
قىلىش كېرەك؟ چىكاگوغا ئەتىگەن سائەت يەتتىدە چۈشەر
مىز مىكىن دەپ ئويلىغانىدىم، كۈتمىگەندە سائەت تۆتتە
چۈشۈپ قالدۇق. ئەمدى بۇ چاغ بولغاندا بىرەر يەردىن
مېھمانخانا ئىزدەيلى دېسەك، بىردەمدە تاڭ ئېتىپ كېتەتتى.
يەنە كېلىپ بۈگۈن كەچتىكى ۋاقىت جەدۋىلىمىز زىچ
بولۇپ، كەچ سائەت ئوندا چىكاگودىن ۋاشىنگتونغا قاراپ
يولغا چىقىشىمىز كېرەك ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە چىكاگو ئۇ-
نىۋېرستېتىنى ئەتىگەندىلا ساياھەت قىلىشنى پىلانلىغانلىقىمى-
مىز ئۈچۈن، ئەمدى ياتاق ئېلىپ بىر - ئىككى سائەت
ئۇخلاپ چىقساق باشقا ئىشلارغا ۋاقىت يەتمەيدىغانلىقى
ئېنىق ئىدى.

ئاگىنچە ئوغلۇمنىڭ ئۇيقۇسى تولۇق يېشىلدى. ئايالىم
بىلەن مەسلىھەتلىشىپ سىرتتا بىرەر قەھۋەخانىدا قەھۋە
ئىچكەچ بىرەر سائەت ۋاقىت ئۆتكۈزۈشنى مەسلىھەتلەش-
تۇق. بېكەت ئىشكىدىن چىقىپ ئارقامغا قارىسام، بېكەت
فورمىسى كىيىۋالغان، يۈك - تاق چۈشۈرۈشكە مەسئۇل
ئىككى قارا تەنلىك بالا بىزگە قاراپ تۇرۇپتۇ. كۆزىمىز ئۇچ-
راشتى، مەن نېمىشقىدۇر تازا خاتىرجەم بولالمىدىم. قارا
تەنلىك بالىلارنىڭ كۆزلىرى ئادەمگە جىددىي تىكىلەتتى.
«چىقماي تۇرامدۇق يا» دېدى ئايالىم ئۇ بالىلارنىڭ قاراش-
لىرىدىن خاتىرجەم بولالمىغاندەك. تېخى تاڭ سۈزۈلمىگەن
بولۇپ كوچىدا ھېچكىم يوق ئىدى. ئالدىمغا مېڭىپ بولۇپ،
ئۇ بالىلار بىلەن سالاملىشىش ۋە شۇ ئارقىلىق كاللامدىكى
تۈگۈنلەرنى يېشىش قارارىغا كەلدىم:

— يىگىتلەر، بۇ ئەتراپتا قەھۋەخانا تېپىلامدۇ؟

بايىدىن بېرى بىزدىن كۆزىنى ئۈزمىگەن، شەپكىسىنى
تەتۈر كىيىۋالغان ياغاق يۈز، قارا تەنلىك بالا ئېغىز ئاچتى:

— يولغا چىقىپ ئوڭ تەرەپكە بۇرۇلۇپ ئازراق ماڭ-
ساڭلار ئۈچ دوقمۇشتىن كېيىن 24 سائەت ئېچىلىدىغان تاللا
بازىرىنى ئۇچرىتىسىلەر. شۇ يەردە قەھۋە، بولكا تېپىلىدۇ.

بەدەن تىلى ئادەمنى ئەنسىز قىلغىنى بىلەن بۇ بالىنىڭ
ئاھاڭىدىن ناچار ئادەم ئەمەسلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. مەن
ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتقاچ قوشۇپ قويدۇم:

— سىلەرمۇ سوغۇقتا تولغانسىلەر، بىز بىردەم
تۇرۇپ قايتىپ كېلىمىز، سىلەرگە ئىسسىق قەھۋە ئالغاچ كې-
لەيلىمۇ؟

شۇ گېپىم بىلەن تەڭ ئۇ يىگىتنىڭ چىرايىدا بىردىنلا
كۈلۈمسىرەش پەيدا بولدى:

— مەيلى، سىلەرگە مالال كەلمىسە.

قارا تەنلىك يىگىت چوڭ يولغىچە يول باشلاپ مېڭىپ
بىزگە يۆنىلىشنى كۆرسىتىپ قويدى. بۇ بالا نېمىشقىدۇر
ماڭا 20 - ئەسىر ئامېرىكا ئەدەبىياتىدا زىلزىلە قوزغىغان قارا
تەنلىك يازغۇچى رالف ئاللىسون (Ralph Allison، 1918-
1991) نىڭ داڭلىق رومانى «كۆرۈنمەس ئادەم» دىكى باش
پېرسوناژنى، ئاق تەنلىكلەردىن ئۆچ ئېلىشنى كەسىپ قىلغان
قارا تەنلىك بالىنى ئەسلەتتى. يولدا كېتىۋېتىپ بۇ ئويۇمنى
ئايالىمغا ئېيتتىم.

— نېمە كىتاب ئۇ؟ — دېدى ئايالىم.

«كۆرۈنمەس ئادەم» (Invisible Man 看不见的人)
ناملىق رومانىنىڭ ئىنگلىزچىسى 2000 - يىللارنىڭ بېشىدا
بېيجىڭ چەت ئەل تىلى ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن
ئىنگلىزچە نەشر قىلىنغانىدى. مەن ئۇرۇمچىدە سەرخۇش
ئىنگلىز تىلى تەربىيەلەش مەكتىپىنى ئېچىپ يۈرگەن چاغلى-
رىمدا بۇ ئەسەرنىڭ ئىنگلىزچە نۇسخىسىنى 100 بەت ئوقۇ-
غانىدىم. «مەۋجۇدىيەتچىلىك پەلسەپىسىنىڭ ئىدىيەسى
ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئەسەر» دەپ تەرىپلىنىدىغان ئۇ روماند-
دا جەمئىيەت تەرىپىدىن يەكلەنگەن، ئاق تەنلىكلەر تەرىپى-
دىن كەمسىتىلگەن، ئىش پۇرسىتى بېرىلمىگەن، ئۆزىنى تاش-
لاندۇق ئادەمدەك ھېس قىلىدىغان بىر قارا تەنلىك بالىنىڭ
كەچۈرمىشلىرى ناھايىتى جانلىق، تەسىرلىك بايان قىلىنغان
بولۇپ، ئوقۇغان كىشىدە ئىختىيارسىز قارا تەنلىكلەرنىڭ
تەقدىرىگە نىسبەتەن ھېسداشلىق قوزغىلاتتى. ئەسەر 1950 -
يىللاردىكى چىكاگو شەھىرىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان
بولۇپ، ئۇ چاغلاردا قارا تەنلىكلەر ئاق تەنلىكلەر بىلەن
ھەتتا بىر ئاشخانىدا تاماق يېيىش سالاھىيىتىگىمۇ ئىگە
ئەمەس ئىدى. «كۆرۈنمەس ئادەم» رومانىدىكى قارا
تەنلىك بالا ھېچيەردىن ئىش پۇرسىتى تاپالمايتتى؛ ھېچكىم-
گە ئاۋازىنى ئاڭلىتالمايتتى. سىستېمىلاشقان، قانۇنلاشقان
كەمسىتىش مېخانىزمى ئاخىر ئۇنى يەر ئاستى ئۆيلىرىدە
يېتىپ - قوپۇپ ئېچىنىشلىق تۇرمۇش كەچۈرۈشكە ۋە جەم-
ئىيەتتىن ئۆچ ئېلىشقا مەجبۇر قىلاتتى. قارا تەنلىك بالىنى

www.uyghurkitap.com

كۆزەتكۈچى ئورنىدا قويۇپ بىرىنچى شەخس تىلىدا يېزىلغان رومانىنىڭ ئىچ ـ ئىچىدىن ئايانچلىق بىر تۇيغۇ ۋە ئازاب ئېقىمى گۈپۈلدەپ كېلىپ تۇراتتى [1].

تېخى 1950 ـ يىللاردا ئاق تەنلىكلەر بىلەن بىر ئاشخانىدا تاماق يېيىشكىمۇ يېتىنالمايدىغان قارا تەنلىكلەر مارتىن لۇتېر كىنىڭ، مالكوم ئېكىس قاتارلىق نېگىر ھەرىكىتى رەھبەرلىرىنىڭ سەۋرچانلىق بىلەن كۈرەش قىلىشى نەتىجىسىدە مانا ئەمدى سىياسىي ئورنى ئۆسكەن، ھەتتا قارا تەنلىكلەردىن پىرېزىدېنت سايلىنىدىغان كۈنلەرگىمۇ ئۇلاشتى. ئەمما قارا تەنلىكلەرنىڭ باراۋەرلىك ئارزۇسى بىر پىرېزىدېنتنىڭ سايلىنىشى بىلەن ھەل بولىدىغان ئىش ئەمەس ئىدى. ئامېرىكىلىق داڭلىق مەدەنىيەت نەزەرىيەچىسى كورنېل ۋېست (Cornel West) ئۆزىنىڭ «ھازىرقى زامان ئىرقچىلىقىنىڭ كېلىپ چىقىشى» ناملىق داڭلىق ماقالىسىدە بۇ خىل مەسىلىنىڭ يىلتىزىنى يوشۇرۇن ئاڭدا يىلتىز تارتقان ئۈچمەنلىككە ھەم شۇ ئۈچمەنلىكنى سىستېمىلىق يېتىشتۈرىدىغان مائارىپ قاتارلىق ئىجتىمائىي مېخانىزملارغا باغلاپ چۈشەندۈرەتتى [2].

بايىقى چېكاگو بېكىتىدە ئىشلەۋاتقان خىزمەتچىلەر قاتارىدا بىرمۇ ئاق تەنلىكنى كۆرمىدىم. يولۇچىلار ئارىسىدىمۇ ئاق تەنلىكلەر يوقنىڭ ئورنىدا ئىدى، قارىغاندا يىلپىز ئاپتوبۇس شىركىتى ئاساسەن قارا تەنلىكلەر ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىدىغاندەك قىلاتتى.

— ئەنە تاللا بازىرى.

بالامنى يېتىلەپ ماڭغان ئايالىمنىڭ شۇنداق دېيىشى بىلەن خىيالىم ئۈزۈلدى. تاقالغان دۇكانلار قاتارىدا بىر تاللا بازىرىنىڭ ۋىۋىسكىسى كىچىلىك چىراغ نۇرىدا ئالاھىدە كۆزگە تاشلىناتتى. بۇ ئوتتۇراھال تاللا بازىرى بولۇپ، يېرىم كېچىدىمۇ ئادەم ئۈزۈلدىغاندەك قىلمايتتى. تەلىيىمىزگە تاللا بازىرى ئىچىدە مەخسۇس ئىچىملىك ئىچىپ ئولتۇرىدىغان رايون تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ئۇ يەردە قورال ئاسقان سېمىز ئىككى ساقچى قەھۋە ئىچىپ ئولتۇرغانىكەن. پۇل ئېلىش ئورنىدا مېكسىكىلىققا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر چولاق ئادەم ئىشلەۋاتاتتى. قەھۋە، چاي ئېلىپ بايىقى ساقچىلار ئولتۇرغان يەردىكى بوش ئۈستەلگە كېلىپ جايلاشتۇق.

ئۆزى كۆرىدىغان كارتون فىلىملىرىدىكى ساقچىلارنى ئەسلىدىمۇ ئەيتاۋۇر، ئوغلۇم قەھۋە ئىچىپ ئولتۇرغان ساقچىلارنى كۆرۈپ ئېچىلىپ كەتتى.

— سىلەر ساقچىمۇ؟ — دېدى ئوغلۇم راۋان ئىنگلىز تىلىدا قورۇنماي.

ئوغلۇم مەكتەپتە شۇنداق ئەركىن تەربىيەلەنگەچكىمۇ، تاللا بازارلىرىدا، ئاپتوبۇسلاردا ئۇچرىغان كىشىلەرگە تەشەببۇسكارلىق بىلەن سۆز باشلاپ پاراڭلىشىپ كېتەتتى. ئەمما مەن بالامنىڭ چېكاگو شەھىرىگە كېلىپلا ساقچىلاردىن گەپ سوراشنى باشلىۋېتىدىغانلىقىنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرمىگەنىكەنمەن.

— ئوغلۇم، ساقچى تاغاڭنى ئاۋارە قىلما، — دېدىم ۋە ساقچىلارغا قاراپ قوشۇپ قويدۇم:

— كەچۈرۈڭلار، بالام سىلەرنى مالال قىلدى.

— ھېچقىسى يوق، بالىلارنىڭ مۇشۇنداق ئەركىن چوڭ بولغىنى ياخشى، — دېدى ئارىدا ئاقپىشماق كەلگەن، ئىسسىق چىراي ئاق تەنلىك ساقچى.

شۇنداق قىلىپ ئوغلۇم ساقچىلار بىلەن تارتىنماي، قورۇنماي پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى. ساقچىلار ئۇنىڭدىن نەچچە ياشقا كىرگىنىنى، چېكاگوغا قاچان، نەدىن كەلگىنىنى سورىدى. ھاۋايدىن كەلگىنىمىزنى ئۇققان چېغىدا ئاق تەنلىك ساقچىلارنىڭ چىرايىدا ھەيرانلىق ئالامىتى ئەكس ئەتتى:

— ۋاھ، شۇنچە يىراقتىن كەپسىلەر، ھاۋايدا قىش بولمايدۇ. بۇ يەرنىڭ سوغۇقىغا كۆنەلىدىڭلارمۇ؟ — ئوغلۇم بىلەن قىزغىن پاراڭلاشقان بايىقى ساقچى مەندىن سورىدى.

— توڭلاپ كېتىپ ئىسسىنىش ئۈچۈن قەھۋە ئىچىپ ئولتۇرۇۋېتىمىز. قېلىن كىيىملىرىنغۇ ئالغان، لېكىن چېكاگو بىز ئويلىغاندىن سوغۇقكەن.

ئارىدا بۇ شەھەرنىڭ ئامانلىقى، ساياھەت نۇقتىلىرىغا مۇناسىۋەتلىك قىسقا ئۇچۇرلارنى سورىدىم. ئاق تەنلىك ساقچى ناھايىتى ئەستايىدىللىق بىلەن سوئاللىرىمغا جاۋاب بەردى، ھەتتا چېكاگو ئۇنىۋېرسىتېتىغا قايسى يول ئاپتوبۇسلىرىغا چىقىپ بېرىشىمىز كېرەكلىكىنىمۇ ئىنچىكە دەپ بەردى.

— مىچىگان كۆلىنى ۋە فىلىش مۇنارىنى ساياھەت قىلىشنى ئۇنتۇماڭلار، — دېدى بايىقى ساقچى قەھۋەسىنى ئىچىپ بولۇپ ئىشكتىن چىققاچ.

ئوغلۇم ساقچى بىلەن قول پۇلاڭشىتىپ قىزغىنلىق بىلەن خوشلاشتى.

www.uyghurkitap.com

— بالام، ناتونۇش ئادەمگە ئۇنداق تولا گەپ قىلىپ ۋاقتىنى ئالساڭ بولمايدۇ، — دېدىم ئارىدا بالاغا.

— بۇ ساقچىلار ئارتۇرنىڭ كارتون فىلمىدە چىقىدىغان ساقچىلاردىن ياخشى ھەم دوستانە ئىكەن، — دېدى ئوغلۇم. ئارتۇر دېگىنى ئوغلۇم ئۆيدە تولا كۆرىدىغان كارتون فىلمىدىكى ئەقىللىق، باتۇر بالا ئىدى.

بايىقى ئىككى قارا تەنلىك بالىغا ئىككى قەغەز ئىستاكاندا ئىسسىق قەھۋە ئېلىپ تاللا بازىرىدىن ئايرىلدۇق.

2

ھاۋايىغا قايتىپ كەلگىنىمىزگە ئۇزاق بولمىغانىدى.

— قوشنىمىز يەنە كاۋاپ پىشۇرۇۋاتىدۇ، — دېدى بىر كۈنى ئايالىم تالادىن كىرىپ.

دېگەندەك ھايال ئۆتمەي تۈتەك ئارىلاش كاۋاپ پۇرىقى دېرىزىدىن كىرىشكە باشلىدى. يەنە شۇ پۇراق، مېنى، ئايالىمنى، ئوغلۇمنى بىئارام قىلىدىغان پۇراق. بىز 2 - قەۋەتتە تۇراتتۇق، 1 - قەۋەتتە تىنچ ئوكياندىكى مارشال ئارىلى دەپ ئاتىلىدىغان كىچىك بىر دۆلەتتىن كەلگەن ئەر - خوتۇنلار تۇراتتى. بىزنىڭ ئۇلار بىلەن قوشنا بولۇپ ئولتۇرۇۋاتقىنىمىزغا ئانچە ئۇزاق بولمىغانىدى. دېرىزىنى ئەتتىم، ئەمما قىش بولمايدىغان ھاۋايىدا ئۆينى دىملەپ ئولتۇرغىلى تېخى بولمايتتى. ئامال بولماي ئاخىر بېرىپ كاۋاپ پۇرىقى كىلىۋاتقان دېرىزىنىڭ قارشى يۆنىلىشىدىكى ئىشىكنى ئېچىۋەتتىم.

— يەنە سىرتقا چىقامدۇق؟ — سورىدى ئوغلۇم.

— ياق، بۈگۈن ئۆيدە قىلىدىغان ئىشىمىز بار، بالام، — دېدىم بىرئاز رەللە بولۇپ.

بۇرۇنلاردا قوشنىمىز كاۋاپ پىشۇرغان چاغلاردا شۇ پۇراقنى پۇرىماسلىق ئۈچۈن سىرتقا چىقىپ كېتەتتۇق. ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قوشنامنىڭ كاۋاپقا ھەددىدىن زىيادە ئامراقلىقىنى، ھەپتىدە بىر - ئىككى قېتىم كاۋاپ پىشۇرىدىغانلىقىنى، سىرتقا چىقىپ كېتىشنىڭ ھېچقانداق مەسىلىنى ھەل قىلالمايدىغانلىقىنى بايقاپ قالدىم. كاۋاپ پىشۇرۇش ئۇنىڭ ھوقۇقى، مەن بۇنىڭغا ئارىلىشالمايمەن. ئەمما كىلىۋاتقان پۇراق مېنى بىئارام قىلىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ پىشۇرۇۋاتقىنى قوي گۆشى ياكى كالا گۆشى ئەمەس ئىدى. تۇنجى قېتىم ئايالىم قوشنامنىڭ ئايالىدىن نېمە گۆش پىشۇرۇۋاتقانلىقىنى سوراپ كىرگەندە نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى بىلەلمەي قالغانىدۇق.

— قانداقمۇ قىلارمىز؟ — دەپ كىرگەنىدى ئايالىم ئۇلار كۆچۈپ كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا كاۋاپ پىشۇرغاندا.

شۇنداق قىلىپ يېڭى قوشنىمىزنىڭ كۆچۈپ كىرىشى بىلەن كۈتمىگەن ئاۋارىگەرچىلىككە قالدۇق. بۇرۇنقى قوشنىمىزنىڭ ھېچقاچان كاۋاپ پىشۇرغىنىنى كۆرمىگەنىدۇق. بىز ئايدا بىر قېتىم تۈرك قېرىنداشلار بىلەن ئۆتكۈزىدىغان دالا تاماقى پائالىيىتىدە تەملىك كاۋاپ يەيدىغىنىمىز ئۈچۈن ئادەتتە كاۋاپ پىشۇرۇپ كەتمەيتتۇق. يېڭى قوشنىمىزنىڭ كاۋاپ خۇمارى كۈچلۈك چىقىپ قالدى، يەنە كېلىپ پىشۇرۇش ۋاقتى ئۇزاق ئىدى. سىرتقا چىقىپ كېتىش مەسىلىنى ھەل قىلالمايتتى. دەسلەپتە ئۇلار كاۋاپ پىشۇرۇشقا تۇتۇنغان چاغدا «كاۋىپىنى يەپ بولسا پۇراق ھېلىغىچە توختاپ قالار» دەپ ئويلاپ سىرتقا چىقىپ كەتكەنمۇ بولدۇق. ئەمما ئۇلارنىڭ ھەپتىدە نەچچە قېتىم كاۋاپ پىشۇرۇپ يەيدىغىنىنى كىم بىلسۇن؟ تالاغا چىقىپمۇ ھاردۇق، ئۆينىڭ دېرىزىسىنى ئەتسەك تىنجىقتا قالدۇق. قانداق قىلىش كېرەك؟ بىزگە نىسبەتەن بۇ راستىنلا بىر باش قېتىنچىلىقى بولۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ پىشۇرغىنى قوي ياكى كالا گۆشى بولغان بولسىمۇ بۇنداق قىينىلىپ يۈرۈشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى.

بۇنداق چاغلاردا ئۇزاقتىن - ئۇزاق خىيال سۈرەتتىم. مەن ۋەتەندە بۇنداق ئەھۋالغا يولۇقۇپ باقمىغانىدىم. ئائىلەمنىڭ كىملىك ئېھتىياجى ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن باشلىنىدۇ. قوشنامنىڭ ئۆيىدىن كىلىۋاتقان كاۋاپ پۇرىقى مېنى يەكلەيتتى ۋە ماڭا كىملىكىمنى، مەنسۇبىيەت تۇيغۇسىنى، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ پاسلىنى ھەم پەرھىزلىرىمىزنىڭ قۇدرىتىنى ھېس قىلدۇراتتى. ۋەتەندىكى چېغىمدا ھېچقاچان بۇنداق ئەھۋالغا يولۇقمايتتىم. تېخى كاۋاپ پۇرىقىنى ياخشى كۆرەتتىم. كاۋىپى ئوخشايدىغان ئاشخانىلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەنلىرىمدە كىرىپ بىر - ئىككى زىق كاۋاپ يەپ خۇمارىمنى بېسىپ چىقاتتىم. پىشۇرغىنى قانداق گۆش دەپ سوئال قويۇپمۇ ئولتۇرمايتتىم ھەم يۇرتتا بۇنداق سوئالنى سوراش بىر ئەخمەقانىلىق ئىدى. ئەمما بۇ يەردە ئىشلار ئوخشىمايتتى.

كىشىلەر بۇ يەردە قوي گۆشىنى جىق يەپ كەتمەيدىكەن. بۇنداق بولۇشىدىكى بىر سەۋەب، ھاۋايىدا قوي گۆشى باشقا گۆشلەرگە قارىغاندا قىممەت ئىكەن. يەنە

بىرى، قوي گۆشى مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان ئىنگلىزچە «لەم» سۆزىنىڭ كۆچمە مەنىسى قۇربانلىق بولۇپ، نۇرغۇن تەقۋادار ئامېرىكىلىقلار «ئەيسا پەيغەمبەر ئاللىبۇرۇن بىز ئۈچۈن قۇربانلىق بولۇپ بولغان، قوي گۆشى يېسەك پەيغەمبىرىمىزگە ھۆرمەتسىزلىك بولىدۇ» دەپ قارايدىكەن. ئاشۇ بىر سۆزنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنغان مەدەنىيەت يۈكلىمىسىنى ئامېرىكىغا كېلىپ بىلگەن چېغىمدا ھەقىقەتەن ھەيران قالدىم.

چوڭ يولدىن ئۆيىمىزگە قايرىلىدىغان دوقمۇشتا بازىرى ئىتتىك بىر كاۋاپخانا بار ئىدى. مەن چۈشتە دەرسكە ماڭغان چاغلىرىمدا كاۋاپچىنىڭ ئىشتىياق بىلەن كاۋاپ پىشۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرەتتىم. كاۋاپ ئىسى كوچىنى بىر ئالاتتى. كۆپ ھاللاردا ئاشۇ پۇراقنى پۇراپ قالماسلىق ئۈچۈن ئايلىنىپ ئۆتەتتىم، بەزىدە مەكتەپكە ئالدىراپ بۇرنۇمنى تۇتۇپ ئۆتۈپ كېتەتتىم، بۇنداق چاغلاردا شۇنداق بىر ئوي كاللامدا پەيدا بولاتتى: «ۋەتەندىن چىقىپ باقمىغان بىر ئۇيغۇر قېرىندىشىم بۇنداق ئەھۋالغا يولۇقامدىغاندۇ؟ بۇ تۇيغۇنى ھېس قىلالامدىغاندۇ؟». بۇنىسى ماڭا قاراڭغۇ، ئەمما ۋەتەندە مەن بۇ خىل ھېسقا، بۇنداق تۇيغۇغا يولۇقۇپ باقمىغان. شۇ تاپتا مېنى پۇراقمۇ يەكلەۋاتاتتى.

بۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان كەچۈرمىشلىرىم كۆپ ئىدى. بىر يەرلەرگە مېھماندارچىلىققا بارسام ئالدىمغا قويغان پېچىنە-پىرەنىكلەرنى شۈبھىلىنىپ يېيەلمەيتتىم. پات-پات فاكۇلتېتتا كىچىك دائىرىلىك مۇھاكىمىلەر بولغاندا، قاتناشقۇچىلار نۆۋەت بىلەن پېچىنە-پىرەنىك دېگەندەك نەرسىلەرنى ئەكىلەتتى. بۇنداق چاغلاردا باشقىلار سۇنغان يېمەكلىكلەرنى ئېلىپ يانچۇقۇمغا سېلىپ قوياتتىم، بولمىسا قول سوزماي ئولتۇراتتىم. ئۆيۈمنىڭ يېنىدىكى تاللا بازىرىنىڭ گۆشلىرى ھالال گۆش دۇكىنىدىكىدىن كۆپ ئەرزان ئىدى، ئەمما مەن بىر يېرىم كىلومېتىر يول مېڭىپ، ئاتايىن مۇسۇلمانچە تاللا بازىرىدىن قىممەترەك باھادا ھالال گۆش سېتىۋېلىپ قايتاتتىم.

مېنى بۇنداق ئايرىشقا ئۈندەۋاتقان كۈچ نېمە؟ مەن نېمىشقا مۇنداق قىلىمەن؟ گاھىدا ئۆزۈمدىن سوراپ قالاتتىم. ئارىدىكى پەرق، ئۇيغۇرلارنىڭ پەرھىز سىستېمىسى ۋە مەدەنىيەت پاسلى مېنى شۇنداق قىلىشقا ئۈندەۋاتاتتى. ئۇيغۇر مەدەنىيىتى، جۈملىدىن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدىكى پەرھىزلىك سىمۋوللار ۋە يوشۇرۇن كودلار قەشقەردىن 10 مىڭ چاقىرىم يىراقلىقتا ئۆزىنى كۆرسىتىۋاتاتتى. باشقىلار قانداق قىلىدۇ، بۇنىسى ماڭا نامەلۇم. ئەمما مەن ئالدىمغا ئۇچرىغاننى يېسەم ئۆزۈمگە يۈز كېلەلمەيدىغاندەك تۇيغۇدا بولاتتىم. ئەلۋەتتە ھەممە ئادەمنىڭ ئۆزى توغرا دەپ بىلگەن ئۇسۇلدا ياشاش ھوقۇقى بولغاچقا، بۇ ھەقتە ئويلىغانلىرىمنى باشقىلارغا دېيەلمەيتتىم. باشقا مەدەنىيەت ئەنئەنىسىدىكى كىشىلەرنىڭ بۇ ھېسسىياتىمنى چۈشىنىشى تەس ئىدى، شۇڭىمۇ بۇنداق ئەھۋالغا يولۇققاندا ئۇستىلىق بىلەن تەڭقىسلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا تىرىشاتتىم.

پەرھىزلەرگە ئەمەل قىلىپ ياشاش ۋىجدانىمنى راھەتلەندۈرگىنى بىلەن، مېنى بەزى پۇرسەتلەردىن مەھرۇم قالدۇراتتى. بەزىدە تاماق يېگەچ بولىدىغان مۇلاھىزە سورۇنلىرىدىن ئۆزۈمنى تارتىشىمغا توغرا كېلەتتى. يەنە كېلىپ دېموكراتىيە بىلەن خاراكتېرلەنگەن ئامېرىكانلار ھاياتىدا پەرھىز بىلەن ياشاش كۆپلىگەن ئادەملەرگە نىسبەتەن ھەيران قالارلىق ئىش ئىدى، ھەتتا بەزىلەرنىڭ بۇنى ئاشقۇنلۇققا باغلاپ چۈشىنىشمۇ تۇرغان گەپ ئىدى.

ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ ھەقتىكى كەچۈرمىشلىرىم بېيىپ چۈشەنچەممۇ چوڭقۇرلاشقىلى تۇردى. يالغۇز ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدىلا ئەمەس، باشقا مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىدىمۇ بۇنداق پەرھىزلەر ۋە سىمۋوللۇق كودلار بار ئىكەن. مەسىلەن: ئەنئەنىگە ئەھمىيەت بېرىدىغان ھىندىلار كالا گۆشى يېمەيدىكەن، ھېلىمۇ ئېنىق ئېسىمدە. مېنىڭ بىر دوستۇم بىر ھىندىستانلىق بالىغا كالا گۆشى بېسىلغان پولۇنى سۇنۇپ ئوڭايسىزلانغان. بۇنىڭدىن باشقا يەنە نۇرغۇن مىسال كۆرسىتىش مۇمكىن. ئۇيغۇرلار كەپتەر گۆشى يەيدۇ، ئەمما نۇرغۇن غەربلىكلەر كەپتەرنى تىنچلىقنىڭ سىمۋولى دەپ بىلىدىغان بولغاچقا، كەپتەر گۆشى يېيىشتىن پەرھىز تۇتىدۇ. ئون يىل بۇرۇن ئۈرۈمچىدە بىر ئامېرىكىلىق تونۇشۇم كەپتەر گۆشى شورپىسى ساتىدىغان دۇكانلاردا خېرىدارلارنىڭ كەپتەر گۆشى يەپ ئولتۇرغان ھالىتىنى كۆرۈپ ھەيران قالغانىكەن. ئۇنىڭ ھەيرانلىقى ماڭا ھەيرانلىق بولۇپ تۇيۇلغانىدى. مانا ئەمدىلىكتە بۇ دۆلەتتە ماڭدامدا بىر مەدەنىيەتنىڭ پاسلىغا، قىممەت قارىشىنىڭ مۇھىملىقىغا مۇناسىۋەتلىك مىساللارغا ۋە كەچۈرمىشلەرگە دۇچ كېلىۋاتاتتىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە مېنىڭ تاللىغان كەسپىم مەدەنىيەت جەمئىيەتشۇناس-

لىقى بولغاچقا، ئاددىي كۆرۈنگەن مەدەنىيەت هادىسىلىرىنىڭ
كەينىدىكى ماهىيەتنى ياكى چوڭقۇرلۇقنى چۈشىنىشكە تىرى-
شاتتىم.

ئۇيغۇرلار قول سىلكىشنى يامان كۆرىدۇ، ئەمما
باشقا نۇرغۇن مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇشىدا بۇ يامان كۆرگـ
ـدەك ئىش ئەمەس. ياپونلار مۈشتۈمنى كۆكرىكىگە
تىرەپ تۇرغاننى ئۆلۈۋېلىشنىڭ بېشارىتى دەپ چۈشىنىپ
يامان كۆرىدۇ، ئەمما ئۇ بەلگە باشقا مىللەتلەرنىڭ نەزەرى-
دە هېچقانچە هەيران قالغۇدەك ئىش ئەمەس. تىبەتلەر
ئۆلۈپ كەتكەن مېيىتنىڭ پۇت قوللىرىنى ئۇششاق چاناپ
قۇرت - قوڭغۇزلارغا تاشلاپ بەرسە ئۆلگەن كىشىنىڭ
روھى ئارام تاپىدۇ دەپ قارايدۇ. ئەمما بۇ باشقا
نۇرغۇن مىللەتلەرنىڭ نەزەرىدە بىر ۋەهشىيلىك. ئۇي-
غۇرلار ئىتنى مەينەت هايۋان دەپ ئۆيگە ئەكىرمەيدۇ،
ئەمما ئامېرىكىلىقلار ئىتلارنى ئەتىۋارلىق هايۋان سۈپى-
تىدە ئۇلۇغلايدۇ. ئامېرىكا كوچىلىرىدا قىزىل چىراغقا
ئۇچراپ توختىغان چېغىڭىزدا، چىرايلىق قىزلارنىڭ ئىتى-
نىڭ تىلىنى يالاپ، شالاپشىتىپ سۆيۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى
كۆرۈپ هەيران بولماي تۇرالمايسىز.

«هەقىقەت نىسپىي بولىدۇ، پۈتۈن بولۇشقا كۆچەپ
كەتكەن هەقىقەت مەينەت هەقىقەتتۇر» دەپ يازىدۇ 20-
ئەسىردىكى هايات پەلسەپىسىنىڭ پېشۋالىرىدىن بىرى، كام-
برىج پەلسەپە فاكۇلتېتىدا دەرس ئۆتكەن داڭلىق پەيلاسوپ
ئالبېرت ۋايتخېد. ئاشۇ پەرھىزلەر مەن ئۈچۈن هەقىقەت.
ئەمما مەن ئۇنى باشقا مىللەت ئەزالىرىغا تاڭسام خاتالاشقان
بولىمەن. باشقا مىللەت ئەزالىرى ماڭا ئۆزىنىڭ پەرھىز قارى-
شىنى تاڭسا ياكى مېنىڭ ئالدىمدا مەن مۇقەددەس دەپ بىلى-
دىغان نەرسىلەرگە چېقىلسا مەن بۇنى قوبۇل قىلالمايمەن.
بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، قوشنامنىڭ كاۋاپ پىشۇرۇشى ئۇنىڭ-
غا نىسبەتەن كىشىلىك هوقۇق. ئەمما ئۇنىڭ كىشىلىك هوقۇ-
قى مېنىڭ پەرهىز قارىشىمغا بولغان بېپەرۋالىق ئارقىلىق
ئىشقا ئاشاتتى. ئەستايىدىل ئويلانغاندا بۇ يەردە بىر
ئەخلاق مەسىلىسى مەۋجۇت ئىدى، ئۇنىڭغا نىسبەتەن
بۇنىڭ ئەخلاق مەسىلىسى بىلەن هېچقانداق مۇناسىۋىتى
يوق ئىدى. ئەمما ماڭا نىسبەتەن بۇ هۆرمەتسىزلىكتەك تۇ-
يۇلاتتى، ئەمما مەن بۇ هېسسىياتىمنى ئۇنىڭغا ئاشكارا
دېسەم تېخى بولمايتتى.

3

مەدەنىيەت پاسىللىرىنىڭ نەزەرىيەۋى ئاساسى نېمە؟
جەمئىيەت نەزەرىيەچىلىرى بۇنى قانداق چۈشەندۈرىدۇ؟
يېقىنقى يىللاردىن بۇيان فىرانسىيە جەمئىيەتشۇناسى ئېمىل
دۇركىم (1858 - 1917)نىڭ مەدەنىيەت پاسىلى ۋە جەمئى-
يەتنىڭ مۇناسىۋىتى هەققىدىكى قاراشلىرى مەدەنىيەتنىڭ ما-
هىيىتىگە قىزىقىدىغان ئىجتىمائىي پەن ئالىملىرىنىڭ دىققەت -
ئېتىبارىنى قوزغىدى. ئامېرىكىدىكى داڭلىق ئۇنىۋېرسىتېت
يېل ئۇنىۋېرسىتېتىدا مەخسۇس مەدەنىيەت هادىسىسىنىڭ ما-
هىيىتىنى ئېمىل دۇركىمنىڭ رامكىسىدىن چىقىپ ئىزدەيدىغان
دۇركىمچىلار پىكىر ئېقىمى بارلىققا كەلدى. بۈيۈك جەمئى-
يەتشۇناس جېففېري ئالېكساندېر (jefferey Alexander،
1947-) ۋە فىلىپ سىمىس (Phliph Smith، 1964-)
لار بۇ پىكىر ئېقىمىنىڭ تىپىك ۋەكىللىرىدۇر. بۇنداق يېڭى
يۈزلىنىشنىڭ بارلىققا كېلىشىدە ئەلۋەتتە سەۋەب بار. يەنى
دۇركىمنىڭ ئۇيۇشۇشچانلىق، مۇراسىم، ئەقىدەنىڭ كۈچى،
پەرهىز، سىمۋولىزمنىڭ قۇدرىتى هەققىدىكى قاراشلىرى هې-
لىهەم قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە بولۇپ، ئەقلىيلىك ۋە تېخ-
نولوگىيەلىك ئىنقىلابلار غەرب - شەرقتىكى تۇرلۇك جەمئى-
يەتلەرنىڭ قاتلاملىرىغا تەسىر كۆرسىتىۋاتقان رىتىمى تېز بىر
دەۋردە سىمۋوللۇق يوسۇندا ئىپادە بولىدىغان مەدەنىيەت
كودلىرىنىڭ سىرىنى يېشىشتە بىزنى مۇهىم پىكرىي ئەندىزە
بىلەن تەمىنلەيدۇ. دۇركىم ئۆزىنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا
يازغان سىمۋول، ئەقىدەنىڭ كۈچى هەققىدىكى ئەسەرلىرى-
دە (مەسىلەن، «دىنىي هاياتنىڭ دەسلەپكى شەكىللىرى»دە)
مۇقەددەس سىمۋوللارنىڭ بىر جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ئۇيۇ-
شۇشچانلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدىغانلىقىنى كۈچلۈك پاكىتلار-
نىڭ ياردىمىدە ئىسپاتلاپ چىقتى ۋە نەزەرىيە دەرىجىسىگە
كۆتۈردى؛ ئىقتىساد ۋە سىياسىيغا قارىغاندا مەدەنىيەتنى ئىك-
كىلەمچى ئامىل دەپ قارايدىغان باشقا مەدەنىيەت ئانالىزچى-
لىرىنىڭ (مەسىلەن: ئامېرىكا فۇنكسىيەزىم جەمئىيەتشۇناسلىقى-
نىڭ ئاساسچىسى تالكوت پارسونس ۋە ئەنگلىيە فۇنكسى-
يەزىم ئىنسانشۇناسلىقىنىڭ ئاساسچىسى رادكلىف برووۋىن)
ئەكسىچە، دۇركېم جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈ-
رۈشتە مەدەنىيەتنىڭ موتورلۇق ۋە بىرلەمچىلىك رولىنى
ئوينايدىغانلىقىنى تەكىتلىدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، هەرقانداق
بىر جەمئىيەتتە شۇ جەمئىيەت ئەزالىرى تەرىپىدىن مۇقەد-

دەس دەپ قارىلىدىغان سىمۋوللار بولىدۇ. بىر جەمئىيەتتىكى ئەقىدە سىستېمىسى مۇقەددەس ۋە گۇناھلىق، ھالال-ھارام، ياخشى-يامان، ئىزگۇ-خۇنۇك دەپ قارىلىدىغان پەرق ئوربىتىسىدا چۆرگىلەيدۇ. مۇقەددەس دەپ قارىلىدىغان ئوبيېكتلار «يامان بولىدۇ» ئەقىدىسىگە سەۋەب بولىدىغان سىمۋوللاردىن پەرھىزلەر ئارقىلىق ئايرىلىپ تۇرىدۇ ۋە ئىجتىمائىي مۇراسىملار ئارقىلىق بىر جەمئىيەتكە تەسىر كۆرسىتىدۇ. «ئۆزىگە خاس قىممەت قاراش سىستېمىسى يارىتالمىغان جەمئىيەت مەۋجۇتلۇقىنى ساقلىيالمايدۇ ۋە ئۆزىنى قايتىدىن قۇرالمايدۇ» دەپ يازىدۇ دۇركىم. بۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب شۇكى، بىر جەمئىيەتتىكى قىممەت قاراش سىستېمىسى، ئەخلاق ئۆلچەملىرى ئۇنى باشقا جەمئىيەتتىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان ئاساسلىق كۈچ بولۇپ، جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ كوللېكتىپ رىشتىسىنى چىڭىتىدۇ ۋە ھېسسىياتىنى بىر يەرگە ئەكىلىدۇ، بۇ جەرياندا مۇراسىملار ھالقىلىق رول ئوينايدۇ ۋە مۇقەددەس دەپ قارىلىدىغان سىمۋوللارنى شۇ جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ئېسىگە سالىدۇ. مۇناجات، قىرائەت، خەتمە، نۇتۇق، مۇزىكىلارنىڭ ياردىمىدە جەمئىيەت ئەزالىرى ئارىسىدا كوللېكتىپ قىزغىنلىق ۋە ھاياجان پەيدا بولىدۇ، بۇ جەريان بىر جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ مەنسۇبىيەت تۇيغۇسىنى كۈچەيتىدۇ. ئىجتىمائىي ئۇيۇشۇشچانلىقنى ۋە كوللېكتىپ رىشتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن ئەقىدە سىستېمىسى جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ روھىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ [3].

دۇركىم ئۆزىنىڭ ئوقۇغۇچىسى ۋە جىيەنى مارسېل ماۋۇس بىلەن بىرلىشىپ يازغان «ئايرىۋاشلاش» ناملىق ئەسىرىدە جەمئىيەتتىكى سىمۋوللارنى ئايرىۋاشلاش مايىللىقىنىڭ تېگىدە ئەخلاق، ھېسسىيات ئېلېمېنتلىرىنىڭ مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقىنى تەكىتلىدى. ئۇلار مۇنداق يازىدۇ: «بىر جەمئىيەتتە مۇقەددەس-گۇناھلىق، ھالال-ھارام، پاكىز-مەينەت، دوست-دۈشمەن، ياخشى-يامان دەپ قارىلىدىغان مەدەنىيەت سىمۋوللىرى بولىدۇ. بۇنداق سىمۋوللار ئۇ جەمئىيەتنى باشقا جەمئىيەتتىن پەرقلەندۈرۈپ تۇتۇپ تۇرىدۇ. ئايرىۋاشلاش مايىللىقىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدىغىنى دەل كوللېكتىپ رىشتە، بايان ۋە رىۋايەتلەردۇر» [4]. دۇركىمنىڭ تەسىرىگە چوڭقۇر ئۇچرىغان ئەنگلىيەلىك مەشھۇر ئىنسانشۇناس، لوندون ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سابىق پروفېسسورى مەرى دوگلاس (Mary Douglas 1922–2003) ئۆزىنىڭ «ھالاللىق ۋە خېيىم-خەتەر» (1966, Purity and Danger) ناملىق ئەسىرىدە بىر جەمئىيەتنىڭ مەدەنىي ھاياتىدا نېمىشقا ھالال-ھارام چۈشەنچىسىنىڭ مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقىنى شەرھلەشكە تىرىشتى. «بىر ئوبيېكتنىڭ پاكىز-مەينەت، ھالال-ھارام دەپ قارىلىشى پۈتۈنلەي ماكان تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ؛ نېمىنىڭ ھالال، نېمىنىڭ ھارام دەپ قارىلىشىغا سىمۋوللۇق پاسىللار، شۇ جەمئىيەتتىكى قىممەت قارىشى ۋە ئەنئەنىۋى ئايرىۋاشلاش ئەندىزىسى تەسىر كۆرسىتىدۇ». دوگلاس ئۆزىنىڭ نەزەرىيەسىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن يەھۇدىيلارنىڭ يېمەك-ئىچمەك پەرھىزلىك چۈشەنچىسىدىن جاۋاب ئىزدىدى. يەھۇدىيلارنىڭ نەزەرىدىكى چوشقا گۆشى قاتارلىق يېگىلى بولمايدىغان يېمەكلىكلەرنىڭ ئەنئەنىۋى پەرھىز ۋە قىممەت قاراش سىستېمىسىنىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىكىنى يورۇتۇپ بەردى [5]. مەرى دوگلاسنىڭ قارىشىچە، بۇنىڭ يىلتىزى تەۋراتقا باغلىنىدۇ، ئايرىۋاشلاش سىستېمىسى چىڭ جەمئىيەتلەرنىڭ كوللېكتىپ رىشتىسى كۈچلۈك بولىدۇ؛ غايىسى ئىدىئال تۈس ئالغان بولىدۇ.

4

مەدەنىيەت سىمۋوللىرىنىڭ پاسىللىق رولى ھەققىدە گەپ بولغاندا ئېسىمگە كېلىدىغان مۇنداق ئۈچ پاراڭ بار. بىرى، ھاۋاي ئۇنىۋېرسىتېتىنى ھاۋا يولى ئىنژېنېرلىقى فاكۇلتېتىنىڭ ياردەمچى پروفېسسورى، ئۆزبېك بۇرادىرىم دىلمۇرات بىلەن تاماق ئۈستىدە دېيىشكەن گەپلەر. يەنە بىرسى بوستون ساففولك ئۇنىۋېرسىتېتىدا دوكتورلۇقتا ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇر ئىقتىسادشۇناس قەيسەر مجىتنىڭ ئوغلى ئارماننىڭ بوستون تاللا بازىرىدا ئېيتقانلىرى. يەنە بىرى ھاۋاي ئۇنىۋېرسىتېتى مېخانىك ئىنژېنېرلىق فاكۇلتېتىنىڭ ياردەمچى پروفېسسورى، تۈرك بۇرادىرىم گۇردال ئارسلاننىڭ دالا تامىقى يېيىش داۋامىدىكى بىر نەچچە ئېغىز پارىڭى.

— كورېيە تاللا بازىرىدىن قوي گۆشى سېتىۋېلىپ كەلدىم.

دىلمۇراتنىڭ شۇ بىر ئېغىز گېپى بىلەن ئارىمىزدا مۇنازىرە باشلىنىپ كەتتى. دىلمۇرات تاشكەنت شەھىرىدە تۇغۇلغان، رۇسىيە سان پېتېربۇرگ ئۇنىۋېرسىتېتىدا دوكتورلۇقتا ئوقۇغان، 2011-يىلى بىزنىڭ ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ھاۋا قاتنىشى ئىنژېنېرلىقى فاكۇلتېتىغا ياردەمچى پروفېسسور

بولۇپ كەلگەن ئۆزبېك كىشى ئىدى. شۇ كۈنى بىز يېڭى يىل مۇناسىۋىتى بىلەن گۈردالنىڭ ئۆيىدە تاماقتا بولغانىدۇق، ئۇنىڭ تاماق ئۈستىدە دېگەن شۇ بىر ئېغىز گېپى ئارىمىزدىكى دەتالاشقا پىلتە بولدى.

— نېمە دەيسىز هوي، — دېدىم مەن ئۇنىڭ كورېيە تاللا بازىرىدىن گۆش سېتىۋالغىنىدىن هەيران قېلىپ چاقچاق ئارىلاش، — ئۇ يەرنىڭ گۆشى مۇسۇلمانچە ئەمەس، باشقا يەردە هالال گۆش تۇرسا نېمىشقا كورېيە تاللا بازىرىدىن گۆش سېتىۋالغىنىڭىزنى هېچ چۈشەنمىدىم.

— لېكىن ئۇنداق دېگىنىڭىز بىلەن هالال گۆش دۇكىنىنىڭ نەرسە - كېرەكلىرى قىممەت ئىكەن. مەن نېمە دەپ ئارتۇق پۇل تۆلىگۈدەكمەن؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە كورېيە تاللا بازىرىدىن گۆش سېتىۋالسام نېمىشقا بولمايدۇ؟ — دەپ سورىدى دىلمۇرات.

— نەدىن، قانداق گۆش سېتىۋالسىڭىز بۇ ئۆزىڭىزنىڭ ئىختىيارى. مەن بۇنىڭغا ئارىلىشالمايمەن، — دېدىم ئەستايىدىل تەلەپپۇزدا، — لېكىن ئۆزىڭىز ئائىلىڭىزدە قىزلىرىڭىزغا ئەخلاق تەربىيەسى ئىشلىگەندە ئېيتىپ ئۆتكەندەك، سىز بىز مۇسۇلمان، شۇڭا مۇسۇلمانچە يېمەكلىكلەرنى سېتىۋېلىشىمىز كېرەك. ئۆيۈمنىڭ يېنىدا بولغاچقا، كورېيە تاللا بازىرىنى ياخشى بىلىمەن. ئۇ يەرنىڭ سەي - كۆكتاتلىرى ياخشى، نەرسە - كېرەكلىرىمۇ باشقا دۇكانلارنىڭكىدىن ئەرزان، ئەمما گۆشى هالال ئەمەس.

— هالال گۆش دەپ ئايرىشنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— چاقچاق قىلىۋاتامسىز ياكى راست دەۋاتامسىز؟ — دەپ سورىدىم ئۇنىڭدىن.

— راست دەۋاتىمەن. مېنىڭ ئۆزبېك كىملىكىدە چىڭ تۇرىدىغىنىم ۋە قىزلىرىمغا ئۆزبېك مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىنى سىڭدۈرۈپ تەربىيەلەۋاتقىنىمنى سىزمۇ بىلىسىز، لېكىن مەن تاللا بازىرىدىن گۆش سېتىۋالسا بولمايدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى هېچ چۈشەنمىدىم.

گېپىنىڭ ئورامىدىن قارىسام، ئۇ هالال گۆشنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى راست بىلمەيدىكەن. مەيلى سان پېتىربۇرگتا بولسۇن مەيلى تېكساستا بولسۇن، مەن قويغان سوئالغا دۇچمۇ كېلىپ باقماپتۇ. بۇ هەقتە ئويلىنىپ باقماپتۇ. مەن شۇندىلا ئۇنىڭ بۇ هەقتە راست هېچنېمىنى بىلمەيدىغانلىقىغا چىنپۈتۈپ، نېمىشقا ئۆزبېك - ئۇيغۇر قاتارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ هالال گۆش ئۆلچىمىنىڭ چىڭلىقى، هالال بولمىغان گۆشلەرنى نېمىشقا ئىشلىشقا بولمايدىغانلىقى هەققىدە دەلىل - مىسالالار بىلەن سۆزلىدىم. قىزىق يېرى، ئۇنىڭ ئۆزبېك مەدەنىيىتىگە بولغان مۇهەببىتى شۇنچە كۈچلۈك بولۇپ ئۆيىدە ئامېرىكىدا چوڭ بولغان قىزلىرىنىڭ ئىنگلىزچە سۆزلىشىگە يول قويمايتتى. هەقىقەتەنمۇ باللىرى ئۆزبېكچىنى بۇزماي راۋان سۆزلەيتتى. ئايالى مۇهەببىيا هەدەممۇ ناهايىتى قائىدىلىك، سىپايە ئايال ئىدى. ئەمما ئۇلارنىڭ ئۇزاقتىن بېرى مەن پىششىق بىلىدىغان كورېيە تاللا بازىرىدىن گۆش ئېلىپ كەلگەنلىكىنى پەقەت ئويلاپ باقمىغانىكەنمەن.

— ئەگەر كورېيە تاللا بازىرىدىن گۆش سېتىۋالغىنىڭىزنى بىلگەن بولسام دالا تامىقىدا سىز ئەكەلگەن تاماقنى هەرگىز يېمەسكەنمەن، — دېدىم تۈزۈت قىلىپ ئولتۇرماي.

ئۇنىڭ چىرايى بىلىنەر - بىلىنمەس ئۆزگەردى:

— سىز كونسېرۋاتىپلىققا مايىل ئىكەنسىز، — دېدى ئۇ چىرايىغا زورمۇزور كۈلكە يۈگۈرتۈپ.

— مەن هەرگىز كونسېرۋاتىپ ئەمەس. قارىسام سىز دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك پەرهىز ئىشىدا دىققەت قىلمايدىكەنسىز، مەن بۇنى توغرا تاپمىدىم، تاشكەنتتە قانداق قىلاتتىڭلار؟

— ئۇ يەردە نەگىلا بارساق ئۆزىمىزنىڭ قاسساپلىرى، هالال - هارام دەپ ئايرىپمۇ يۈرمەيتتۇق.

— ئۈرۈمچى، قەشقەردىمۇ شۇ، — دېدىم مەن، — ئۆزىمىزنىڭ ئادەملىرى گۆش ساتىدىغىنى ئۈچۈن خاتىرجەم گۆش سېتىۋالاتتۇق. ئەمما ئامېرىكا ئوخشىمايدۇ. بۇ يەردە بىز هەر ماگىزىندا «هالالمۇ - هارامۇ؟ مۇسۇلمانچىمۇ ئەمەسمۇ؟» دېگەن سوئالغا دۇچ كېلىمىز هەم شۇنداق سوراپ تۇرۇشىمىز زۆرۈر. مېنىڭ ئامېرىكا چوڭ قۇرۇقلۇقىدا ئوقۇۋېدىغان دوستلىرىمنىڭ هەممىسى هالال گۆشنى مەخسۇس ئىزدەپ سوراپ ئالىدىغان بولغاچقا، سىزنىڭ گېپىڭىزدىن هەيران قالدىم. بولسا بۇنىڭدىن كېيىن كورېيە تاللا بازىرىدىن گۆش سېتىۋالماڭ، ئۇلارنىڭ گۆشى هالال ئەمەس، بىر - ئىككى دوللار قىممەت بولسىمۇ مۇسۇلمانچە تاللا بازىرىدىن گۆش سېتىۋېلىڭ.

گەپ ئارىلىقىدا ئون ياشلىق ئۇيغۇر ئۆسمۈر ئارمانىنىڭ تاللا بازىرىدا دېگەن بىر ئېغىز پارىڭىنى قىستۇردۇم. بۇ مۇنداق ئىش ئىدى:

www.uyghurkitap.com

2012-يىلى ئۆكتەبىر ئايلىرىنىڭ ئاخىرىدا بوستونغا ساياھەتكە بېرىپ قەيسەر مىجىت ئاكىنىڭ ئۆيىدە ئائىلىمىز بويىچە ئۈچ ئاخشام تۇردۇق. بىر كەچلىكى كوسكو (ئامېرىكىدىكى ھالال ماركىلىق تامغىسى بار گۆشلەرنى مەخسۇس پارچە تارقىتىدىغان بىردىنبىر تاللا بازىرى) تاللا بازىرىغا بېرىش ئۈچۈن، قەيسەر مىجىت، ئوغلى ئارمان ۋە مەن ئۈچىمىز بىر ماشىنىدا يولغا چىقتۇق. تاللا بازىرىدا باشقا نەرسە-كېرەكلىرىنى سېتىۋېلىپ بولۇپ ئارىلىقتا قەيسەر ئاكام:

— ئازىراق گۆش ئېلىۋالاي، — دەپ قالدى. ئۇ يوغان توڭلاتقۇلار تىزىلغان گۆش بازىرىغا كېلىپ بىر مۇنچە گۆشلەرنى مالتىلاپ ئارىسىدىن مۇسۇلمانچە دەپ تامغا ئۇرۇلغان بىر خالتا قوي گۆشىنى ئالدى. شۇ ئەسنادا ئوغلى ئارمان بىر ئېغىز گەپنى قىلىپ مېنىمۇ، دادىسىنىمۇ ھەيران قالدۇردى:

— دادا، بۇ گۆش ھېلىقى گۆشنىڭ ئۈستىگە قويۇلۇپتۇ، بۇنى ئالماي ئاۋۇ گۆشنى ئالايلى، — ئارمان شۇنداق دەپ نېرىدا تۇرغان گۆشلەرنى كۆرسەتتى، راست دېگەندەك قەيسەر مىجىت ئالغان گۆش باشقا گۆشلەر بىلەن ياندىش تىزىلغانىكەن.

— قارا-قارا، ماۋۇنىڭ يامانلىقىنى، — دېدى قەيسەر ئاكام مەمنۇنىيەت بىلەن، — بۇنىڭغا ئىزچىل نېمىنىڭ مۇسۇلمانچە، نېمىنىڭ مۇسۇلمانچە ئەمەسلىكى ھەققىدە سۆزلەيتتىم. مانا بۈگۈن ئۈنۈمىنى كۆردۈم. ياخشى، بالام! سەن دېگەندەك قىلايلى، مەن بايا قاراپ كەتمەپتىمەن.

قەيسەر مىجىت ئۆزى ئالغان گۆشنى قويۇپ قويۇپ ئوغلى كۆرسەتكەن گۆشنى ئالدى. مەن ئارماننىڭ چېچەنلىكىگە ھەيران قېلىپ ھەم ئۇنىڭ بايىقى گېپىدىن مەمنۇن بولۇپ، «يارايسىز» دېگەن مەنىدە بېشىنى سىيلاپ قويدۇم. بۇ كىچىككىنە ئىش ماڭا قاتتىق تەسىر قىلدى. ئۆيگە قايتىپ كەلدۇق. پاراڭ ئارىلىقىدا قەيسەركام ئوغلىنى تېرىكتۇرۇپ: «ئارمان چوڭ بولغاندا كۆك كۆزلۈك ئامېرىكىلىق قىزلارنى ئالىمەن دەيدۇ، مەن ئۇنىمىدىم» دەپ چاقچاق قىلدى ۋە ماڭا قاراپ كۆزىنى چىمچىقلىتىپ قويدى.

— دادا، يالغان گەپ قىلما، — دېدى ئوغلى ئارمان، — مەن نەدە شۇنداق دېدىم؟ قاراپ تۇرۇپ يالغان سۆزلەيدىكەنسىنا، چوڭ بولسام چىرايلىق ئۇيغۇر قىزى ئالىمەن.

ھەممىمىز كۈلۈشۈپ كەتتۇق. ئەسلى بىلسەم قەيسەر مىجىت ئوغلىغا ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىنى سىڭدۈرۈش ئۈچۈن ئەتەي شۇنداق قارشى نۇقتىدىن چىقىپ تېرىكتۇرۇپ تەربىيە بېرىدىكەن. بۇ خىل تەربىيە ئۇسۇلى ماڭا قىزىقارلىق ھەم ئەمەلىي تۇيۇلدى. بۇ ئەمەلىيەتتە جون دۇۋېينىڭ ئەسقاتما مەپكۇرە پەلسەپىسىدىكى «ئەمەلىيەت ئىچىدە ئۆگىنىش، ئويۇن ئىچىدە ئۆگىنىش» ئۇسۇلىنىڭ ئەمەلىيەتتىكى ئىپادىلىنىشى ئىدى.

يېڭى يىللىق ئولتۇرۇشىمىزدا شۇ ئىشنى ئۆزبېك بۇرادىرىمىز دىلمۇراتقا سىلىق تەرزدە دەپ بەردىم. ئۇ بۇ گېپىمنى ئاڭلاپ بىر ھازا جىممىدە ئولتۇرۇپ كەتتى. مەن يەنە گەپ ئارىلىدىم:

— ئامېرىكا دېموكراتىك دۆلەت. بۇ دۆلەتتە ھەركىم قانۇن يول قويغان دائىرىدە ئۆزى ياخشى كۆرگەن ئىشلارنى قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە. ئەمما بىز مۇسۇلمان بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن ھەم مۇسۇلمانچە يېمەكلىكلەرنى تاللاپ ئېلىش ھوقۇقىغا ئىگە. بۇ ھوقۇقىمىزنى ھېچكىم توسىيالمايدۇ. ئۆزىمىزنىڭ يۇرتىدا ئارتۇقچە ئەنسىرەش بىھاجەت، ئەمما يات يۇرت ئوخشىمايدۇ.

يېنىمدا ئولتۇرغان تۈرك بۇرادىرىمىز گۈردال ساھىخان بولغانلىقى ئۈچۈن گېپىمىزنى جىممىدە ئاڭلاپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ ھالال-ھارام چۈشەنچىسى بەكمۇ ئېنىق ئىدى. ئادەتتە كوسكو بازىرىدىن «ھالال» تامغىسى بار گۆشنى سېتىۋالاتتى، يا بولمىسا مۇسۇلمانچە تاللا بازىرىدىن گۆش سېتىۋالاتتى. مەن بولسام كوسكودىكى ھالال تامغىلىق گۆشنىڭ باشقا گۆشلەر بىلەن بىر توڭلاتقۇغا سېلىنغىنىنى تازا توغرا تاپماي ئادەتتە مەخسۇس مۇسۇلمانچە تاللا بازىرىدىن سېتىۋالاتتىم.

— پەرھىزلەر مىللەتكە قاراپ ئوخشىمايدىكەن، — دېدى گۈردال بىر كۈنى دالا تامىقىدا، — ئادەتتە ھىندونېزىيەلىك مۇسۇلمانلار، ئەرەب مۇسۇلمانلار ھالال-ھارام بەلگىلىرىگە تازا دىققەت قىلىپ كەتمەيدىكەن، لېكىن مۇنداق قارىسام تۈركىيەدىن كەلگەنلەر بىلەن ئۇيغۇرلار ھالال-ھارامنىڭ پەرقىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىدىكەن.

— راست دەيسىز، — دېدىم گۈردالغا، — بىر جەمئىيەتتىكى ھالال-ھارام چۈشەنچىسىنى شۇ جەمئىيەتتىكى ئىجتىمائىي مۇھىت بەلگىلەيدۇ. ئىجتىمائىي مۇھىت مەدەنىيەت كىملىكىنىڭ ۋە مەدەنىيەت پاسىلىنىڭ پارنىكى.

5

2008 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا توردا خەۋەر كۆرۈۋاتقىنىمدا مەدەنىيەت پاسىللىرىغا مۇناسىۋەتلىك بىر ئۇچۇر دىققىتىمنى تارتتى. تاجىكىستان دۆلەت باشلىقلىرى ئۆز ئىسمىنىڭ كەينىدىكى «ئوف، ئوۋ، ئوۋا» قوشۇمچىسىنى ئېلىۋەتكەنىكەن ھەم دۆلەتتىكى بارلىق پۇقرالارنىڭ ئىسمىنىڭ كەينىگە ئاشۇ رۇسچە قوشۇمچىلارنى قېتىشنى چەكلىگەنىكەن. ۋەقە ئاددىي بولغىنى بىلەن قۇرۇلمىچىلىق پىكىر ئېقىمى ۋە كېيىنكى قۇرۇلمىچىلىق پىكىر ئېقىمىدا نۆۋەتتە مۇھاكىمە قىلىنىۋاتقان پەرق، پاسىل ئۇقۇملىرىغا مىسال بولالايدىغانلىقى ئۈچۈن دىققىتىمنى تارتتى. يەنى 20 ـ ئەسىر فىرانسىيە پەلسەپىسىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن سوسسىيرنىڭ «ئومۇمىي تىلشۇناسلىق قائىدىلىرى» ناملىق ئەسىرىدە كۆرسىتىلىشىچە، بىر مەدەنىيەتنى يەنە بىر مەدەنىيەت بىلەن پەرقلەندۈرۈپ تۇرغان مۇھىم ئامىل كۆرسىتىلگۈچى بىلەن كۆرسەتكۈچى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقتۇر [6]. مانا مۇشۇ پەرق ئوخشىمىغان مەدەنىيەت قۇرۇلمىلىرىنى مەۋجۇتلۇققا ئىگە قىلىدۇ. مەسىلەن، كالا گۆشى ھىندىلارنىڭ نەزەرىدە پەرھىز، ئۇنى يېسە بولمايدۇ. ئەمما نۇرغۇن مىللەتلەر ئۇنى يەۋېرىدۇ ۋە ھىندىلارنىڭ نېمە ئۈچۈن كالا گۆشى يېمەيدىغانلىقىنى چۈشەنمەيدۇ. ئۇيغۇر قاتارلىق نۇرغۇن مىللەت ئەزالىرى كەپتەر گۆشى يەيدۇ. ئەمما كەپتەرنى تىنچلىقنىڭ سىمۋولى دەپ بىلىدىغان ئىنگلىزلارنىڭ، ئامېرىكانلارنىڭ نەزەرىدە كەپتەر گۆشى يېيىش ۋەھشىيلىك.

تاجىكىستان دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ ئىسمىنىڭ كەينىدىكى ئوۋ ـ ئوف قوشۇمچىسىنى چىقىرىۋېتىشنى فىرانسىيەنىڭ داڭلىق پەيلاسوپى دېررىدانىڭ چۇۋۇمچىلىق پەلسەپىسىدىكى پىكىر رامكىسى بويىچە چۈشەندۈرۈش مۇمكىن. يەنى ئۇنىڭ «گىراماتولوگىيە» ناملىق كىتابىدا يېزىلىشىچە، كۆرسىتىلگۈچى بىلەن كۆرسەتكۈچى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق سوسسىير كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك مۇقىم، مەڭگۈلۈك بولمايدۇ، ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ [7]. بۇ ئۆزگىرىشنى زامان ئۆزگىرىشى بەلگىلەيدۇ. مەسىلەن: بۇرۇن تاجىكىستاندىكى قېرىنداشلارنىڭ «وۋ، ۋۋا» قوشۇمچىسىنى ئىسمىغا زورلاپ قېتىشى بىر خىل مەدەنىيلىك ھېسابلانغان بولسا، ھازىر ئۇ رۇسنىڭ تەسىرى ھەم ئاسىيلىق دەپ چۈشىنىلىپ يامان كۆرۈلىدىغان بولغان. دېررىدانىڭ قارىشىچە، كۆرسەتكۈچى بىلەن كۆرسىتىلگۈچى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت كونتېكست ۋە زامان تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. يەنە ئالايلى، 1980 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا ئافغانىستان سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن جەڭ قىلغان چاغدا، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى تالىبانلارنى يۆلىگەن ۋە تالىبان قوماندانلىرىنى ئاقسارايغا يىغىپ تەكلىپ قىلىپ، «قەھرىمانلىق» ئوردېنى بەرگەن. 11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن بولسا تالىبانلار تېررورچى، زوراۋانغا باغلاپ چۈشەندۈرۈلىدىغان بولدى. بۇنىڭدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇكى، مەدەنىيەت سىمۋوللىرىنىڭ، پاسىل چۈشەنچىلەرنىڭ ئۆزگىرىشىگە ھوقۇق مۇناسىۋىتى ۋە زاماننىڭ ئۆزگىرىشى تەسىر كۆرسىتىدۇ. بىز ئورتاقلىق بىلەن ئىچكى قىسىمدا خاسلىقىمىزنى ساقلىساق، باشقىلار بىلەن بولغان پەرقىمىز ۋە مەدەنىيەت پاسىللىرىمىز بىلەن كىملىكىمىزنى مۇقىملىيالايمىز. پەرق، مەدەنىيەت پاسىلى ۋە كىملىك ئەنە شۇنداق مەڭگۈلۈك ئۇقۇمدۇر.

**ئىزاھلار:**

[1] رالف ئاللىسون: «كۆرۈنمەس ئادەم»، ئىنگلىزچە، بېيجىڭ چەت ئەل تىلى ئوقۇتۇش نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى نەشرى.

[2] كورنېل ۋېست: «ھازىرقى زامان ئىرقچىلىقىنىڭ كېلىپ چىقىشى»، ئىنگلىزچە «كورنېل ۋېست ئەسەرلىرىدىن تاللانما»، چىكاگو ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى نەشرى.

[3] جېففېري ئالېكساندىر، فىلىپ سىمىس: «ئېمىل دۇركىمنى چۈشىنىش ئۈچۈن ھەمراھ»، ئىنگلىزچە، كامبرىج ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2005 ـ يىلى نەشرى.

[4] ئېمىل دۇركىم، مارسېل مائۇس: «ئايرىۋاشلاش»، ئىنگلىزچە، چىكاگو ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1963 ـ يىلى نەشرى.

[5] مەرى دوگلاس: «ھالاللىق ۋە خېيىم ـ خەتەر»، ئىنگلىزچە، لوندون سېيج نەشرىياتى، 1960 ـ يىلى نەشرى.

[6] فېردىناند سوسسىر: «ئومۇمىي تىلشۇناسلىقتىن قىسقىچە بايان»، ئىنگلىزچە، چىكاگو ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1986 ـ يىلى نەشرى.

[7] ژاك دېررىدا: «گىراماتولوگىيە»، ئىنگلىزچە، جون خوپكىنس ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1976 ـ يىلى نەشرى.

---

ئاپتور: جەمئىيەتشۇناسلىق پەنلىرى دوكتورى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدىن.




مېڭە دوزاخنىمۇ، جەننەتنىمۇ ئاپىرىدە قىلىدۇ.

— جونسون بىراند (ئامېرىكا)

### نەزەرىمدىكى ئادەتتىكى ئادەم

گەرچە بۇ دۇنيادا ئادەتتىكى ئادەملەر ساناقسىز بولسى-
مۇ، لېكىن ئۇلار ھامان ئاجىزلار تۈركۈمىگە مەنسۇپ بولغاچ-
قا، ئاز ساندىكى كۈچلۈكلەرنىڭ ئىرادىسىگە بېقىنىپ ياشايدۇ.
چۈنكى، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا ئادىمىيلىك سۈپىتىنىڭ ئەنگۈشتە-
رى، روھىي كۈچىنىڭ مەنبەسى بولغان يۈكسەك غايە، ئەقىدە-
ئېتىقاد، ئۈمىد ۋە ئىشەنچ نۇرلىرى خىرەلەشكەن. يەنە كېلىپ
ئۆزىدىكى يوشۇرۇن كۈچ-قۇدرەتنى تونۇپ يېتەلمىگەچكە،
ئۆزلىرىنى ئۆزگەرتىش خىيالىدا بولۇپ باقمىغان.

پەقەت موزدۇزلۇق ھۈنىرى بىلەن تىرىكچىلىك قىلىشتىن
ئىبارەت ئاڭ كاللىسىغا مۆھۈردەك ئورناپ كېتىپ، ئاياغ
تىكىش كارخانىسى قۇرۇشنى زىنھار خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقماي-
دىغان موزدۇز؛ دېھقانچىلىقنى تىرىكچىلىكنىڭ بىردىنبىر يولى

دەپ قاراپ، بىر پارچە يەرگە ئۆمۈربويى باغلىنىپ قالغان
دېھقان؛ ئېلىپ ساتارلىقتىن ئىبارەت ئۇششاق تىجارەت بىلەن
بىر ئۆمۈر شۇغۇللىنىپ، چوڭراق بىرەر ئىش قىلىپ بېقىشنى
خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغان تىجارەتچى؛ خىزمەت ۋە ئىش
ئورۇنلىرىدا پەقەت ۋەزىپىنى ئورۇنداش، شەرتنى ئادا قىلىش
يۈزىسىدىن ئىشلەۋاتقان، ئۆز كەسپىدە بىرەر نەتىجە قازىنىش
ئويىدا بولۇپ باقمىغان ئىشچى-خىزمەتچى؛ ئاز-تولا پۇل
تاپقىنى بىلەن پۇلنى نېمە مەقسەتتە تېپىۋاتقانلىقىنى، قانداق
خەجلەشنى بىلمەيدىغان نادان باي، قىسقىسى، ماددىي موھ-
تاجلىقنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلىمىدا قورساق غېمىدە پىتراپ يۈ-
رۈۋاتقان كوچىدىكى تىلەمچىدىن تارتىپ، مەئىشەتلىك
تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ نېمە ئۈچۈن ياشا-
ۋاتقانلىقىنى ئانچە چۈشىنىپ كەتمەيدىغان روھىي گاداي بايغى-
چە؛ غۇربەتچىلىك ئىچىدە ياشاۋاتقان بولسىمۇ ھازىرقى ھالىتى-
گە شۈكۈر-قانائەت قىلىپ، ئۇدۇلىسىغا كۈن ئۆتكۈزۈۋاتقان
كىشىلەردىن تارتىپ، «زىيالىي» ئاتىلىپ كېلىۋاتقان بىر قىسىم

ئىللەت تۈزۈلمىسە، مىللەت تۈزەلمەس

غايىسىز «ماشاشلىقلار»غىچە، يەنى ۋۇجۇدى ئويغىنىش ھالىتىگە ئۆتمىگەن ھەم ئالغا ئىنتىلىش روھىدىن مەھرۇم قالغان، ھاياتقا نىسبەتەن ئاكتىپ پوزىتسىيەدە بولمايدىغان، ئەل قاتارى ياشاشنى ئۆزىنىڭ تۇرمۇش مىزانى قىلغان، ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت ئېڭى ئاجىز بولۇپ كىرىزىس ۋە تىراگېدىيە ئېڭى شەكىللەنمىگەن، ياشاش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى تاماق يېيىش ئۈچۈن ياشاۋاتقان، بىر جۈملە گەپ بىلەن ئېيتقاندا، ئۆزىدىن ھالقىش روھىغا ئىگە بولمىغان ئادەملەر ئادەتتىكى ئادەملەر تۈركۈمىنى شەكىللەندۈرىدۇ.

گەرچە ئادەتتىكى ئادەملەر ھاياتلىق مەنبەسىلىرىنىڭ ئىنتايىن ئاز بىر قىسمىدىن بەھرىمەن بولسىمۇ، ماددىي نامراتلىق ئادەتتىكى ئادەمنىڭ ماھىيەتلىك بەلگىسى ھېسابلانمايدۇ. گەرچە ماددىي جەھەتتە نامرات بولسىمۇ، روھىيىتى ئويغاق بولۇپ ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى نامايان قىلىش، قىممىتىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇش يولىدا ئاكتىپ ھەرىكەت قىلىۋاتقان ئادەمنى ئادەتتىكى ئادەم دېگىلى بولمايدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ئادەتتىكى ئادەمنى بىر تەرەپلىمە ھالدا سەلبىي نۇقتىدىن چۈشىنىۋېلىشقا، ئەرزىمەس، ئېتىبارسىز، ھېچقانداق قىممىتى يوق ئادەم دەپ قاراشقا تېخىمۇ بولمايدۇ. پەقەت ئادەتتىكى بىر ئادەم ئۆز تەقدىرىنى ئۆزگەرتىش يولىدا تېگىشلىك بەدەل تۆلەشتىن باش تارتمىسىلا، سەرخىللار توپىدىن بىر كىشىلىك ئورۇن ئالالىشىغا گەپ كەتمەيدۇ. دۇنيا بويىچە ئەڭ باي ھېسابلىنىدىغان داڭلىق كارخانىچىلاردىن بىل. گايتىس، ۋاررېن بوففېتلار ئۆز شىركەتلىرىنى قۇرۇشتىن ئىلگىرى ئادەتتىكى ئادەملەر ئىدى. ئامېرىكىنى ئىقتىسادىي كاساتچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ، قۇدرەتلىك دۆلەت بولۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان سابىق پرېزىدېنت فرانكلىن روزۋېلتمۇ كىچىك چېغىدا باللار پالەچ كېسىلىگە گىرىپتار بولغان بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا «ئامېرىكىنىڭ بىمارى» دەپ ئاتالغان، تۇرمۇشىمۇ غۇربەتچىلىك ئىچىدە ئۆتكەن ئادەتتىكى بىر ئادەم ئىدى. بۇ يەردىكى ھالقىلىق مەسىلە قانداق قىلغاندا ئادەتتىكى ئادەملىك سالاھىيىتىدىن ھالقىش مەسىلىسىدۇر.

بىز «ئادەم ۋە تەبىئەت» پىروگراممىسىنى كۆرگىنىمىزدە ھايۋاناتلار دۇنياسىدىكى رىقابەت ۋە خىرىسلارنىڭ تولىمۇ كەسكىن تۈس ئالغانلىقى كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولىدۇ. ئادەملەر ئارىسىدىكى رىقابەتنىڭ تېخىمۇ كەسكىن، تېخىمۇ رەھىمسىز بولىدىغانلىقىغا گەپ كەتمەيدۇ. «رىقابەت» ئەنە شۇنداق مەۋجۇتلۇق كۆرىشىنىڭ ئىلمىي ئاتالغۇسى بولۇپ، رىقابەتتە رەھىمدىللىك بولمايدۇ. بىرى ئۇتسا بىرى ئۇتتۇرىدۇ، بىرى غەلىبە قىلسا بىرى مەغلۇپ بولىدۇ، بىرى مەۋجۇت بولسا بىرى يوقىلىدۇ. بۇنىڭدىن بۇ دۇنيانىڭ دارۋىن ئوتتۇرىغا قويغان «كۈچلۈكلەرنىڭ ئاجىزلارنى يېيىش» پىرىنسىپى بويىچە داۋام ئېتىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشقا بولىدۇ. گېرمانىيىلىك زەردار A. ئونۇشىس ئېيتقاندەك: « «رىقابەتنىڭ ئۆزى رەقىبىڭنى پۈتۈن كۈچۈڭ بىلەن قەتلىئام قىلىشقا ئۆت، دېگەنلىكتۇر». كىمدۇر بىرى: «ئادەمدە ئىدىيە بولمىسا نادانلار كۆپىيىدۇ، مىللەتتە ئىدىيە بولمىسا غالجىرلىشىدۇ» دېگەنىكەن. ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ ئەڭ زور قىسمىتى شۇكى، ئۇلار ھەقىقىي بەختسىزلىكنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ، بېشىغا كېلىۋاتقان تۈرلۈك قىسمەتلەرنى تەقدىر دەپ قارىشىدۇ، ھاياتنى ئەسلىدىنلا شۇنداق دەپ بىلگەچكە، قانداق قىلىپ ھازىرقى ئەھۋالنى ئۆزگەرتىش ھەققىدە ئۆزىگە سوئال قويۇپ باقمايدۇ. رىقابەت ئېڭى ئاجىز بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ قانداق خىرىس ۋە خەتەرلەرنىڭ قورشاۋىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئانچە ھېس قىلىپ كېتەلمەيدۇ. بۇ خۇددى ئىگىسىنىڭ ياخشى مۇئامىلىسى ۋە ياخشى بېقىشى بىلەن سەمرىۋاتقان قوتاندىكى كالىنىڭ، پىچاقنىڭ كانىيىغا يېقىنلىشىپ قېلىۋاتقانلىقىنى بىلمىگىنىگە ئوخشايدۇ. ئۆزىنىڭ كىرىزىس ئىچىدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلمىغان ئادەم، كۈچلۈكلەر تەرىپىدىن شاللىنىشتەك قىسمەتلىك تەقدىردىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. شۇڭا ئادەتتىكى ئادەملەر ئالدى بىلەن ئىدىيە جەھەتتە ئويغانماي تۇرۇپ نۆۋەتتىكى رىقابەتكە دادىل يۈزلىنەلمەيدۇ.

مەن بۇ ماقالىدە، ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ قىسمىتىنى پەيدا قىلىدىغان گەۋدىلىك ئىللەتلەر ۋە ئۇنى تۈزىتىشنىڭ تەخىرسىزلىكى ھەققىدىكى پىكىر قاراشلىرىمنى ئوقۇرمەنلىرىمنىڭ مۇلاھىزىسىگە سۇنىمەن.

## ئادەتتىكى ئادەملەردىكى گەۋدىلىك بىر قانچە ئىللەت

تۇرمۇش تەكرارلىقى ۋە ئېقىمغا ئەگىشىش خاھىشى: فرانسىيەلىك ئالىم جون ھېنرى فابىر تۈكلۈك چېپار قۇرت ھەققىدە مۇنداق بىر تەجرىبە ئىشلىگەن: بىر ئەينەك تەشتەكنىڭ ئوتتۇرىسىغا چېپار قۇرت ئەڭ ئامراق قارىغاي يوپۇرمىقىنى قويۇپ، چېپار قۇرتلارنى تەشتەكنىڭ دىۋارىنى بويلىتىپ

قويۇپ بەرگەن. تۆكلۈك چىپار قۇرۇتلاردا «ئەگىشىش» ئا-
دىتى بولغاچقا، ئۇلار تەشتەكنىڭ دىۋارىنى بويلاپ ئايلىنىۋەر-
گەن، ھېرىپ ماجالى قالمىغاندا سەل توختىۋېلىپ يەنە مېڭىش-
نى داۋاملاشتۇرغان. ئۇلار شۇ تەرىقىدە ئايلىنىشنى يەتتە
سوتكا داۋاملاشتۇرۇپ ئاخىر ماداردىن كېتكەن ھەم ھەممە-
سى ئاچلىقتىن ئۆلگەن، ئەپسۇسلىنارلىقى، ئۇلار يۆلىنىشنى يو-
پۇرماق تەرەپكە بۇراپ پەقەت ئۆزىدىن بەش ئىنگلىز سۇڭى
يىراقلىقتىكى قارىغاي يوپۇرماقلىرىنى يېيىشكە مۇۋەپپەق بولال-
مىغان. تۆكلۈك چىپار قۇرۇتنىڭ ھالاكىتىنى مۇنداق ئىككى
سەۋەب كەلتۈرۈپ چىقارغان. بىرى، ئۇلار قارىغاي يوپۇرمە-
قىدىن مېھرىنى ئۈزەلمىگەچكە، ھاياتلىقنى ساقلاشنىڭ باشقىچە
يوللىرى ئۈستىدە ئويلىنىپ كۆرمىگەن ياكى پىكىر يولىنى
ئۆزگەرتىپ يۆلىنىشنى يوپۇرماق بار تەرەپكە بۇرىمىغان.
يەنە بىرى ئۇلاردا بىر-بىرىگە قارىغۇلارچە ئەگىشىش خاھ-
شى كۈچلۈك بولغاچقا، باشتىكى قارا قورساق سەركە —
تۆكلۈك چىپار قۇرتنىڭ خاتا يول باشلىشى بىلەن ھەممىسى
بىراقلا ھالاكەتكە يۈزلەنگەن.

تۆكلۈك چىپار قۇرتنىڭ قىسمىتىنى ئادەملەرگە تەتبىقلاپ
كۆرۈشكە بولىدۇ. ئادەتتىكى ئادەملەر تەكرار تۇرمۇشقا ئا-
دەتلىنىپ قالغان بولىدۇ. تەكرار تۇرمۇش — ھاياتنىڭ
ئوخشاش مەزمۇن، بىر خىل تەرزدە داۋاملىشىشىنى كۆرسىتى-
دۇ. بۇ خىل تۇرمۇشتىن يېڭىچە قىممەت، يېڭىچە مەنە ھاسىل
بولمىغاچقا، بىر يىل ياشاش بىلەن ئون يىل ياشىغاننىڭ ماھ-
يەت جەھەتتىن ھېچقانچە پەرقى بولمايدۇ. «ئادەم ئۇچۇن
قۇياش ھەر كۈنى يېڭى بولۇشى كېرەك» دېگەن سۆز،
تۇرمۇش تەكرارلىقىدىن قۇتۇلۇپ ھەر بىر كۈننى يېڭى-يېڭى
مەنىلەر بىلەن بېيىت دېگەندىن ئىبارەت. گەرچە سىز ھەر
كۈنى دېگۈدەك يېڭى شەيئى، ھادىسىلەر بىلەن ئۇچرىشىپ
تۇرۇۋاتقان، ھەر خىل ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان، ھەتتا
يۇرت كېزىپ تۇرۇۋاتقان تەقدىردىمۇ، پىسخىك پائالىيەت
پەيدا قىلىدىغان تۇرمۇش ماكانىدىن ھالقىيالمىسىڭىز، روھىيە-
تىڭىزدە يېڭىلىنىش بولمىسا، ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتە يې-
ڭىچە قىممەت يارىتالمىسىڭىز ھاياتىڭىزنىڭ قىممىتىدە ئۆسۈش
بولمايدۇ. ئۆزىڭىزنى ئاز-تولا بولسىمۇ يېڭىلاشقا تۇرتكە بو-
لىدىغان مەنىۋى جۇغلانمىغا ئىگە بولالمىسىڭىز، ئوخشاشلا
تەكرارلىق ئىچىدە ياشاۋاتقان بولىسىز. تەكرارلىق ھاياتنى مە-
نىسىزلەشتۈرۈپلا قالماي، تېخىمۇ يامىنى پىكىر ۋە تەپەككۇر-
نى قاشاڭلاشتۇرۇپ ئىجادىي روھنى تۇنجۇقتۇرۇپ قويىدۇ.
تەكرارلىق ئادەتنى، ئادەت تەپەككۇر تۇرغۇنلۇقىنى كەلتۈ-
رۈپ چىقىرىدۇ.

ئادەمنىڭ تەپەككۇرى تۇرغۇنلۇقتا ئۆتكەندە مەسىلىلەر-
نى ئادەتلەنگەن قاراش بويىچە يۈزە ئويلايدىغان، دۇنياغا
سوئال نەزەرىدە باقمايدىغان، ئىچىدا توقۇنۇش پەيدا قىلىپ
تۇرۇۋاتقان چوڭ-چوڭ مەسىلىلەرمۇ نېرۋىسىدا غىدىقلىنىش
پەيدا قىلمايدىغان، تەسىر كۈچلەرگە ئاكتىپ ئىنكاس قايتۇرال-
مايدىغان، بىر ئىشلارغا گۇمانىي نەزەردە قارىمايدىغان
پاسسىپ كەيپىيات شەكىللىنىپ قالىدۇ. بىر ئادەم تەرەققىياتنى
چەكلەپ تۇرىدىغان پاسسىپ ئادەت- قاراشلارنىڭ قولىغا ئاي-
لانغاندا نۇرغۇن خاتا ئادەتلەر ھەقىقەتتەك تۇيۇلىدىغان
بولۇپ قالىدۇ. نەتىجىدە مېڭىپ-مېڭىپ قىرىدىن ئاشالمىغان
تۆكلۈك چىپار قۇرتتەك بىر نۇقتىنى دەۋر قىلىپ ئايلىنىۋې-
رىشتەك ئېچىنىشلىق ئەھۋال كېلىپ چىقىدۇ. تەپەككۇر تۇر-
غۇنلاشقاندا ھاياتىي كۈچمۇ زور دەرىجىدە ئاجىزلىشىپ، مېڭە
تۇترۇقسىز پىكىر ۋە خىياللارنىڭ ئۇۋىسىغا ئايلىنىپ قالىدۇ
ئەخلەت ئىدىيە قاراشلار ئەھمىيەتسىز پالاقشىشنى كەلتۈرۈپ
چىقىرىدۇ. تەپەككۇر تۇرغۇنلاشقاندا يېڭىلىق يارىتىش، ئىجاد
ئىختىرالاردىن تېخىمۇ سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ.

قانداق پىكىر ۋە تەپەككۇردا بولۇش يەنە بىر تەرەپتىن
ئىدىيەنىڭ يېتەكلىشىگە باغلىق بولىدۇ. تەكرار تۇرمۇشقا كۆ-
نۈكۈپ كەتكەن ئادەتتىكى ئادەملەردە «كۆپچىلىك نېمە
بولسا مەنمۇ شۇ، كۆپچىلىك بىلەن بولغان ئىش تاماشا» دې-
گەندەك ئەل قاتارى ياشاش قارىشى ھۆكۈمران ئورۇندا تۇر-
غاچقا، ئۆزلۈك روھنى ئىنكار قىلىشقا ئادەتلىنىپ قېلىشقان.
بۇنداق مۇستەقىللىق ۋە خاسلىقنى يوقىتىپ قويغان كىشىلەر
ئاسانلا خاتا ئېقىمنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ. قىلىۋاتقان
ئىشىنىڭ خاتالىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ يەنە شۇ ئىشنى قىلىۋېرىش
ئۇچىغا چىققان ھاماقەتلىك ھېسابلىنىدۇ. ئېقىمغا ئەگەشكۈچى-
لەرنىڭ ئەقىل كۆزى پەردىلەنگەن، ئۇچۇر ۋە تەشۋىقاتلارغا
قارىتا پەرق ئېتىش ئىقتىدارى ئاجىز بولغاچقا، قارىماققا توغ-
رىدەك، ئەمەلىيەتتە خاتا بولغان ئىدىيە- قاراشلارنىڭ قايمۇق-
تۇرۇشى ۋە زەھەرلىشىگە ئاسان ئۇچرايدۇ. ئوي- پىكرىدىكى
يۈزەلىك، قاتماللىق كۆپ ھاللاردا بىلىشتىكى خاتالىقنى كەلتۈ-
رۈپ چىقارغاچقا، مەسىلىلەرگە يەكلەمچىلىك بىلەن باھا بېرى-
دۇ. مەسىلەن، ئۇلار يولدا مەست بولۇپ يېتىپ قالغان ئادەم

گە لەنەت كۆزىدە قارايدۇ، ئەيىبلەش پوزىتسىيەسىدە بولىدۇ. سەۋەنلىكىنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭغا ئارتىدۇ. ئۇ ئەسلى قانداق ئادەم، نېمە ئۈچۈن شۇ دەرىجىگە چۈشۈپ قالدى، ئۇنىڭ شۇ ھالغا چۈشۈپ قېلىشىدىكى ئىجتىمائىي ئارقا كۆرۈنۈش نېمە، جەمئىيەتنىڭ مەسئۇلىيىتى بارمۇ ـ يوق؟ دېگەندەك نۇقـ تىلارنى چىقىش قىلىپ چوڭقۇرراق ئويلىنىپ كۆرمەيدۇ، ھېسـ داشلىق قىلىش، ئىچىنىش ھېسسىياتىدا بولمايدۇ.

ئېقىمغا ئەگەشكۈچىلەر كۆپىنچە ھاللاردا مەسىلىلەرنىڭ سەۋەب ـ نەتىجىلىك مۇناسىۋىتى، توغرا ـ خاتالىقى ئۈستىدە ئەتراپلىق پىكىر يۈرگۈزۈپ كۆرمەيلا، ھېسسىياتقا ئاساسەن ئىش كۆرىدۇ، بىلىپ ـ بىلمەي بىر ـ بىرىنى دورايدۇ، پايدا ـ زىـ يىنى بىلەن ھېسابلاشماي مودا قوغلىشىدۇ. بۇنداق قارىغۇلارـ چە دوراش، ئەسەبىيلەرچە مودا قوغلىشىش ئادەمنى ئەقىلدىن ئازدۇرۇپ خەتەرنى ئايرىيالمايدىغان دەرىجىگە كەلتۈرۈپ قويىـ دۇ. گەرچە ئۇلاردا ئىچكى مىللىي ئۇيۇشۇش كۈچى ئاجىز بولسىمۇ، مەھەللىۋى جامائەتچىلىك ئېڭى كۈچلۈك بولغاچقا ئادەتتە توپلىشىپ ياشايدۇ، مانا بۇ شۇ كىشىلەرنىڭ تېخى ئەقـ لىيلىشىشكە يۈزلەنمىگەن ئەنئەنىۋى جەمئىيەتتە ياشاۋاتقانلىقىـ نىڭ ئىپادىسى. توپلىشىپ ياشىغۇچىلاردا بىر ـ بىرىگە تايىنىش، بىر ـ بىرىگە بېقىنىش خاھىشى كۈچلۈك بولۇپ، ئايىغى چىقماس قائىدە ـ يوسۇنلار چەمبىرىكى ئۇلارنى سېھىرلەپ ئالغان بولىدۇ، بۇنداق ئىجتىمائىي مۇھىتتا ئەقىل ئىسراپچىلىـ قى زىيادە كۆپ بولىدۇ. ئادەتتىكى ئادەملەر مېھماندوستلۇقـ نى، زىيادە ئاق كۆڭۈللۈك ۋە رەھىمدىللىكنى ئېسىل ئەخلاق سۈپىتىدە قوبۇل قىلىدىغان بولغاچقا، ئاغىز ـ بۇرنىنى قان قىلغان ئاچچىق ساۋاقلارمۇ ئۇلارنىڭ ئېسىدىن ئاسانلا كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ.

مۇھىت ۋە ئادەتنىڭ بېكىنمە ھالەت: بەزىلەر ھەسرەتـ لەنگەن ھالدا: «ئەگەر ئەينى چاغدىكى پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي شەھەردە قالغان بولسام تەقدىرىم ھازىرقىدەك بولـ مايتتى» دېيىشىدۇ. نوقۇل ھالدا شەھەرلىكلەرنى بەختلىك، يېـ زىلىقلارنى بەختسىز، يېزىدا مۇۋەپپەقىيەت پۇرسىتى يوق، شەـ ھەردىلا چوڭ ـ چوڭ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولىدۇ، دەپ قاراشقا بولمايدۇ. بىراق، مۇھىت ۋە شارائىتنىڭ بەزىدە تەقدىرنى بەلگىلەش رولىنى ئوينايدىغانلىقىنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ. ئوقۇش پۈتكۈزۈپ شەھەردە قېلىش ياكى يېزىغا قايتىشتىن ئىبارەت كەسكىن تاللاش مەسىلىسىدە

خاتا بېسىلغان بىر قەدەم شۇ ئادەمنىڭ ئىستىقبالىغا زور دەرىـ جىدە تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىن. مەسىلەن، سىز تىرىشچان، يېڭىلىق يارىتىش تىپىدىكى ئوقۇغۇچى، ئالىي مەكتەپنى تاماـ مىلىغاندىن كېيىن بىرەر نوپۇزلۇق تەتقىقات ئورۇنلىرىدا ئىشلەپ ئۆز كەسپىڭىزدە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشقا نىسبەتەن ئىشەنچىڭىز شۇ قەدەر كۈچلۈك، بىراق سىز شارائىتى ناچار، ئادەملىرى قالاق چەت بىر يېزىغا خىزمەتكە تەقسىم قىلىنغان بولسىڭىز، يەنە كېلىپ تەقسىم قىلىنغان خىزمەت ئوقۇغان كەسپىڭىزگە ماس كەلمىسە، بۇ خىل مۇھىت ئىقتىدار ۋە تالانـ تىڭىزنى ئاستا ـ ئاستا نابۇت قىلىدۇ ـ دە، تەبىئىي ھالدا ئادەتتىـ كى ئادەملەر توپىغا قېتىلىپ كېتىشكە مەجبۇر بولىسىز.

ياپونىيەلىك لىڭمۇ جىنيى: «ئىقتىدارنىڭ يېتىلمەسلىكىدىـ كى سەۋەب ئىككى: بىرى جۇشقۇن ھاياتىي كۈچنى چەكلەيـ دىغان مۇھىت شارائىت مەۋجۇت، يەنە بىرى جۇشقۇن ھاياـ تىي كۈچنىڭ چېنىقتۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ۋە يۇقـ رى كۆتۈرىدىغان مۇھىت يوق» [1] دەپ قارىغان. ھاشاراتـ لار ئىچىدە بۈرگە سەكرەش چېمپىيونى بولسا كېرەك. تەجرىـ بە قىلىنىشىچە، بۈرگىنى بوتۇلكىغا سولاپ، ئەينەك ئېغىز بىلەن بوتۇلكىنىڭ ئېغىزىنى ئېتىۋەتكەندە، دەسلەپتە بۈرگە سەكرەپ ئۆزىنى بوتۇلكا ئاغزىغا قاتتىق ئۇرىدىكەن. ۋاقىتـ نىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ داۋاملىق سەكرىسىمۇ بوتۇلكىدىن چىقالمايدىغان ھالەت شەكىللىنىدىكەن. بۇ چاغدا بوتۇلكىنىڭ ئېغىزى ئېچىۋېتىلسىمۇ، بۈرگە ئاشۇنچىلىك ئېگىزلىكتە رېتىمـ لىق سەكرەشكە كۆنۈپ كەتكەچكە بوتۇلكا ئېغىزىدىن چىقىپ كېتەلمەيدىكەن.

ھەر قانداق نورمال ئادەمدە جارى قىلدۇرغىلى بولىـ دىغان غايەت زور يوشۇرۇن ئىقتىدار بولىدۇ. تەتقىقاتلارغا ئاـ ساسلانغاندا، ئىنسانلار ئورتاق بىر گېن گۇرۇپپىسىغا تەۋە بولۇپ، خالىغان ئىككى ئادەمنىڭ گېن تەركىبىنىڭ 99.9% دىن ئارتۇقراقى ئوخشاش بولىدىغانلىقى مەلۇم بولغان. بۇنىڭـ دىن ئادەملەرنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنىڭ ئاساسەن ئوخشاش بوـ لىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئادەتتىكى ئادەملەر ئۆزىدـ نى ئەقلىي جەھەتتە تۆۋەن چاغلايدۇ. بۇنىڭدىكى مۇھىم بىر سەۋەب، خۇددى بۈرگە بوتۇلكا ئىچىگە قامىلىپ قالغىنىدەك، بېكىنمە مۇھىت ئۇلارنىڭ ئۆز ئىقتىدارلىرىنى جارى قىلدۇـ رۇش ئىمكانىيەتلىرىنى چەكلەپ تۇرىدۇ. بولۇپمۇ ئالىي جەھەتـ تىكى بېكىنمىچىلىك پىكىر ۋە تەپەككۇرنى بوغۇپ روھىي جەـ

ھەتتىكى گاس- گاچىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.
ئادەتتىكى ئادەملەردە گۇمانىي روھ كەمچىل بولغاچقا،
ئىش- ھەرىكىتى ناھايىتى ئاسانلا ئۆتمۈشتىكى تەجرىبىلەرنىڭ
كۈچلۈك چەكلىمىسىگە ئۇچراپ تۇرىدۇ. بېكىنمە ئاڭ دېگەن-
دە ئاڭنىڭ پەقەت شەخسىي كەچۈرمىش ۋە تەجرىبە، بېكىنمە
مۇھىت پەيدا قىلغان چەكلىك ھاسىلاتلار دائىرىسىدە چەكلە-
نىپ قېلىشىنى، تار نەزەرنى كۆرسىتىدۇ. بۇرگە رېتىملىق ھە-
رىكەتكە كۆنۈپ قېلىپ بوتۇلكىدىن چىقالمىغىنىدەك، ئادەممۇ
بېكىك مۇھىتتا بېكىنمە ئاڭ بىلەن ياشاۋېرىپ يېڭىلىقى بولمە-
غان بىر خىل رېتىملىق تۇرمۇشقا كۆنۈكۈپ كەتسە، ھالقىش
ئىقتىدارىدىن مەھرۇم قالىدۇ. بىر قىسىم ئادەملەرنىڭ پاسسىپ
ئىجتىمائىي مۇھىت ئىچىدە ياشاۋېتىپمۇ مۇۋەپپەقىيەت قازىنالە-
شى — ئاڭ ۋە ئىدىيە جەھەتتە مەۋجۇتلۇق ماكانىدىن
ھالقىپ پىكىر ۋە تەپەككۇرنىڭ قۇدرىتىنى نامايان قىلالىغانلى-
قىدا. (بۇ ھەقتىكى مەزمۇنغا قىزىققۇچى ئوقۇرمەنلىرىمىز
«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2010- يىلى 3- سانىدا
ئېلان قىلىنغان. «بېكىنمە ئاڭ ۋە تەپەككۇر تۇرغۇنلۇقى» تې-
مىسىدىكى ماقالەمنى ئوقۇپ كۆرۈشكە مۇراجىئەت قىلمەن)

بىلىم ۋە ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ قىممىتىنى بىلمەسلىك: كە-
لاسسىكلىرىمىزدىن ئەھمەد يۈكنەكى بىلىمنى يىلىككە ئوخشە-
تىپ، بىلىمسىز كىشىنىڭ قەلبى يىلىكسىز سۆڭەكتەك كاۋاك ۋە
بوش بولىدۇ، دۇنيادا ھەرقانداق كىرنى يۇيۇپ تازىلىغىلى بو-
لىدۇ، ئەمما بىلىمسىزلىك ۋە نادانلىقنى يۇيۇپ تازىلىغىلى بول-
مايدۇ دەپ قارىغان. بىز كىتابنى بىلىمنىڭ بۇلىقىغا، بىلىمنى
ئەقلىنىڭ چىرىغىغا ئوخشىتىمىز. بىلىم ئادەمنى ئۇستۇنلۇككە
ئىگە قىلىدىغان مەنىۋى قورال. ئەكسىچە بىلىمسىزلىك ئەقىل-
پاراسەتنىڭ قۇدرىتىنى چەكلەپ، خۇراپاتلىق، نادانلىق ۋە ناھە-
راتلىقنى پەيدا قىلىدىغان مەنىۋى كىشەن. ئىلىم ئېرپاندىن
قانچە ياتلاشقانسېرى نادانلىق شۇنچە قۇتراشقا باشلايدۇ. نا-
دانلىق ھەر ۋاقىت ئادەمنى زۇلمەتكە دالالەت قىلىپ تۇرىدۇ.
نادان ئادەملەر ئىش قىلغاندا ئەقلىنىڭ تاسقىشىدىن ئۆتكۈز-
مەيدۇ. كۆپىنچە كېسەللەرنى مەينەتچىلىك پەيدا قىلغىنىدەك،
نادانلىق ۋە نامراتلىقمۇ ئىللەتلەرنىڭ يامرىشىغا سەۋەب بولى-
دىغان مەنبە ھېسابلىنىدۇ. ئادەم قانچە نادانلاشسا باشقىلار-
نىڭ گېپىگە يەڭگىللىك بىلەن ئىشىنىدىغان، باشقىلارنىڭ دېيىشى
ئۇسسۇل ئوينايدىغان، نومۇسنى بىلمەيدىغان بولۇپ كېتىدۇ.
كېچىنىڭ زۇلمىتىدىن تاڭ ئاتسىلا قۇتۇلغىلى بولىدۇ، بىراق
ئىلىم- ئېرپانغا مۇراجىئەت قىلماي قەلبنىڭ زۇلمىتىدىن مەڭگۈ
قۇتۇلغىلى بولمايدۇ. قەلبنىڭ زۇلمىتى ئادەمنى ئەڭ خار ۋە
ئېتىبارسىز ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ. شۇڭا كىمدۇر بىرى
«ئىسراپخورلۇق — نومۇس، پاراسەت ئىسراپچىلىقى — ئېپ-
لاسلىق!» دېگەنىكەن. ئەپسۇس، ئۇزۇقلۇققا تازا ئېھتىياج-
لىق، ئەمما ئىشتىھاسى تۇتۇلغان بىمارنىڭ ئېسىل تائامنى كۆر-
سىمۇ كۆڭلى ئايىنىغىنىدەك، زەئىپلەشكەن روھمۇ ئىلىم- ئېرپا-
دىن ئىبارەت مەنىۋى ئوزۇقنى قوبۇل قىلىشنى رەت قىلىدۇ.

ئالىي مائارىپى ئومۇملىشىپ بولغان دۆلەتلەر بىلەن،
تېخى ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپى ئومۇملىشىپ بولالمايۋاتقان
سۈپەتلىك مائارىپ بايلىقىغا ئىگە دۆلەت بىلەن، مائارىپ سۈ-
پىتى تۆۋەن دۆلەتنىڭ ئادەم كۈچى بايلىقى جەھەتتىكى كۈچ
سېلىشتۇرمىسىدا پەرق چوڭ بولىدۇ. ماي بولمىسا ماشىنا قوز-
غالمىغىنىدەك، ئادەمدە دېيەرلىك بىلىم جۇغلانمىسى بولمىسا
پىكىر ۋە تەپەككۇرنى ئۈنۈملۈك قوزغاتقىلى بولمايدۇ. مۇنە-
داقچە ئېيتقاندا بىلىم پىكىر ۋە تەپەككۇرنىڭ خېمىرتۇرۇچى
ھېسابلىنىدۇ. بىلىم ئىنسانىيەت ئەقىل- پاراستىنىڭ جەۋھىرى
سۈپىتىدە كىتابلارغا پۈتۈلگەن. كىتابتىكى بىر قىسىم تەييار
ھەقىقەتلەر تالاي ئالىم ۋە ئىزدەنگۈچىلەرنىڭ نەچچە ئەسىر-
لەپ ئىزدىنىشىنىڭ مەھسۇلى. تالاي تەجرىبىلەرنىڭ سىنىقىدىن
ئۆتكەن تەييار ھەقىقەتلەرنى بىلىشتە كىتابقا مۇراجىئەت
قىلماي، ھەممىنى قايتا تەجرىبىدىن ئۆتكۈزۈپ بىلمەكچى ئېرى-
شمەن دېيىش سېپى ئۆزىدىن ئەخمەقلىق ھېسابلىنىدۇ.
بىزنىڭ نەچچە يىللاپ مائارىپ تەربىيەسى ئېلىشىمىزدىكى
سەۋەب، كېيىنكى تەرەققىياتقا تۈرتكە بولالىغۇدەك زۆرۈر
بولغان بىلىم جۇغلانمىسىغا ئىگە بولۇش، بىلىم ئېلىشنىڭ
ئۇسۇل- چارىلىرىنى ئىگىلەش، قانداق پىكىر ۋە تەپەككۇر قە-
لىشنىڭ ئۈنۈملۈك يوللىرىنى بىلىۋېلىشتىن ئىبارەت.

چەت ئەل مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ قارىشىچە، تۆۋەندىكى
بىلىم ئۆلچىمىگە توشىدىغانلار تەربىيەلەنگەن كىشى ھېسابلىنى-
دىكەن: 1. ئوقۇيالايدىغان، يازالايدىغان، ھېسابلىيالايدىغان
بولۇش. 2. دۇنيا تارىخى، جۇغراپىيەسى توغرىسىدا ئاساسلىق
بىلىمگە ئىگە بولغان بولۇش. 3. فىزىكا، خىمىيە، بىئولوگىيە
توغرىسىدا ئاساسلىق بىلىملەرگە ئىگە بولغان بولۇش. 4. ما-
تېماتىكا، لوگىكا ئىلمى توغرىسىدىكى ئاساسلىق بىلىملەرگە
ئىگە بولغان بولۇش. 5. ئۆز تىلىنى بىلگەندىن باشقا ئاز دې-
گەندە بىر چەت ئەل تىلىنى بىلگەن بولۇش. 6. مەيلى سۆز-

www.uyghurkitap.com

لەشتە ياكى يېزىشتا بولسۇن مۇۋاپىق سۆزلەرنى قوللىنىپ،
دېمەكچى بولغان پىكرىنى ئىپادىلىيەلەيدىغان بولۇش. 7. جەم-
ئىيەتكە پايدىلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىيەلەيدىغان بولۇش. 8.
كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىيالايدىغان، قانداق ئۆگىنىش كېرەكلىك-
نى چۈشەنگەن ۋە ئۆگىنىشتىن بەھىر ئالالايدىغان بولۇش. 9.
ئەھمىيەتلىك مۇھىم مەسىلىلەرگە قىزىقىدىغان ھەم ئۇنىڭغا
قىزغىن جاۋاب بېرەلەيدىغان بولۇش. 10. مەسىلىلەرنى بىر
تەرەپ قىلغاندا بىر قانچە خىل ئىشەنچلىك ئۇسۇللارنى
تاللاپ ئوتتۇرىغا قويالايدىغان ھەمدە ئۇنىڭ ئىچىدىن ئەڭ
مۇۋاپىق كېلىدىغانلىرىنى تاللاپ چىقالايدىغان بولۇش. 11.
باشقىلارنىڭ پىكىر ۋە قاراشلىرىنىڭ خاتا بولۇپ قېلىش ئېھتى-
ماللىقى بارلىقىنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايدىغان بولۇش. 12. توغرا پا-
كىتلارغا ئاساسەن ئۆزىنىڭ پىكىر ۋە قاراشلىرىنى ئۆزگەرتىش-
كە ھەر ۋاقىت تەييار تۇرالايدىغان بولۇش. 13. ھېسابلاش
ماشىنىسى ۋە كومپيۇتېر ئىشلىتىش توغرىسىدىكى ئاساسىي بى-
لىمگە ئىگە بولغان ھەم ئۇنى مۇنتىزىم ئىشلىتەلەيدىغان
بولۇش. [2] بۇلاردىن ئەقىل رىقابىتىنىڭ كەسكىنلىشىشىگە ئە-
گىشىپ، تەربىيەلەنگەن ئادەم بولۇشنىڭ ئۆلچىمىنىڭ ئۆسۈپ
بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

بىلگەنلەرنىڭ تېخىمۇ كۆپ نەرسىلەرنى بىلگۈسى كېلى-
دۇ، بىلمىگەنلەر خۇددى چۈمۈلىدەك ئۆزىنىڭ تار دۇنياسىدا
ياشاۋېرىدۇ. ھالبۇكى، ئادەتتىكى ئادەملەر ئۆگىنىش ۋە بىلىم
ئېلىشقا ئانچە قىزىقىپ كەتمىگەچكە، پەقەت مەكتەپتە ئۆگەن-
گەن ئازغىنە بىلىمى بىلەن چەكلىنىپ قالىدۇ. قىسمەنلىرىنى ھې-
سابقا ئالمىغاندا، ئومۇمەن ئۇلاردا كىتاب ئوقۇش ئادىتى يې-
تىلمىگەچكە قەلبى كورلاشقان. بىلىمدىن ئىبارەت بۇ «يې-
لىمىك»نىڭ قان ئىشلەش ئىقتىدارىدا مەسىلە كۆرۈلسە، تەن زە-
ئىپلىشىدۇ- دە؟

ھازىر بىر قىسىم مەكتەپلەردە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگە-
نىشتىن سوۋۇش خاھىشى ئېغىر بىر مەسىلىگە ئايلانماقتا. ئاز
ساندىكى ئوقۇغۇچىلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا ئۇلارنىڭ مەكتەپ
ۋە سىنىپتىكى ئۆگىنىش ئىپادىسىنىڭ پاسسىپلىقى، قىزىقىش ھە-
ۋەسلىرىنىڭ چاكىنىلىقى، تەسىرلىنىش تۇيغۇسىنىڭ يوقىلىپ بې-
رىشى كىشىنى ھەقىقەتەن ئەپسۇسلاندۇرىدۇ. مائارىپچىلار ئا-
رىسىدا خىزمەتتىن سوۋۇش، ئۆزىنى تاشلىۋېتىش، چۈشكۈنلە-
شىشتەك پاسسىپ كەيپىياتلارنىڭ باش كۆتۈرۈشى ئادەمنى تې-
خىمۇ ئەندىشىگە سالىدۇ. كەسپىي ئورۇنلار ۋە ئىدارە- ئور-
گانلاردا خىزمەت قىلىۋاتقانلار ئىچىدىمۇ ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنى-
ۋاتقان، ئىزدىنىۋاتقانلارنى ئانچە ئۇچرىتىقىلى بولمايدۇ.
ئۇلارنىڭ نېمە ئۈي- كويلاردا پالاقشىپ يۈرۈۋاتقانلىقى ئۇر-
قۇرمەنلەرگە ئايان. شۇ كۈنلەردە نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ چۈش-
كۈنلىشىشتىن ئىبارەت يۇقۇملۇق «ۋىرۇس» بىلەن ئېغىر دە-
رىجىدە يۇقۇملىنىپ، ياشاش ئىقتىدارىدىن ئىبارەت ئىممۇنە-
تېت كۈچىنىڭ ئاجىزلاپ بېرىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشقا بولىدۇ.
ئەگەر بۇ خىل «كېسەل»نىڭ سەۋەبلىرىنى ۋاقتىدا ئېنىقلاپ
چىقىپ، ۋاقتىدا داۋالاش ئېلىپ بارمىغاندا، ۋاقىت ئۆتۈپ
كەتسىلا قۇتۇلدۇرۇش ئىمكانىيىتى بولمايدۇ.

ئەسلىدە جاھالەت، ياۋايىلىق، نادانلىق، قۇللۇق، غۇر-
بەتچىلىك، نامراتلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئەڭ مۇھىم
ئامىل دەل بىلىمسىزلىك ئىدى. ئىلىمگە دالالەت قىلماي
تۇرۇپ روھىي گادايلىق ۋە مەنىۋى قەلەندەرچىلىكتىن قۇتۇل-
غىلى، ئاڭنى سەرخىللاشتۇرغىلى، نەزەرنى ئۆتكۈرلەشتۈرگىلى،
ئىلغار ئىدىيەگە ئىگە بولغىلى، ئۆزىنى تونىغىلى، جاھالەتتىن
قۇتۇلغىلى بولمايتتى. ئىلىمنىڭ قىممىتىگە سەل قارىلىدىغان،
ئىلىم ئۆگىنىش كەيپىياتى شەكىللەنمىگەن جەمئىيەتنىڭ ئەقلىي-
لەشكەن جەمئىيەت بەرپا قىلالىشى زىنھار مۇمكىن ئەمەس
ئىدى. ئەپسۇس، نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان بىلىم ۋە بىلىم
ئەھلىلىرى كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە ياقمايلا قالماي، يەنە
ئۇلارنىڭ سوغۇق مۇئامىلىسى، ناچار كەيپىياتنىڭ سەلبىي تە-
سىرى ۋە ئاسارىتىگە ئۇچراپ كەلدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ
ئۆز زامانىسىدا بىلىمسىزلىكنىڭ قىسمىتىنى چوڭقۇر تونۇپ
يېتىپ نادان خەلقنى بىلىم ئۆگىنىشكە دالالەت قىلىپ، «بەخت-
سائادەتنىڭ ئىشىكى بىلىم بىلەن ئېچىلىدىغان»لىقىنى قەيت
قىلغانىدى. ئەدىب لۇشۈن نادان جەمئىيەتتىن ۋايساپ:
«تالانت ئىگىلىرىگە زىيانكەشلىك قىلىش كىشىلەرنىڭ كۆنۈپ
قالغان ئادىتى بولسا كېرەك... ئېغىز قىسمەتكە يېقىن قەلەم
كۆلپەتكە» دېگەن. بولۇپمۇ جاھالەت دەۋرىدە خۇراپاتلىق،
نادانلىق ئەۋج ئېلىپ ئىلىم- مەرىپەت چەتكە قېقىلغان، ئىلىم
ئاشىنالىرى خارلانغان، ئېغىر ئەھۋالدا قالغان، ھەتتا ھاياتى-
دىن ئايرىلغانىدى. دەرۋەقە ھاياتىي كۈچى خارابلاشقان، يا-
ۋايىلىق قۇترىغان قالاق ئىجتىمائىي جەمئىيەتتە ئاقىللارنىڭ
ياشىمىقى ھەقىقەتەن مۈشكۈل ئىدى. بۈگۈنكى كۈندە تەرەق-
قىي قىلغان ئەل خەلقلىرى مەرىپەتلىشىشنى ئىشقا ئاشۇرغان
بولسىمۇ، تەرەققىي قىلمىغان ئەللەردە ئىلغارلىق بىلەن پاس

سىپلىق، مەرىپەت بىلەن نادانلىق ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش
يەنىلا كەسكىن رەۋىشتە داۋام ئەتمەكتە.

بىز ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ پسىخىكىسىغا نەزەر ئاغدۇ-
رىدىغان بولساق، ئەدناسى ئۆگىنىشكە قىزىقمايدىغان ئوقۇغۇ-
چىلارنىڭ تىرىشچان ئوقۇغۇچىلارنى ياقتۇرۇپ كەتمەيدىغانلى-
قىنى، ئۇلارغا ئۆچمەنلىك نەزەرىدە قارايدىغانلىقىنى، ھەتتا
ئۇلار بىلەن ھېچ سەۋەبسىزلا ئۆچەكىشىدىغانلىقىنى، ئۆزىچە
ئۇلارنى مەنسىتمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىمىز. دوست-بۇرادەر-
لەر ئارىسىدا كوللېكتىپ بېجىرىشكە تېگىشلىك بىرەر زۆرۈر
ئىش بولمىسىمۇ، ئادەتتە ئۇلار بىكار بولسىلا بىر يەرگە توپ-
لىشىۋېلىپ ۋاقىت ئۆتكۈزۈشنى ئادەتكە ئايلاندۇرۇۋالغان.
ئۇلاردىن بىرەرى ئۆگىنىش قىلىشنى باھانە قىلىپ توپلاشقان
ئورۇنغا ۋاقتىدا كېلەلمىسە، «كىتاب خالتىسى»، «ماز» دې-
گەندەك مەسخىرە ۋە ئەيىبلەشلەرگە ئۇچرايدۇ، چەتكە قېقىلى-
دۇ. شۇڭا ئۆگىنىش قىلىدىغان ئادەم ئۆزىنىڭ ئوقۇۋاتقان،
ئۆگىنىۋاتقانلىقىنى ئىمكانقەدەر بۇرادەرلىرىگە بىلدۈرمەسلىككە
تىرىشىدۇ. مەكتەپ، ئىدارە ئورۇنلاردا قۇرۇق پاراڭ ساتقان-
لار ئانچە ئەيىبلەشكە ئۇچراپ كەتمەيدۇ. يۇ، لېكىن بىراۋ
خىزمىتىنى قىلىپ بولۇپ بوش ۋاقىتلاردا كىتاب-ژۇرنال
كۆرسە خىزمەت ۋاقتىدا مۇناسىۋەتسىز ماتېرىيال كۆرگەن ھې-
سابلىنىدۇ، ھەتتا تەنقىدلەشكە ئۇچرايدۇ. شۇڭا ئىشخانىدا ئۆ-
زىنى قويۇۋېتىپ بىر نەرسە ئوقۇغىلى بولمايدۇ، ئۆگىنىشنىمۇ
بەزىدە يوشۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. (ھازىر ئەھۋالدا ئۆزگىرىش
بولماقتا) مۇۋەپپەقىيەت قازانماستا ئەھۋال شۇنداق بولغىنى
بىلەن مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ بولغاندىن كېيىن سىزنى ماختاي-
دىغان، پۈۋلەيدىغانلار بىردىنلا ئاۋۇپ كېتىدۇ. گەرچە ئاتا-
ئانا، مەكتەپ، ئىدارە ئورۇن، جەمئىيەتتىن تارتىپ دۆلەتكىچە
ئىلىم ئۆگىنىشنى، ئۆگىنىشچان جەمئىيەت قۇرۇشنى تەشەببۇس
قىلسىمۇ، بىلىم ئېلىشنىڭ زۆرۈرىيىتىنى ھەممە دېگۈدەك ئېغى-
زىدا ئېتىراپ قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئىدىيەسى پاسسىپ ئادەتتى-
كى ئادەملەر ئۆگىنىشكە قىزىقمايلا قالماي، ئۆگەنگۈچىلەرنى
مەسخىرە قىلىش، چەتكە قېقىش خاھىشىدا بولىدۇ. بۇنداق
روھىي زەئىپلىك ۋە مەنىۋىيەتتىكى پېچەكلىكنى يەنىلا بىلىم-
سىزلىك، ساپاسىزلىق كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

جىسمانىي كۈچ بەلگە قىلىنغان دەۋرلەردە مۇشتۇمزور-
لارنىڭ گېپى گەپ ئىدى. بىلىمنىڭ رولى گەۋدىلىك ئورۇنغا
ئۆتكەنسېرى كىشىلەر «بىلىكى كۈچلۈكنىڭ بىرنى، بىلىمى
كۈچلۈكنىڭ مىڭنى يېڭىدىغان»لىقىنى تونۇپ يەتتى. بۈگۈنكى
بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىدە بىلىم ئىشلەپچىقىرىشنى بىلىدىغانلار
ئەڭ قۇدرەتلىك كۈچكە ئىگە بولغۇچىلاردىن بولۇپ قالدى.
«بىلىم — كۈچ» ئىكەن ئۇنداقتا بىلىمسىزلەر ئەڭ ئاجىز بى-
چارىلەر ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار كۆپ ھاللاردا ئاجىزلىقىغا تەن
بەرمەي قارا كۈچىگە ئىشىنىپ قالىدۇ، بىر ئىشلارنىڭ ئاقىۋى-
تىنى ئويلاشماي قىلىپ قويۇپ پۇشايمان قىلىشنىلا بىلىدۇ، ئې-
غىزىدا شەھەر ئالغىنى بىلەن قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ. ئا-
جىزلار ئارزۇ-ئىستەكلىرىنى رېئاللاشتۇرۇشقا قۇربى يەتمىگەن-
دە ئۆزىنى تاشلىۋېتىپ خىيالپەرەسلەردىن بولۇپ قالىدۇ، تەق-
دىرگە تەن بېرىپ ئۆزلىرىنى تۈرلۈك ئۇسۇللار بىلەن بەزلەپ
ياشايدىغان پسىخىكىنى شەكىللەندۈرۈۋالىدۇ. ئادەم نادانلاشقاندا
جاھاننىڭ ۋاڭ-چۇڭ ۋە ماھىيەتلىك تېۋىشلىرىغا قۇلاق سالماي-
دىغان بىغەم ۋە بىپەرۋالارچە ياشاشقا كۆنۈكۈپ قالىدۇ.

ئىلمىي ئىجتىمائىي كەيپىيات شەكىللەنمىگەن جەمئىيەتتە
ئىلىم ئەھلىلىرى ئانچە ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. كەسپتە ئۇتۇق
قازانغان ئىختىساس ئىگىسى، پېشقان زىيالىيلارمۇ ئادەتتىكى
بىر ناخشىچى ياكى ئىككى تۆت تەڭگە پۇلى ياكى ھوقۇقى بار
ئادەمچىلىك نوپۇز ۋە تەسىرگە ئىگە بولالمايدۇ. ئىلىم روھى
ئېتىبارسىز قارىلىدىغان جەمئىيەت پىتنە-پاسات، غەيۋەت-شى-
كايەت، ئەخمىقانە ھەرىكەتلەرنىڭ بازار تاپىدىغان ئۇۋىسىغا
ئايلىنىپ قالىدۇ. ئەنگلىيە ئالىمى ھويلې: «بۈگۈن ئىجادىي
تەپەككۇرغا ئەھمىيەت بەرمىگەن دۆلەت، ئەتىسى زاۋاللىققا
يۈزلىنىپ، نومۇسقا قالىدۇ» دېگەنىكەن. ئىلىم ۋە ئىلىم ئەھلى-
لىرىنى تونۇماسلىق، ئۇلۇغلارنى مەنسىتمەسلىك، ئاقىللارنىڭ
قەدرىنى قىلماسلىق ۋە ئۇلارنى كۆرەلمەسلىك، ئىجات-مېھ-
نەتكە ئەھمىيەت بەرمەسلىك ئاخىرقى ھېسابتا ئادەتتىكى ئا-
دەملەرنى تىراگېدىيە پاتقىقىغا پاتۇرۇپ قويىدۇ.

قىزىقىش ۋە ھەۋەسنىڭ ساغلام بولماسلىقى: قىزىقىش
ھەۋەس دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەندە، ئادەم ئۆزىنى ئۇنتۇغان
ھالدا ئۆزى قىزىققان ئىشقا بېشچىلاپ كىرىشىپ كېتىدۇ،
ھەتتا ئۆزىنىڭ ھېرىپ-چارچىغىنىنىمۇ ئېسىدىن چىقىرىپ قويى-
دۇ. ھەۋەس قەلبنىڭ ئاكتىپ ھەرىكىتىنى پەيدا قىلىدىغان بىر
خىل روھىي كۈچ. يېزىقچىلىققا نىسبەتەن ھەۋەسى كۈچلۈك
ئادەم مەسىلە بايقاش يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ تۇرمۇشنى، كى-
شىلەرنىڭ روھىي دۇنياسىنى ئادەتتىكى ئادەملەرگە قارىغاندا
ئىنچىكە كۆزىتىدۇ، كۈنلەپ-تۈنلەپ ئۈستەل ئالدىدا مۈكچى-

يىپ ئۇلتۇرسىمۇ ۋايسىمايدۇ. بىر پارچە ئەسەر يازغۇچىنىڭ پىكىر ۋە تەپەككۇرىنىڭ مەھسۇلى ھېسابلىنىدۇ. يېزىقچىلىق ھەۋىسى كۈچلۈك ئادەم بىر تەرەپتىن ئوقۇش، ئۆگىنىش، ئىزدىنىش، خاتىرە قالدۇرۇش، بىلىم ئالماشتۇرۇش ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى كۆزىتىش، نېمىنى يېزىش ۋە قانداق يېزىش مەسىلىسى ئۈستىدە باش قاتۇرىدۇ، مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە مۇلاھىزە قىلىدۇ، يېڭىلىقلار ئۈستىدە ئىزدىنىدۇ، قىسقىسى ئۆزى جىم تۇرسىمۇ مېڭىسى جىم تۇرمايدۇ. شۇنداق قىلىپ ھەۋەستىن ئىبارەت روھىي كۈچ ئاتا قىلغان ئىزدىنىش روھىي ئادەتتىكى ئادەمنى بىر تەپەككۇرچىغا ئايلاندۇرىدۇ. نۆۋەتتە قىستۇرۇپ ئۆتۈش ھاجەتكى، يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئادەم ئالدى بىلەن ساغلام ئېتىقادقا ئىگە بولمىسا، بىلىم ۋە ماھارەت بولغان تەقدىردىمۇ ئەقلىنى دەل جايىدا ئىشلىتەلمەيدۇ-دە، زېھىن ئىسراپچىلىقى كېلىپ چىقىدۇ. مۇشۇ كۈنلەردە بىر قىسىم يازغۇچىلىرىمىزدا ئوخشاش بىر تېمىنى تەكرار يېزىش خاھىشى ئېغىر بولماقتا. ئەگەر سىز بىر رومان يازماقچى بولۇپ كونا تېمىدىن بىرنى تاللىۋالسىڭىز، تۈنجى قەدەمنى خاتا باسقىنىڭىز شۇ! نۇرغۇن ۋاقىت ۋە زېھنىي كۈچىڭىزنى ئاشۇ ھېچقانداق ئىجتىمائىي قىممەت يارىتالمايدىغان بىر ئەخلەت رومان ئۈچۈن بىھۇدە خوراتقان بولىسىز. پىكىر قاراشلىرى كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىكدىن كېيىن قالغان «يازغۇچى»غا نىسبەتەن يەنە ئەسەر يېزىشنىڭ زۆرۈرىيىتى قالمايدۇ. ئادەتتىكى يازغۇچى تەقلىد قىلىدۇ، ئىقتىدارلىق يازغۇچى يېڭىلىق يارىتىدۇ، ئۇلۇغ يازغۇچىلارلا كىشىلەرنىڭ روھىنى ئويغىتىدىغان ئەسەرلەرنى روياپقا چىقىرىدۇ.

تەربىيە كۆرگەن، ئىدىيەسى ئىلغار ئادەملەر پەس ئارزۇ ھەۋەسلەردىن خالىي بولۇپ، ئۆز قىممىتىنى ئاشۇرىدىغان پايدىلىق ئىشلارغا ئىشتىياق باغلىغان بولىدۇ. بۇنداق ھەۋەسكە ئىگە ئادەم پىكىر ۋە تەپەككۇر ئىچىدە ياشايدۇ. خۇددى چېۋىنلەر نىجاسەت ئەتراپىغا ئولاشقىنىدەك، ھەۋىسى چاكىنا ئادەملەرنىمۇ ناتوغرا قىلمىقلار ئاسانلا ئۆزىگە رام قىلىۋالىدۇ. ساغلام ھەۋەس ئادەمنى بۈيۈك مەنزىللەرگە باشلايدۇ. ئەپسۇس، ئادەتتىكى ئۆز قىممىتىنى ئاشۇرىدىغان ئىشلارغا ئانچە ھەۋەس قىلىپ كەتمەيدۇ.

ئىچىملىك، چېكىملىككە بېرىلىش: 1858-يىلى دىيارىمىزغا كېلىپ ئىجتىمائىي تەكشۈرۈشتە بولغان رۇسىيەلىك قازاق ئوفىتسېر چوقان ۋەلىخانوف ئەينى ۋاقىتتىكى ئالتە شەھەر خەلقىنىڭ مەنىۋى قىياپىتى ھەققىدە توختىلىپ: «بۇ يۇرتتىن ئىلىم-مەرىپەت ئالللىقاچان كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن. ئاسىيادا دىنىي مائارىپتىن باشقا مائارىپ يوق، مەدرىسەلەر ئامىغا ئېچىۋېتىلگەن بولسىمۇ، خەلق يەنىلا ساۋاتسىز ياشىماقتا، ھەتتا بەگلەرمۇ خەت تونۇمايدۇ... ئالتە شەھەردە ئاياللار ئەرلىرى بىلەن بىللە مەشرەپ، بەزمىلەرگە بارىدۇ... مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ھازىر ھاراقنىڭ ئورنىنى نەشە ئىگىلىدى، نامرات بەڭگىلەر ئاشىق قەلەندەر بولۇۋېلىپ، تىلەمچىلىك قىلىپ جان باقىدۇ. قەشقەردە بەڭگى، جاھانكەزدى، دەرۋىش، قىمارۋاز دېگەنلەر ناھايىتى كۆپ. ئاددىي پۇقرالاردىمۇ نەشە چەكمەيدىغانلار ئازراق... كىچىك بۇخارادا قىمار بۇ يۇرتنىڭ ھەممە يېرىگە يامراپ كەتكەن بولۇپ بۇ كېسەلدىن ھەتتا ئاياللارمۇ خالىي ئەمەس.» [3] دەپ خاتىرە قالدۇرغان. شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتتا خەلقىمىز ئۆزىنى قايسى دەرىجىدە ئىسلاھ قىلالىدى؟ ئىچىملىك، چېكىملىكتىن ئۆزىنى تارتىپ ئومۇميۈزلۈك مەرىپەتلىشىش يولىغا قاراپ ئاتلىنالىدىمۇ؟ بۇ سوئال ئالدىدا يەنىلا ئاچچىق يۇتۇشقا مەجبۇرمىز، خۇددى بەدەنگە مەھكەم ئورۇنلىشىۋالغان جاھىل كېسەللىك ۋىرۇسىنى يوقىتىش تەس بولغىنىدەك، ئادەتكە ئايلانغان ناچار ئىللەتلەرنىڭ زەھرىنى تازىلاش ئۈچۈن نەچچە ئون يىل، ھەتتا نەچچە يۈز يىل ۋاقىت كېتىدىكەن. مانا بىز ھازىر تېز يېڭىلىنىپ تۇرۇۋاتقان زامانىۋى بىر دەۋردە ياشاۋاتقان بولساقمۇ، بىر قىسىم ئىللەتلەر تۈزەلمەكتە يوق، ئەكسىچە دەۋرنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ماس قەدەمدە تەرەققىي قىلىپ بارماقتا.

قارايدىغان بولساق، ئادەتتىكى ئادەملەر توي ئىچىدە سورۇندارچىلىق جەمئىيەتلەشكەن، يەنە كېلىپ چاكىنا تۈس ئالغان بولۇپ، ھېلىمۇ كۆپ ساندىكى ئادەتتىكى ئادەملەر ھاراق ئىچىش، تاماكا ۋە نەشە چېكىشنى ئەركەكلىكنىڭ بەلگىسى دەپ قاراشماقتا. ھاراق كۆتۈرەلىگەنلىكىدىن، قاتنىشىۋاتقان سورۇنلىرىنىڭ كۆپلۈكىدىن ئابرۇي ھېس قىلىشماقتا. سەۋەب كۆرسىتىپ ئىچىش ۋە چېكىشنى رەت قىلغۇچىلار «ئەركەك تۈكى» يوقلار ھېسابلانماقتا. شۇ ۋەجىدىن بەزىلەر سالامەتلىكى ناچار، تېخى ئىلگىرىكى كەيپچىلىكتىن تولۇق يېشىلىپ بولالماي، ھاراق ھىددىدىن كۆڭلى ئاينىپ شۇ قەدەر قىينىلىپ تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، سالا-سۇلاغا ئارا تۇرالماي

يەنە ئىچىشنى داۋاملاشتۇرماقتا. ئارىمىزدا ھاراق تۇپەيلى بې-
ۋاستە ۋە ۋاستىلىك ھالدا ھاياتىدىن ئايرىلىۋاتقانلار ئاز
ئەمەس. يېيىش، ئىچىش، كۆڭۈل خۇشى قىلىشنى مەقسەت
قىلغان بۇنداق سورۇنلاردا خىزمەت، كەسىپ، يېڭىلىقلار ھەق-
قىدىكى ئىلمىي پاراڭ ۋە مۇلاھىزىلەرنى قىلىش خۇددى ئې-
شەكنىڭ قۇلىقىغا داپ چالغاندەك بىر ئىش ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار
ئىلمىي پاراڭ قىلىپ ئولتۇرۇشنى مەزلۇم مىجەزلىك دەپ قارى-
غاچقا، ئەپسانە پاراڭلار، سېرىق يۇمۇر ۋە لەتىپە، قىلىقسىز
چاقچاقلار ئارقىلىق كۆڭۈل ئاچىدۇ، شۇ ئارقىلىق «ئەر-
كەك»لىكنى نامايان قىلىشقا تىرىشىدۇ. شۇنداق پاراڭ قىلىش
ماھارىتى بارلار، دۇتار-تەمبۇرنى ئىككى-ئۈچ پەدىگە تىرىڭ-
شىتالايدىغانلار، ئېغىزىدا گېپى، قولىدا كالتە قوشۇقنىڭ سېپى،
بېلىكىدە كۈچى، يانچۇقىدا ئىككى-ئۈچ تەڭگە پۇلى بارلار
تۆردىن ئورۇن ئېلىپ سورۇننى مونوپول قىلىۋالىدۇ، قالغانلار
راست ياكى ساختا كۈلكىلىرى بىلەن گۈيپاڭچىلىق قىلىشىپ بېرى-
دۇ. ئىلمىي ئادەملەر بۇنداق سورۇنلاردا خورلۇق ھېس قىلىسە-
مۇ، ئەمما ئالدىراپ ئۇنداقلارغا رەددىيە بېرىشكە پېتىنالمايدۇ.

باشقىلارنىڭ نەزەرىدە «زىيالىي» ھېسابلىنىدىغان،
خېلى مۇھىم ئورۇنلاردا خىزمەت قىلىۋاتقان بىر قىسىم كىشى-
لەرمۇ باركى، گەرچە ئۇلار ئاز-تولا بىر نەرسە بىلسىمۇ،
بىراق، پەزىلەتسىز بولۇپ ھۆرمەتنى ساقلاشنى بىلمەيدۇ. سا-
قىلغا ئاق كىرگەنلىكى، سورۇندا بالىسى، ئىنىسى دېمەتلىك-
لەرنىڭ بارلىقى بىلەن ھېسابلاشماي، ھاياتى بىر چەتكە
قايرىپ قويۇپ چېكىدىن ئاشقان بولمىغۇر چاقچاق ۋە پاراڭ-
لارنى قىلىشىپ شۇ قەدەر سۆيۈنۈشۈپ كېتىشىدۇ. ئۇلارنىڭ
ھايۋانلارچە خاراكتېرى، نادانلاشقان ھالىتى ئادەمنى ھەقىقە-
تەن ئۈمىدسىزلەندۈرىدۇ. ساۋاقداشلار يىغىلىشى دېگەندەك
بەزى ئەھمىيەتلىك سورۇنلارمۇ كۆپ ھاللاردا ئىچىملىك، چې-
كىملىك سەۋەبىدىن، ۋۇجۇدقا قوۋۋەت بولغۇدەك بىر ئەھ-
مىيەتلىك پاراڭنىڭ تايىنى يوقلا مەنىسىز ئاخىرلىشىدۇ. ئۇلار
ھەش-پەش دېگۈچە شۇنچە يىللارنىڭ ئۆتۈپ كەتكەنلىكى،
قېرىپ كېتىۋاتقانلىقىدىن ۋايىسىشىدۇ-يۇ، ھاياتنىڭ قىممىتىنى
ئاشۇرىدىغان مەسىلىلەر ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزمەيدۇ. ئايال-
لارمۇ ئەرزىمەس ئىشلار ئۈچۈن شۇ قەدەر پاراكەندە بولۇ-
شۇپ يۈرىشىدۇ. ئايىغى چىقماس سورۇنلار ئۇلارنى ھالسىرى-
تىپ قويۇۋاتقان بولسىمۇ تەن بەرگۈسى كەلمەيدۇ. ئاز ساندى-
كى يولدىن چىققان قىز-چوكانلارنىڭ ئاياللىق ئىپپىتىنى ساقلى-
ماي «رەڭلىك سورۇن»لاردا ئەرلەر بىلەن تەڭ رومكا قېقىش-
تۇرۇپ، قىلىقسىز چاقچاقلارنى قىلىشىپ، شەھۋەت كۆزلىرىنى
ئويىنىتىشىپ ئولتۇرۇشلىرى ھەر قانداق ۋىجدان ئىگىسىنىڭ
ئىمانىنى قىرىق گەز ئۆرلىتىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ:

2097. ھاراق ئىچسە خەلق، يەرگە كەتكەي مېلى،
خان بولسا ھاراقكەش، تۇرامدۇ ئېلى؟
2102. مەي ئىچسە بولمىغۇر نە ئىشلار بولۇر،
مەست بولسا نەچچە ياخشى ئىشلار قالۇر؛ — دېسە،

ئەلىشىر نەۋايى: «كىمكى شارابقا بېرىلسە ئۇنىڭ ئەقلى چىرى-
غىغا قاراڭغۇلۇق يېتىدۇ. ئىچىملىككە ھەۋەس ئارتقانسېرى ئا-
دەمىيلىك سۈپەتلىرى كېمىيىدۇ. ھەتتا يوقىلىپ بارىدۇ»
دېگەن. مەرھۇم يازغۇچىمىز زوردۇن سابىر ناھايىتى ئوبراز-
لىق قىلىپ: «ھاراقكەش بەئەينى ھاراق بوتۇلكىسىغا ئوخشاي-
دۇ. ئۇنىڭ قورسىقى، بويىنى بار، بىراق كاللىسى يوق»
دەيدۇ. ئىچىملىك، چېكىملىككە بېرىلىش تەننى زەئىپلەشتۈ-
رۈپ كېرەكتىن چىقىرىپلا قالماي، تېخىمۇ يامىنى روھنى ئۆلۈ-
تۈرۈپ، ماددىي ۋە مەنىۋى نامراتلىقنىڭ پىلىكىگە ئوت ياقى-
دۇ. ئوتتا پۇچىلىنىپ ياشاشنىڭ ئازابىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا بو-
لىدۇ. ئۇ يەنە ئەقىلنى بىخۇدلاشتۇرىدۇ، ئادەمنى ئارزۇ-
ئىستەك، گۈزەل غايىلەردىن مەھرۇم قالدۇرىدۇ، بەخت-ئا-
مەتتىن يىراقلاشتۇرىدۇ. تۈرلۈك كۆڭۈلسىز ئاقىۋەتلەرنىڭ
كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بۇ
ھەقتە: «ھاراق پاراكەندىچىلىكنىڭ ئاچقۇچى، بالا قازانىنىڭ
سەۋەبچىسىدۇر. ھاراق ھەممە ئەسكىلىكلەرنىڭ ئانىسىدۇر،
ئۇنى ئىچكۈچىلەر باشتا ئاز ئىچىپ، كېيىندىن غەرق بولۇپ
كېتىدۇ، يامان ئىشنى كۆپ قىلىدۇ، ئۇنى تاشلاش كېرەك...»
دەيدۇ. (ئىمامى ئەھمەد ھەدىسلەر توپلىمى 3-جىلد، 361-
بەت).

كۆپ ساندىكى ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ تۈرلۈك پاجىئە-
لەرنىڭ ماھىيىتىنى بىلىشكە قۇربى يەتمەيدۇ. ھالاكەت گىردا-
بىغا بېرىپ قېلىۋاتقانلىقىنى سېزىشمەيدۇ. سورۇندارچىلىق كەل-
تۈرۈپ چىقىرىدىغان مەنىۋى غۇربەتچىلىك ئادەملەرنى ئالغا
ئىنتىلىش روھىدىن مەھرۇم قالدۇرىدۇ. بەزىلەر بۇ خىل مەھ-
رۇملۇقنى ھېس قىلىپ ئامالسىز ھالەتكە چۈشۈپ قالغاندا،
ئاجىز ئېتىبارسىز ھالەتتە ياشاۋاتقانلىقىنى تونۇغىنىدا، روھىي
سىقىلىشتىن بىئاراملىق، بۇرۇقتۇملۇق ھېس قىلغاندا، خاپىلىقتا
يۇلۇققىنىدا، بىكارچىلىقتىن زېرىكىش ھېس قىلغىنىدا ئىچ پۇ-

شۇقنى چېكمىلىك، ئىچىملىك ئارقىلىق باسماقچى بولۇشىدۇ.
هاراق ئارقىلىق ئۆزىنى بەزلەش ئەڭ ئاجىز پسىخىكا بولۇپ،
ئىچىملىك، چېكىملىكنى ئاساس قىلغان سوروۇندارچىلىقنىڭ
جەمئىيەتلىشىشىنى كوللېكتىپ چۈشكۈنلىشىش، زەئىپلىشىش
كېسىلى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئەنگلىيەلىك تارىخچى ئارنولد
توينبى: «زەئىپلىشىش ــ ئىجادىيەت كۈچىنىڭ يوقالغانلىقى-
دىن، بۆلۈنۈش جەريانىنىڭ باشلانغانلىقىدىن ۋە ئۆزىنى
ئۆزى بەلگىلەش ئىقتىدارىدىن مەھرۇم قالغانلىقىدىن دېرەك
بېرىدۇ. زەئىپلىشىشنىڭ سەۋەبى ماددىدا ئەمەس، بەلكى رو-
ھىيەتتە: سىرتقى ئامىللاردا ئەمەس، ئىچكى ئامىللاردا بولىدۇ.
زەئىپلىشىش ئىچكى كېسەللىكتىن كېلىپ چىقىدۇ. بەلكى مۇ-
قەررەر هالدا هادىسە سۈپىتىدىكى ماددىي سەۋەبلەردىن
ئاۋۋال يۈز بېرىدۇ» [4] دەپ قارىغان. ئاياللار ئارىسىدا
بولسا مودا قوغلىشىش ئېقىمغا ئايلانغان بولىدۇ. ئۇلار زىبۇ-
زىننەت، كىيىم-كېچەككە ئوخشاش ماددىي نەرسىلەر بىلەن
ئۆز قىممىتىنى ئۆلچىشىدۇ، شۇ ئارقىلىق ئۇستۇنلۇك تالىشى-
دۇ، پەرزەنتلەر بولسا تەربىيەسىز تاشلىنىپ قالىدۇ.

مېھماندارچىلىق: بىز تىپىك مېھماندوست مىللەت يەنە
كېلىپ مېھماندارچىلىققا زىيادە ئېتىبار بىلەن قارايدىغان
مىللەت. مېھمانغا بارنى ئايىماسلىق، مېھمان كۈتۈش ئۈچۈن
كۈنلەپ-كۈنلەپ ۋاقتىنى سەرىپ قىلىش، مېھماندارچىلىقتىن
ئېشىنىپ بولالماسلىق ئەجداتلاردىن بىزگە قالغان ئۇدۇم
بولسا كېرەك. تەرەققىي تاپقان ئەل خەلقلىرىنىڭ ۋاقت ئېڭى
كۈچلۈك بولغاچقا ھەر بىر ئىشتا ۋاقتنىڭ ھېساب كىتابى
بىلەن ئىنچىكە ھېسابلىشىدۇ. باشقىلارنىڭ ۋاقتىنى بىھۇدە
ئىسراپ قىلىش ئېغىر ئەخلاقسىزلىق دەپ قارىلىدۇ. مېھمانغا
بارىسمۇ ئاۋۋال ۋاقت جەھەتتە قارشى تەرەپ بىلەن ئالدىن
كېلىشىپ، دەل ۋاقتىدا بارىدۇ. پۈتۈشكەن ۋاقت بويىچە دەل
ۋاقتىدا قايتىدۇ. ئۇلاردا مېھمانغا بارسا قۇرۇق پاراڭ سېلى-
شىپ سائەتلەپ، كۈنلەپ ئولتۇرىدىغان ئەھۋال بولمايدۇ.
مېھماندارچىلىقمۇ شۇنداق بىر زۆرۈرىيەت سەۋەبىدىن بولۇپ
قالىدۇ. ئۇنىڭغا مەلۇم مەنىلەر يۈكلەنگەن بولىدۇ. ئىلمىيلىك
ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ.

گېرمانىيەلىك تۈرك تەتقىقاتچى ئىلدىكو بەللەر هانن
ئۇيغۇرلارنىڭ مېھماندارچىلىقى ھەققىدىكى تەتقىقات ماقالىسى-
دە: «ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنى ئىپادىلەشتە مېھماندوستلۇقنى بې-
رىنچىلەپ تىلغا ئالىدۇ. مېھماندارچىلىق هازىرقى زامان ئۇيى-
غۇرلىرىنىڭ مىللىي كىملىكىنىڭ ماھىيەتلىك قىسمىغا ۋەكىللىك
قىلىدۇ... جامائەتچىلىكنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ۋە كۈچەيتى-
دىغان دائىمىي مېھماندارچىلىق بىلەن پەقەت مۇھىم مۇراسىم-
لاردىلا بولىدىغان كەڭ دائىرىدىكى ۋاقىتلىق، ئاممۋى مېھ-
ماندارچىلىق ئارىسىدا پەرقلەر بار. ئازادلىقتىن ئىلگىرى
بايلىق ئاز بىر قىسىم كىشىلەرگىلا مەركەزلەشكەچكە، تاماق
ھەممە كىشىلەرنىڭ ئويلايدىغان مەسىلىسى ئىدى. كەمبەغەل-
لەرنىڭ مەقسىتى هايات قېلىش ئىدى... يەرلىكتىكى مېھماندار-
چىلىقنىڭ بىرى بۇرۇندىن بار بولغان جامائەتچىلىكنى مۇستەھ-
كەملەش، يەنە بىرى ئىجتىمائىي ئورنى تۆۋەن بولغان كىشىلەر-
نى ۋاقىتلىق ئۆز توپىغا قوبۇل قىلىشتىن ئىبارەت پەرقنى ئېچىپ
بەردى» [5] دەپ يازغان. ئەمما هازىرقى مېھماندارچىلىقنىڭ
مەزمۇن، شەكلىدە زور ئۆزگىرىش ۋە يېڭىلىنىشلار مەۋجۇت.

ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ مېھماندارچىلىقى ئادەمگەرچى-
لىكنى ئىپادە قىلىش. (مېھمان بولغۇچى پۇل ياكى ماددىي نەر-
سىلەرنى ئېلىپ كېلىپ سىزنى ئادەمگەرچىلىككە قەرزدار قىلىپ
قويىدۇ. ۋاقتى سائىتى كەلگەندە سىزمۇ بۇ قەرزنى قايتۇرى-
سىز) يەپ-ئىچىش، گەپ سېتىش، مۇڭدىشىش ئارقىلىق ئىچ
پۇشقىنى چىقىرىش ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ، يەنە كېلىپ بۇنداق
مېھماندارچىلىق زەنجىرسىمان هالەتتە تەرەققىي قىلىپ بارغاچ-
قا ئايىغىغا چىقىپ بولغىلى بولمايدۇ. يەنى سىز قانچە كۆپ
مېھمانغا بارسىڭىز، ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ مېھمان ئۇزىتىشقا
مەجبۇر بولىسىز. ئاق يەرلەردىن مېھماندارچىلىق ئىشلىرى
چىقىپ تۇرىدۇ. تۈرى ۋە مەزمۇنى ئۆزلۈكىدىن ئاۋۇپ بارى-
دۇ. بەزى مېھماندارچىلىق تولىمۇ چاكىنا تۈس ئالغان بولۇپ،
مەززىسىز مەنىسىزلىكتە چېكىگە يەتكەن بولىدۇ. مېھماندار-
چىلىقنىڭ زىيادە كۆپ بولۇشى «ھەر بىر كۈننى مۇراسىم كۈنى-
لىرىگە ئايلاندۇرۇپ» قويغاچقا، سىز بىلىپ-بىلمەي ئاستا-
ئاستا بۇ قايىنامنىڭ ئىچىگە چۆكۈپ كېتىپ ئادەتتىكى تۇرمۇشى-
نىڭ ۋاڭ-چۇڭلىرى ئىچىدە ئۆزلۈكىڭىزنى يوقىتىپ قويىسىز.
نەتىجىدە، يىراقتىكى سادالارغا قۇلاق سېلىشنى بىلمەيدىغان
پاڭقايغا، كۆندىلىك هادىسىلەردىن باشقا نەرسىلەرنى كۆرەل-
مەيدىغان ئەماغا، ماھىيەتلىك تۈۋشلارنى ئاڭلىيالمايدىغان
گاسقا، پىكىر ۋە تەپەككۇر قىلالمايدىغان كېكەشكە ئايلىنىپ
قالىسىز. بۇ خىل جامائەت ئېقىمىنىڭ ئەللەيلىشىدە ئەقىل نىر-
ۋىلىرىڭىزنى مۇگدەك باسىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن زور دەرى-
جىدە ۋاقت ئىسراپچىلىقى ۋە ئىقتىسادىي زىيان كېلىپ چىقى-

دۇ. جاھاندا بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق ئەخمەقلىق ۋە نادانلىق، تۇترۇقسىزلىق ۋە ئۆزىنى سورىماسلىق بولمىسا كېرەك. قەدىمكى رىملىق سېنېكا: «ھاياتنى تۇترۇقسىزلىقتا ئۆتكۈزگەن ئادەمنىڭ مېھمىنى كۆپ بولىدۇ، ئەمما ھەقىقىي دوستى بولمايدۇ» دېگەن.

ھايات ئىسراپچىلىقى: شۇ كۈنلەردە مەرىكە تۈرلىرىنىڭ ئاۋۇپ، ھەشەمەتچىلىكنىڭ ئەدەپ كېتىۋاتقانلىقى، نەزىر-چىراغلارنىڭ باشقىچە تۈس ئېلىۋاتقانلىقى، تۈرلۈك مەزمۇندىكى چاي، يىغىلىش، مۇراسىم ۋە يوقلاشلارنىڭ تۈرلىرىنىڭ زىيادە كۆپىيىپ كېتىۋاتقانلىقى ھەققىدىكى قاقشاشلار كۆپ بولسىمۇ، ئالدىنى ئېلىش قىيىن بىر مەسىلىگە ئايلاندى. بۇنداق رەسمىيەتلەر پاتقىقىغا پېتىپ قالغان تۇرمۇش روھىيىتى ئاجىز ئادەتتىكى ئادەملەرنى غايىسىز، ئېتىقادسىز بىكار تەلەپلەرگە ئايلاندۇرۇپ، ئۇششاق-چۈششەك مەنپەئەت توقۇنۇشلىرى ئىچىگە سۆرەپ كىرمەكتە. ئىدىيەسى خېلى ئىلغار كىشىلەرمۇ چاكىنا ئادەملەرنىڭ كاشىلىسىغا يولۇقماقتا. بۇ ھەقتە ئىنكاس ماقالىلىرى كۆپ يېزىلدى. پېقىرمۇ «سورۇندارچىلىقنىڭ جەمئىيەتلىشىشى ۋە مەنىۋى غۇربەتچىلىك » («مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 2009-يىل 5-سانىغا قاراڭ) دېگەن تېمىدا مەخسۇس قەلەم تەۋرەتكەنلىكىم ئۈچۈن بۇ نۇقتىدا ئارتۇق توختالمايمەن.

مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ تۇرمۇشىنىڭ جاپالىق ئۆتۈشى ۋاقىت ئېڭىنىڭ ئويغانمىغانلىقى، زادى نېمە ئۈچۈن ياشاۋاتقانلىقى، قانداق ياشاشنىڭ لازىملىقى، نېمە ئىش قىلماقچى ۋە نېمىگە ئېرىشمەكچى بولغانلىقىنى بىلمىگەنلىكىدە، ئۇلار پەقەت جان بېقىش ئېھتىياجى ۋە زۆرۈرىيەت تۈپەيلى ئىش-ئەمگەك بىلەن شۇغۇللانغاچقا، ئەپلەپ-سەپلەپ كۈن ئۆتكۈزۈشنىڭ كويىدا يۈرىشىدۇ. شۇڭا ئىشنى تېز ھەم ئۈنۈملۈك قىلىپ ئۆزىگە تەۋە ۋاقىتنى كۆپەيتىشنىڭ پېيىدا بولمايدۇ. بۇنىڭ ئىپادىلىرى تۆۋەندىكىچە: قۇرۇق پاراڭ ۋە غەيۋەت-شىكايەت بىلەن ۋاقىت ئۆتكۈزۈش ياكى شۇنداق پاراڭلارغا شېرىك بولۇش؛ ئەتىگەندە ۋاقچى ئورنىدىن تۇرۇش، ئۆزىنى تۈزەشتۈرۈش ئۈچۈن ئەينەك ئالدىدا ئۇزاقتىن-ئۇزاق مەشغۇلات قىلىش؛ نەچچە مو پۇلنىڭ كۆزدىگە قاراپ ئىشىك ئالدىغا كەلگەن تەييار كۆكتاتنى ئالماي ئالاھىتەن كۆكتات بازىرىغا چىقىش؛ قورساققا ئىشلەشكە، تاماق يېيىشكە زىيادە كۆپ ۋاقىت سەرپ قىلىش؛ سۆرەلمىلىك قىلىپ بىر سائەتتە پۈتتۈرىدىغان ئىشنى نەچچە سائەتكە سوزۇۋېتىش؛ قارتا، ماجاڭ، بورت دېگەندەك قىمار تۈسىنى ئالغان ئويۇنلارغا مەپتۇن بولۇپ كېتىپ كېچە-كېچىلەرنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزۈش، سائەت-سائەتلەپ كومپيۇتېر ئالدىدا ئولتۇرۇپ توردا فىلىم كۆرۈش، ئويۇن ئويناش، QQدا پاراڭلىشىش ۋە باشقا ۋاقىت ئىسراپچىلىقى پەيدا قىلىدىغان مەشغۇلاتلار بىلەن شۇغۇللىنىش؛ قىسىملىق تىياتىرلارنىڭ ئاخىرىنى چىقىرىش ئۈچۈن تېلېۋىزورغا كاندەك يېپىشىۋېلىش؛ لاتارىيە ئويۇنلىرىغا كىرىشىپ كېتىش ۋە مۇكاپات ۋەسۋەسىسى ئارامىنى قويماسلىق؛ قۇرۇقتىن قۇرۇق كوچا رەستىلەرنى ئايلىنىش، ئەرزىمەس ئىشلار ئۈچۈن پالاقشىپ يۈرۈش؛ بىكارچىلىقتىن كۈننى كەچ قىلالماسلىق؛ ئەھمىيىتى يوق سورۇن، يىغىلىش، چاكىنا مۇراسىملار ئۈچۈن نەچچە سائەت ھەتتا كۈنلەپ، تۈنلەپ ۋاقىتنى سەرپ قىلىش؛ ئەمەل ۋە نەپ تاماسىدا كىملەرنىڭدۇر كەينىدە سوكۇلداپ يۈرۈش؛ بىرەر نەرسىنى كۆز-كۆز قىلىش ئۈچۈن قاتراش؛ باشقىلارنىڭ ۋاقتىنى بىھۇدە ئېلىش (لۇشۇن: «باشقىلارنىڭ ۋاقتىغا دەخلى يەتكۈزۈش ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلغان بىلەن باراۋەر» دېگەن). ھېچقانچە قىممىتى يوق ئىشلار ئۈچۈن شۇنچە كۆپ ۋاقىتنىڭ زايە بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىغا ئۆكۈنمەسلىك؛ ياسالمىلىق، شەكىلۋازلىق قىلمىشلىرىغا قارىتا ئىچى سىقىلىش ھېس قىلماسلىق؛ مۇستەقىل قارىشى بولماسلىق ۋە باشقىلارنى دوراش؛ بىر ئىشلارغا ئالدىرىماسلىق، ئۆگەنمەسلىك، قەدەم ھەرىكىتى ئاستا بولۇش... مانا بۇ خىل قىلمىشلار ھايات ئىسراپچىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپلا قالماي يەنە ھاياتنى مەنىسىزلەشتۈرىدۇ؛ ئېغىر دەرىجىدىكى چۈشكۈنلىشىش كېسىلىنى پەيدا قىلىدۇ.

جۇ خېجۇن ئەپەندى مەنىسىزلىك ۋە زېرىكىشنىڭ نېمە ئىكەنلىكى ھەققىدە توختىلىپ: «ئادەم قورسىقىنى تويغۇزۇۋېلىپ لاغايلاپ يۈرگىنىدە ئۆزىدىكى پېچەكلىكنى ھېس قىلىدۇ. روھىيىتىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا سىقىلىش، ئازاب، قايغۇ، ئۈمىدسىزلىك كەيپىياتى كۆرۈلىدۇ. ئادەم ھەقىقىي تۇرمۇش نىشانىنى، ئۆزىنىڭ ئورنىنى تاپالمىغاندا، نېمە ئىش قىلىشنى بىلەلمىگەن ئەھۋالدا دوزاخقا كىرىپ قالغان بولىدۇ، مەنىسىزلىك ھېس قىلىدۇ. كىشىلەر ئويناپ كۆڭۈل ئېچىش ئارقىلىق ئۆزىدىكى مەنىسىزلىكنى تۈگىتىشكە، كۈلكە-تاماشا ئارقىلىق ئىچ پۇشقى ۋە زېرىكىشنى بېسىشقا ئۇرۇنىدۇ. بىراق ئىچ پۇشقىنى چىقىرىش بىزدىكى ئەڭ زور بىچارىلىك. چۈنكى، ئىچ پۇشقىنى چىقىرىش ئۆزىمىزنى ئويلىشىمىزغا زور دەرىجىدە

www.uyghurkitap.com

توسقۇنلۇق قىلىدۇ. شۇنداقلا ئۆزىمىزنى تۇيمىغان ئاساستا نابۇت قىلىدۇ. ھەقىقىي زېرىكىش دېگىنىمىز — ئەڭ چىدىغۇسىز ئىشلاردىمۇ پۈتۈنلەي بىخۇد ھالەتتە تۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ. زېرىكىشنى ھېس قىلىش ئۆيلىنىشنىڭ باشلىنىشى ھېسابلىنىدۇ» دەپ قارىغان. دېمەك، مەنىسىزلىك ۋە چۈشكۈنلىشىشنى كېسەل جەمئىيەت پەيدا قىلغان پاسسىپ ئىجتىمائىي مۇھىت، مەنىۋىيەتتىكى غۇربەتچىلىك، ئىدىيە ۋە ئاڭدىكى قاشاڭلىق ۋە بۇرۇقتۇملۇق كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئامېرىكىلىق جونسۇن بىراند: «دۇنيادىكى ئەڭ قورقۇنچلۇق تۈرمە ئۆزىمىزنىڭ قەلبىدە» دېگەنىكەن. بىرەر مەنىۋى مەنزىلى بولمىغان ئادەمنىڭ روھىي ئاشۇ «تۈرمە»دە سىقىلىشقا باشلىغاندا، تىت-تىتلىق ۋە ئىچ پۇشقىنى ئەنە شۇنداق ئەخمىقانە ئۇسۇللاردا ئىپادە قىلىدۇ. بالتاسار گىراسىيان «پاراسەتنامە» ناملىق كىتابىدا: «ئانچە مۇھىم بولمىغان بەزى پائالىيەتلەر قىممەتلىك ۋاقىتنى بىھۇدە زايە قىلىدۇ. ئۇنىڭدىنمۇ يامان ئىش — ئەرزىمەس ئىشلار بىلەن ھەپىلىشىش، بۇ ھېچقانداق بىر ئىش قىلمىغاندىنمۇ بەكرەك ئۇسال ئىش» دېگەن.

ئوبزورچى يالقۇن روزىمۇ بۇ خۇسۇستا توختىلىپ: «ۋاقىتنى زايە قىلىش ھاياتنى زايە قىلىش ھېسابلىنىدۇ. چاكىنا مۇراسىملارغا تولغان ھايات بىغەم، بىپەرۋا ھاياتتۇر. ھاياتنى سۆيمىگەن ئادەم ۋاقىتنى قەدىرلىمەيدۇ. بىكار ئۆتكەن ھاياتقا، زايە كېتىۋاتقان ۋاقىتقا ئېچىنىشنى بىلمەيدۇ. گېرمانىيەنىڭ داڭلىق پەيلاسوپى شوپىنخاۋېر: قارتا ئويناش ئەقلىدىكى ئاجىزلىقنىڭ روشەن ئالامىتى، ئادەملەر پىكىر ئالماشتۇرۇشقا قۇربى يەتمىسە قارتا ئوينىشىدۇ دېگەن. بوتۇلكىنى تىكلىۋېلىپ كېچە-كېچىلەپ رومكا قېقىشىدىغان، كاركىراپ كۈلۈشۈپ تايىنى يوق لەتىپە يۇمۇرلارنى ئېيتىشىدىغان، كونا دۇتارنى جالدىرلىتىپ ئالىتاغىل توۋلاپ، ھېلى باغدا، ھېلى تاغدا، ھېلى قاۋاقتا، ھېلى ياتاقتا تەكرار-تەكرار سورۇن تۈزۈپ ھاياتنىڭ پەيزىنى سۈرۈۋاتىمىز، دەپ ئەخمەقلەرچە خۇش بولۇپ، ئۆزىنى گوللاپ ياشايدىغان بۇنداق تۇرمۇش شەكلى تىپىك چۈشكۈن تۇرمۇش شەكلىدۇر. روھىي چۈشكۈنلۈككە بېرىلىش — ھەقىقىي بەختسىزلىكتۇر. رېستوران-رېستورانلاردا خۇدىنى يوقاتقان ھالەتتە ئويناپ، سەكرەپ، قايناپ قىزىپ ياشاۋاتقان بۇ بايقۇشلارنىڭ قارىماققا روھىي ھالىتى جۇشقۇندەك كۆرۈنگەن بىلەن، ئەمەلىيەتتە ئۇلار تۇرمۇشىدىكى مەنىسىزلىكنى سەزگۈلىرىنى غىدىقلاش ئۇسۇلى ئارقىلىق يېڭىش-

كە ئۇرۇنۇۋاتقان بىچارە ئىنسانلاردۇر... بۇنداق بىنورمالسىزلىقتىن كېسەل جەمئىيەت شەكىللىنىدۇ. مەشھۇر پەيلاسوپ كانت: «ئىدراكتىن، ئەخلاقتىن چەتنىگەن ھالدا، تامامەن ھۇزۇر-ھالاۋەتكە دۇم چۈشكەنلەرنىڭ ھاياتى بىر تىيىنگىمۇ ئەرزىمەيدۇ» دەپ كۆرسەتكەن» دەيدۇ. [6]

قىستۇرما:

▲ روزى ھېيتنىڭ 2-كۈنى چۈشتىن كېيىن مەقسەتلىك ھالدا ناھىيەمىزدىكى رېستوران، ئاشخانا، ئائىلە ئارامگاھلىرىنى ئارىلاپ كۆردۈم. (بۇ يۇرتتا خۇيزۇلاردىن بۇ خىل تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدۇ) كوچا رەستىلەرمۇ توپ-توپ بولۇشۇپ ھېيت ئۆتكۈزۈۋاتقان ئادەملەر بىلەن قايناپ، بولۇپمۇ ئىچىملىك ئىچىشكە رۇخسەت قىلىنىدىغان رېستوران، ئاشخانا، ئائىلە ئارامگاھلىرىنىڭ سودىسى بۆلەكچىلا جانلىنىپ كەتكەنىدى. ئاشخانا غوجايىنلىرى ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىۋاتقان خېرىدارلارغا ئورۇن يېتىشتۈرۈپ بولالماي ئاۋارە ئىدى. ئىچ پۇشۇقىنى ئىچىملىك، چېكىملىك سورۇنلىرى ئارقىلىق چىقىرىشقا ئادەتلەنگەن؛ مېھمان كەلسە ئاشخانىغا باشلاپ سورۇن تۈزمىسە كۆڭلى ئۇنىمايدىغان، ھاراق قويمىسا مېھمان قىلغاندەك بولمايدىغان ئادەملىرىمىز ئاشخانا، رېستوران قىستاڭچىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقارغانىدى. قاڭسىق ھاراق ھىدى پۇراپ تۇرغان ئايرىمخانىلاردىن كۈلكە-چاقچاق، ناخشا-ساز، قى-چۇ سادالىرى، يۇقىرى ئاۋازدا قىلىشىۋاتقان پاراڭ، غوۋغا، دەتالاشلار ئاڭلىنىپ تۇراتتى. قاش قارايمايلا كوچىلاردا دەلدەڭشىپ ماڭىدىغانلار ئاۋۇشقا باشلىدى. مەستلىكتىن خۇدىنى يوقىتىپ كوچا قاسىنقىدىكى دەرەخ تۈۋىدە، ئاۋات بازارلاردا تولىمۇ ئاۋارە ھالەتتە يېتىپ قالغانلارمۇ ئارىلاپ كۆزۈمگە چېلىقىپ تۇردى. بۇ خىل ھالەت ۋە بۇ خىلدىكى كۆرۈنۈشلەر بىزگە نىسبەتەن يېڭىلىق بولمىسا كېرەك.

▲ 30 يىل ئوقۇتۇش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ يېقىندا پېنسىيەگە چىققان بىر ئوقۇتقۇچى ئەتراپىدىكىلەرگە پەخىرلىك قىياپەتتە سۆزلىمەكتە: «دەم ئېلىش نېمىدېگەن راھەت، سەككىز چايغا قاتنىشىپ قويدۇم، ھەپتىنىڭ يېرىمىنى شەھەردە ئۆتكۈزسەم يېرىمىنى بۇ يەردە ئۆتكۈزىمەن، ئايالىممۇ سۆزلەپ-سۆزلەپ ئاخىر مەيلىمگە قويۇۋەتتى. ئىككى بالىنى ئوقۇتۇپ قويدۇق. تۇرمۇشىمىزمۇ يامان ئەمەس، ئۆلۈپ كېتىدىغان جانغا ئويۇنماي نېمە قىلىدۇ بۇ جاھاندا. مائاشىم

گويۇن- تاماشىلىرىمغا پىچەت يېتىدۇ، ئايالىمنىڭ مائاشىمۇ
ئۆزى بىلەن ئائىلىنىڭ خىراجىتىنى قامدايدۇ. ھازىر شەھەردە
ياتاق بەك قىممەت، ئۇنىڭدىن دوختۇرخانىنىڭ كېسەلخانىنىڭ
رەسمىيىتىنى ئۆتەپ قويسا ئادەم بىكارغا ياتقاندەك ياتىدى-
كەن...» روھىيتى شۇ قەدەر پىچەكلىشىپ كەتكەن بۇ «ئوقۇت-
قۇچى»نىڭ گەپلىرىنى داۋاملىق ئاڭلاشقا تاقەت قىلىپ تۇرالمى-
دىم، كىمدۇر بىرىنىڭ «ئەخمەق بىلەن گەپ تالىشىش خۇددى
گۆرگە چىراغ ياققانغا ئوخشايدۇ» دېگەن گېپى خىيالىمدىن
كەچتى. شۇڭا ئېغىزىمنى ئاۋارە قىلىشقا تېخىمۇ رايىم بارمىدى.

▲ مەن بۇ ماقالىنى باش چۆكۈرۈپ يېزىۋاتقان ۋاقتىم-
دا، يۇرتىمىزدا ئەمدىلا 20 ياشتىن ھالقىغان بىر ياشنىڭ ئاقنى
ئۆزىگە ئوكۇل قىلىپ ئۇرۇپ، بىر كەڭرى قورۇنىڭ دالدىسى-
دا قېتىپ قالغانلىقى، جەستى ۋاقتىدا بايقالمىغاچقا، تومۇز ئىس-
سىقتا بەش كۈن تۇرۇپ سېسىپ كەتكەنلىكىدەك ئېچىنىشلىق
ئەھۋالدىن خەۋەر تاپتىم. شۇ كۈنلەردە بۇنداق كۆڭۈلسىز
خەۋەرلەر ئاۋۇپ بارماقتا ئىدى. بىر قىسىم ياشلارنىڭ ھاياتى-
نى قەدىرلىمەي، قاراپ تۇرۇپ ئۆزىنى- ئۆزى نابۇت قىلىدى-
غان ئىش- ئەمەللەر بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۇن گۈلنىڭ بىرى
ئېچىلمايلا توزۇپ كېتىۋاتقانلىقى، جان ھەلقۇمغا يەتكەندە ئاغ-
رىقنىڭ دەھشەتلىك ئازابىدىن ئىڭراپ، پۇشايماندىن تەسەۋ-
ۋۇر قىلغۇسىز ئازابنى ئىچىگە يۇتۇپ پانىي دۇنيا بىلەن ۋاقىت-
سىز خوشلىشىۋاتقانلىقى ئىجتىمائىي مەسىلىگە ئايلىنىۋاتقاندەك
قىلاتتى. گەرچە ھايات ئادەمگە بىرلا قېتىم نېسىپ بولسىمۇ،
ئەپسۇسكى، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالىدىغانلارنىڭ سانى كىشىنى ئەن-
دىشىگە سالىدۇ. (باشلانغۇچ مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، يەر شا-
رىدا 120 مىليون ئادەم خاپىغان كېسىلىگە گىرىپتار بولغان
بولۇپ، ھەر يىلى ئۆز- ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالىدىغانلار تەخمىنەن
240 مىڭغا يېتىدىكەن) ئۆلۈۋالغۇچىلار ئىچىدە كاتتا شۆھرەت
قازانغانلارنىمۇ، ھەتتا نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكۈچىلەرنىمۇ
ئۇچرىتىشقا بولىدۇ. بەلكى ئادەتتىكى ئادەملەر بىلەن ئۇلۇغ
ئادەملەرنىڭ ئازاب ئېڭى پەرقلىق بولغاچقا ئۆلۈۋېلىشنىڭ سە-
ۋەبى ۋە مەنىسىمۇ ئوخشاش بولمىسا كېرەك. بىراق بەزىلەر
ھاياتىدىن كېچىشنى زىنھار خالىمىسىمۇ يۇقىرىقى ياشتەك ھالا-
كەتلىك يولنى تاللىۋالىدۇ. ھايات سۈپىتى زىيادە تۆۋەن
بولۇش، ئىچىملىك، چېكىملىككە بېرىلىش، بىئەجەل ئۆلۈمنىڭ
سۈرئىتىنى تېزلىتىدىغان ئۇنۇملۇك كاتالىزاتورلار ھېسابلىنىدۇ.
سەھىيە ئېتىبارى بىلەن خېلى كۆپ ساندىكى كىشىلەر-

نىڭ، نېمە ئۈچۈن شۇ خىل ياشاش يولىنى تاللىۋالغانلىقىنىڭ
ماھىيەتلىك سەۋەبلىرى، بۇ خىل ناچار خاھىشنىڭ جەمئىيەتلى-
شىشىنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقى، قانداق ئېغىر ئاقى-
ۋەتلەر بىلەن نەتىجىلىنىدىغانلىقى، بۇنىڭ ئۈچۈن قانداق
قىلىش كېرەكلىكى ھەققىدىكى ۋەزنى ئېغىر سوئاللارنى ئەقىل-
لىق ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ ئويلىنىشىغا تاپشۇرىمىز. ئەگەر بىر
مىللەت بۇرنىنىڭ ئۇچىنىلا كۆرۈپ يىراققا نەزەر تاشلاشنى
بىلمىسە، كۆز ئالدىدىكى ئەرزىمەس مەنپەئەت توقۇنۇشلىرى
ۋە مەنىۋىيەتنى زەئىپلەشتۈرىدىغان قىلمىشلارغا خۇمار بولۇپ
كېتىپ، تەقدىر قىسمەتلىرىنىڭ قانداق بولۇشى بىلەن ھېساب-
لاشمىسا، يېيىش- ئىچىش، ئويناش، ئۇخلاش، كۈن ئۆتكۈ-
زۈش، ئۆلۈشنى تۇرمۇش تەرتىپىگە ئايلاندۇرۇۋالسا بۇنداق
مىللەتنىڭ ئىستىقبالى بولمايدۇ. ئامېرىكىلىق ئالىم ئېنگىل:
«ئارقىدا قېلىش ۋە تەرەققىي قىلماسلىق جەمئىيەت ئىقتىسادى-
نى تەسۋىرلەپ بېرىدىغان ئىستاتىستىكىلىق سانلا بولۇپ قال-
ماستىن، بەلكى بىر خىل پسىخىكىلىق ھالەت، يۇقىرىلار پسىخى-
كا ۋە مەنىۋى جەھەتتە ئەنئەنىۋى ئاڭ ئىچىگە مەھكەم بېكى-
تىۋېتىلسە، ئىقتىساد ۋە جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى كۈچلۈك تو-
سالغۇغا ئۇچرايدۇ» دەپ قارىغان.

ئەقىل ۋە ئىدىرىكنىڭ رولىغا سەل قارىلىدىغان، «قاپاق
پۇل ئەمەس، باراڭ پۇل» بولىدىغان كېسەل جەمئىيەتتە
رەسمىيەتچىلىك، شەكىلۋازلىق، ياسالمىلىق، رەڭۋازلىق، بو-
ياقچىلىق، يالغانچىلىق، ئالدامچىلىق ئىللەتلىرى بىر قەدەر
ئېغىر بولغاچقا، بولۇپمۇ غايىلىك كىشىلەر ۋاقىت مەسىلىسىدە
كەسكىن سىناق ۋە ئېغىر قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىدۇ.
چۈنكى، بۇنداق جەمئىيەتتە گەپ قىلىدىغانلار كۆپ، ئىش
قىلىدىغانلار ئاز؛ تەكرار ئەمگەك كۆپ، ئىجادىي ئەمگەك ئاز
بولىدۇ. ھېچقانچە زۆرۈرىيىتى بولمىغان، پەقەت شەكىل ۋە
رەسمىيەت ئۈچۈنلا ئېلىپ بارىدىغان تۈتۈرۇقسىز پائالىيەت ۋە
ئۇرۇنلاشتۇرۇشلار ئەدىگەن بولۇپ، ھەرىكەت كۆپ بولسى-
مۇ ھەقىقىي ئۈنۈم پەيدا قىلىدىغان ئەمەلىي ئىش ئاز؛ چاكىنا
مۇراسىملار كۆپ، ئىلمىي تۈس ئالغان پائالىيەتلەر ئاز بولى-
دۇ. بيۇروكراتلىق، پىرىنسىپسىزلىق، بۇيرۇقۋازلىق ۋە باشقى-
لارنىڭ ۋاقتىنى مەجبۇرىي ئىگىلىۋېلىش خاھىشى ئېغىر بولىدۇ.
تۇرلۇك بېسىم ۋە چەكلىمىلەر تۈپەيلى راستىنى قىلىش، راستىنى
دېيىش مۇمكىنچىلىكى بولمىغاندا ياۋاش بولۇشقا، ئېغىزنى يۇ-
مۇۋېلىشقا توغرا كېلىدۇ. ھەقىقەت كۆپىنچە بويۇن قىسىپ قا

لىدۇ. ئىدىيەدىن ئۆتمىگەن ھەرقانداق بىر ئىشتىن بىرەر نەتى-
جىگە ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلىش ئەخمىقانىلىق ھېسابلىنىدۇ.
رەھبەرنىڭ نوپۇزى قانۇندىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ياكى قانۇن-
نىڭ مۇتلەق نوپۇزىغا ھۆرمەت قىلىنمايدىغان جەمئىيەتتە،
پۇقرالار كۆپىنچە ئۆز ھوقۇق- مەنپەئەتىنى قوغداشقا ئامالسىز
قالىدۇ- دە، ئۆزىنى باشقىلارنىڭ مەيلىگە تاپشۇرۇشقا مەجبۇر
بولىدۇ. ئۆزىگە تەۋە ۋاقىتلىرىمۇ باشقىلارنىڭ كونتروللۇقىغا
ئۆتۈپ كېتىدۇ. بۇنداق پاسسىپ مۇھىتتا ئىختىساس ئىگىلىرى-
مۇ ئاخىرقى ھېسابتا ئادەتتىكى ئادەملەر توپى ئىچىگە غەرق
بولۇپ كېتىدۇ. گېرمانىيە پەيلاسوپى نېتزى ئېيتقاندەك: «بىر
مىللەتنىڭ چىرىك جەمئىيەتتە ئۇپراتقان زېھنىي كۈچى ھەرقان-
داق دەۋرگە قارىغاندا جىق بولىدۇ، شەخسمۇ بۇ ئەھۋالدىن
مۇستەسنا ئەمەس.» مەسىلەن، ئۆز كەسپى ئۈستىدە ئىزدىنى-
ۋاتقان ياكى بىرەر ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان غا-
يىلىك ئادەم يۇقىرىقىدەك پاسسىپ مۇھىتتا، ھېچ بولمىغاندا
چەكلىك بولسىمۇ ۋاقىت بوشلۇقىغا ئېرىشەلمىگەچكە ئاستا-
ئاستا ئىجادىيەت ئىقتىدارىدىن مەھرۇم قالىدۇ.

نەغمە- ناۋا ئەسەبىيلىكى: 1906- يىلى قەشقەرگە
كەلگەن فىنلاندىيەلىك ئېكسپېدىتسىيەچى مانىېر خانىم: «ئۇيـ-
غۇرلارنىڭ تەبىئىتى بىكار تەلەپ، كەيپ- ساپا تۇرمۇشقا ئا-
دەتلەنگەن، تەييارتاپ، كۈن- كۈنلەپ لاغايلاپ يۈرىدۇ،
ئىشلەي دېمەيدۇ. بولۇپمۇ قوغۇن پىششىقدا ئۇلار توپلىشىپ
ئولتۇرۇپ، بىر- ئىككى قوغۇن- تاۋۇزنى پىچىپ داستىخانغا
قويۇۋېلىپ، ئەتىگەندىن تۈن يېرىمىغىچە نەغمە- ناۋا قىلىشى-
دۇ» [7] دەپ خاتىرە قالدۇرغان. مانىېر خانىم يۇقىرىقى ياز-
مىسىدا مىللەتنىڭ شۇ ھالغا چۈشۈپ قېلىشىدىكى سەۋەب- نە-
تىجىلىك مۇناسىۋەتلەرنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ، شۇ چاغ
رېئاللىقىنىڭ پەقەت بىر كەسمە يۈزىنىلا چىنلىق بىلەن ئىپادە
قىلغان بولسا، چوقان ۋەلىخانوف بۇنداق بولۇشنىڭ سەۋەبى
ۋە مىللەتنىڭ روھىيىتىگە يوشۇرۇنغان ئەقىل- پاراسەت، كۈچ-
قۇدرەتنى تونۇپ يېتىپ: «بۇ مىللەتنىڭ بېشىغا كەلگەن
پۈتمەس- تۈگىمەس قۇللۇق ئاسارىتى، زورلۇق- زومبۇلۇق
ھەم ئادالەتسىزلىكلەر ئەنە شۇنداق بىر- بىرىگە ئىشەنمەس-
لىك، ھۇرۇنلۇق، يالغانچىلىق، بۇزۇقچىلىق دېگەندەك ئىللەت-
لەرنىڭ يامراپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولغان. لېكىن بۇ مىللەتتە
باشقا مىللەتلەرگە نىسبەتەن بولمىغان شۇنداق بىر سېھرىي كۈچ
باركى، ئەگەر بۇ مىللەت باشقىچە بىر ئەۋزەل شارائىتقا ئىگە

بولالىغان بولسا، ئۆزلىرى بىلەن بىر دىنىدىكى باشقا مىللەتلەر-
نى ئارقىدا قالدۇرۇپ ھەممىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتكەن
بولاتتى» [8] دېگەن.

مېنىڭچە نەچچە ئەسىرلىك جاھالەتلىك دەۋرنى بېشىدىن
ئۆتكۈزگەن، يەنە كېلىپ تارىخنىڭ ئەڭ رەھىمسىز قىسمەتلى-
رىگە دۇچ كەلگەن بىر مىللەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى يوقىتىپ
قويماي بۈگۈنكى دەۋرگە ئۇلىشىشنى كاتتا مۆجىزە دېيىشكە
بولىدۇ. مىللىتىمىز ئىلغار مەدەنىيەت ئاساسىغا ۋە ئىچكى تىنى-
دۇرمىغا باي بولۇشتەك تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە بول-
غانلىقى، ئەقىل- پاراستىنى ئۇزۇل- كېسىل يوقىتىپ قويمىغانلى-
قى ئۈچۈن تولىمۇ چەكلىك ھاياتلىق بوشلۇقى ۋە تۆرلۈك-
تۈمەن خىرىسلارغا بەرداشلىق بېرىپ بۈگۈنكى كۈنگە ئۇلىشا-
لىغان. جىسمانىي جەھەتتىكى كېسەللىكنى قىسقا ۋاقىتتا
داۋالاپ ساقايتىش مۇمكىنچىلىكى بولسىمۇ، ئىجتىمائىي جارا-
ھەتنى ئېغىر بىر مىللەتنىڭ كېسىلىنى داۋالاشقا ئۇزاق بىر
جەريان كېتىدۇ. بۈگۈنكى كۈندىمۇ نەغمە- ناۋاغا زىيادە بېرى-
لىشتەك چۈشكۈنلىشىش كېسىلى بۇنىڭ تىپىك بىر ئىپادىسى.

سەنئەتنىڭ مەنىۋى قىممىتى ۋە رولىغا سەل قاراشقا بول-
مايدۇ. بىراق سەنئەتكە قارىغۇلارچە چوقۇنۇش ئادەمنى ئە-
قىلدىن ئازدۇرىدۇ. مەزلۇملار دەرد- ھەسرەتلىرىنى كۆز
يېشى ئارقىلىق ئىپادە قىلىشقىنىدەك، ئاجىزلارمۇ كۆپ ھاللار-
دا ئىچ پۇشقى، پىغان، دەرد- ھەسرەت، سىقىلىش ۋە چاكىناق
ھېسسىياتلىرىنى ناخشا- ساز ئارقىلىق ئىپادە قىلىشىپ خۇمار-
نى باسماقچى بولۇشىدۇ. بېتخوۋېننىڭ «نامراتلىقتىن مۇزىكا
چىقىدۇ» دېگىنىدەك، ئادەتتىكى ئادەملەر ئومۇمەن ئاجىزلار
توپىغا مەنسۇپ بولغاچقا، ناخشا- سازغا بۆلەكچىلا ھېرىسمەن
كېلىدۇ. سورۇنلاردىن ناخشا- مۇزىكا سادالىرى ئۈزۈلمەي
ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. كۆڭۈل ئېچىش مەقسەت قىلىنغان كۆپ
ساندىكى سورۇنلاردا نەغمە- ناۋا، كۈلكە چاقچاق ئاساس قى-
لىنىدۇ. ئوخشاش مەزمۇندىكى پاراڭ ۋە چاقچاق، ئوخشاش
بىر ناخشا ياكى ساز قايتا- قايتا تەكرارلانسىمۇ نېمىشقىدۇر
سورۇن ئەھلى بىزارلىق ھېس قىلمايلا قالماي، ئەكسىچە ئاپې-
رىنلار ئېيتىشىپ كېتىشىدۇ، سورۇندا سازەندە بولمىغان ئەھ-
ۋالدا بۇ خىل ۋەزىپە سورۇن ئەھلىگە يۈكلىنىدۇ. ئۆز نۆۋىتى-
دە ئالتاغىل بولسىمۇ بىرەر كۇپلېت ناخشا توۋلاشنى بىلمە-
گەنلەر گېزى كەلگەندە، «جازا ھارىقى» ئىچىشكە مەجبۇر
بولىدۇ. توي- تۆكۈنلەر ئەلۋەتتە نەغمە- ناۋاسىز ئۆزنمايدۇ.

ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئۇسسۇل، دىسكوغا چۈشكەن، ھاياجى-
نى پەلەككە يەتكەن ئادەملەرنىڭ ئەسەبىي ھەرىكەتلىرىگە
قاراپ، ئۇلارنىڭ زادى نېمىگە شۇ قەدەر ھاياجانلىنىپ كېتى-
ۋاتقانلىقىنى بىلىپ بولغىلى بولمايدۇ. ئاممىۋى سورۇنلاردىن
تارتىپ مەكتەپ، ئىدارە-ئورگانلارغىچە؛ كۆتۈۋېلىش، قارشى
ئېلىش پائالىيەتلىرىدىن لېنتا كېسىشكىچە بولغان بارلىق ئىش-
لاردا سەنئەت پائالىيەتلىرى ئەۋج ئالغان، سەھنە ئېكرانلارنى-
مۇ سەنئەت نومۇرلىرى قاپلىغان بولىدۇ. كىشىلەرنىڭ پاراڭ
تېمىلىرىمۇ كۆپرەك شۇ نۇقتىغا مەركەزلىشىدۇ. قىسقىسى،
جەمئىيەتنى تەشكىل قىلغۇچى ھەرقايسى ساھەلەردىن تارتىپ
تۇرمۇشنىڭ بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىغىچە بولغان ھەممە جايدىن
قويۇق نەغمە-ناۋا ھىدى گۇپۇلدەپ تۇرىدۇ. نەغمە-ناۋا
ئۇلارنىڭ ئېڭىنى سېھىرلەپ ئالغاچقا ئەقلىنىڭ رولى زور دە-
رىجىدە ئاجىزلىشىپ كەتكەن بولىدۇ. روھىيتى قۇرغاق ساددا
تاماشىبىنلار ناخشا-سازدىن مەست بولۇشۇپ سازەندىلەر
ئۈچۈن يانچۇق قېقىشىدۇ. نەچچە يىل جاپالىق ئىزدىنىپ مىڭ
تەسلىكتە بىرەر كىتابنى نەشر قىلدۇرغان بىر تەتقىقاتچى، بىر-
نەچچە مىڭ يۈەن قەلەم ھەققىگە تەستە ئېرىشكىنى بىلەن، ئا-
دەتتىكى بىر ناخشىچى تەكلىپ بىلەن سەھنىدە بىر نومۇر ئو-
رۇنلىسىلا نەچچە مىڭ يۈەن چۆنتىكىگە كىرىدۇ. ئادەتتىكى
ئادەملەر سەھنە ئېكرانلىرىدىكى نە مەنىسى، نە مەززىسى بول-
مىغان بىر قىسىم يۇمۇر ئېيتۇتلارغا شا بولغۇدەك كۈلۈشىدۇ.
ئېكرانغا ئېلىنىدىغان بىرەر سەنئەت پائالىيىتىدە كۆرۈنۈش
ئېلىش ئۈچۈن، رىياسەتچى تاماشىبىنلارنى بىرەر سائەت
چاۋاك چالدۇرسىمۇ ھار ئېلىشمايدۇ. ئۇلار ئەنە شۇنداق
«نايىنى-ناي، دايدى-داي» بىلەن بولۇپ كېتىپ جاھاننىڭ
تەرەققىياتى ۋە يېڭىلىقلىرىدىن بىخەۋەر قېلىشىدۇ.

بۇنداق ھېسسىيات ئەسەبىيلىكى ئادەمنى بىخۇدلاشتۇ-
رۇپ، ئەقلىي سەزگۈرلۈكتىن مەھرۇم قالدۇرىدۇ. شەيخ سە-
ئىدى شۇ ۋەجىدىن: «سازەندە، كەينىدە يۇرمە» دېگەن
سۆزنى تىلغا ئالغان بولسا كېرەك. بولۇپمۇ بۇنداق زىيادە
سەنئەت مۇھىتىدا ياشلار-ئۆسمۈرلەر تەبىئىي ھالدا ناخشا-
سازنى ھەممىدىن مۇھىم بىلىدىغان ئىدىيە قاراش ئاسانلا شە-
كىللىنىپ قېلىپ، سەنئەت ئارقىلىق چىقىش يولىنى ئىزدەيدى-
غانلار كۆپىيىپ كېتىدۇ، بۇ بىر خەتەرلىك ئەھۋال بولۇپ، يو-
شۇرۇن زىيىنىنى مۆلچەرلەش قىيىن.

نەغمە-ناۋاغا زىيادە بېرىلىش، ھەتتا خۇدىنى يوقىتىش
دەرىجىسىگە بېرىپ يېتىش چۈشكۈن روھ، شۇنداقلا ھاياتىي
كۈچىنىڭ زەئىپلەشكەنلىكىنىڭ بەلگىسى. تارىختا نەغمە-ناۋا
بىلەن قۇدرەت تاپقان بىرەر مىللەت بولغان ئەمەس. ھېچكىم
نەغمە-ناۋا ھېرىسمەنلىكى بىلەن خىرىس ۋە كىرىزىسنى يېڭە-
لىگەن ئەمەس. بۇنداق ئەقلىدىن ئالجىش ۋە خۇدىنى يوقى-
تىشلار بىر مىللەتنىڭ كۆلپىتىنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىدۇ.

يۇقىرىقىدەك، بىر قاتار ئىللەتلەرنى پسىخولوگىيە، ئىج-
تىمائىيەت، جەمئىيەتشۇناسلىق ئىلمى بويىچە تەتقىق قىلىپ كۆ-
رۈشكە، يەكۈنلەنگەن ئىلمىي قاراش ۋە نەزەرىيەنى يېتەكچى
ئىدىيە قىلىپ، ئىللەتلەرنى ئۆزگەرتىشنىڭ ئىلمىي، ئۈنۈملۈك
يوللىرىنى تېپىپ چىقىشقا توغرا كېلىدۇ. جەمئىيەتشۇناس زۇل-
پىقار بارات ئۆزباش دەل يۇقىرىقىغا ئوخشاش جەمئىيەتلەش-
كەن چاكىنىلىقلارنى جەمئىيەتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن تەھلىل
قىلىپ: «ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە جەمئىيەتلىشىۋاتقان چاكىنىلىقلار
ئۆزىدە يوق كىملىكنى بېزەپ كۆرسىتىپ، ماددىيلىق ۋەسۋە-
سىسگە باش ئېگىش، كوللېكتىپ ۋىجدانغا ئاسىيلىق قىلىش،
مۇقەددەس سىمۋوللىرىمىزغا بىھۆرمەتلىك قىلىش، جاھانساز-
لىق كويىغا كىرىش شەكلىدە ئىپادىلىنىدۇ. چاكىنىلىق جەمئى-
يەتلەشكەندە، شۇ جەمئىيەتتە ياشاۋاتقان ھەر بىر ئادەم پە-
چەكلىك قورشاۋىدا قالىدۇ؛ ئادىمىيلىكى سوئالغا دۇچ كېلىدۇ؛
ئومۇمنىڭ قىممەت قارىشى دەپسەندە قىلىنىدۇ. كىملىك كىرى-
زىسى ۋە زىددىيەتلىك كىملىك ئىسكەنجىسىگە پاتقان بىر توپ
پەيدا بولىدۇ. بۇ ھال بىر ئىجتىمائىي توپنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە
مىللىي روھ ئۈچۈن پايدىسىز» [9] دەپ يازغان. بۇنداق
ئىجتىمائىي تۇرمۇش مەسىلىلىرىنى نەزەرىيە دەرىجىسىگە كۆ-
تۈرۈپ ئىلمىي شەرھلەش ياخشى بىر باشلىنىش ھېسابلىنىدۇ.

زېھىن ئىسراپچىلىقى: كۆپ ساندىكى ئادەتتىكى ئادەم-
لەر دىققىتىنى ئۆز ئىشىغا مەركەزلەشتۈرمەي، مۇناسىۋەتسىز
ئىشلارغا ئارتۇقچە باش قاتۇرىدۇ. ھېچقانچە ئەھمىيتى ۋە
ئەمەلىي قىممىتى بولمىغان مەسىلىلەر ئۈستىدە بەس-مۇنازى-
رە، دەتالاش قىلىشىپ ھەتتا كۆپۈشۈپ كېتىشىدۇ. ھەقىقىي قى-
لىشقا تېگىشلىك، ئەھمىيتى زور ئىشلارنى قىلماي، زېھنىي كۈ-
چىنى بىھۇدە ئىشلارغا سەرپ قىلىۋېتىدۇ. مەسىلەن، لۇشۈننىڭ
«دورا» ھېكايىسىدە قاقشال دەرەخكە قونۇۋالغان قاغا تەس-
ۋىرى ھەققىدە ناھايىتى قىسقا بىر بايان بولۇپ، شۇ چاققىچە
نۇرغۇن ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى، ئوبزورچى ۋە تەتقىقاتچى
بۇ ھەقتە كۆپ مۇنازىرىلەرنى قىلىشتى، ماقالە ئوبزورلارنى

يېزىشتى. ئەمەلىيەتتە بۇ بىر تەبىئەت تەسۋىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ ھەقتە ئۇنچە باش قاتۇرۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. توخۇ باشتا پەيدا بولغانمۇ، تۇخۇممۇ؟ دېگەن مەسىلە ھەققىدە ھەرقانچە بەس-مۇنازىرە قىلىشقان، تەتقىقات ئېلىپ بارغان بىلەن بىرەر ئەمەلىي نەپكە ئېرىشىش مۇمكىنمۇ؟ بولۇپمۇ شەكىلۋازلىق ئەۋج ئالغان، ئەقىل كار قىلمايدىغان، نادان جەمئىيەتتە زېھىن ئىسراپچىلىقى تېخىمۇ كۆپ بولىدۇ.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئادەتتىكى ئادەملەر چەكلىك مۇھىتتا ھاسىل قىلغان ئاز-تولا تەجرىبىسى، ئىگە بولغان يۈزەكى بىلىملىرىگە ئاساسەن ھاياتنى ئاددىي مەنىدە چۈشىنىدۇ. گەرچە ئۇلاردىمۇ بەلگىلىك نىشان بولىسىمۇ، بىراق تىرىكچىلىكنىڭ ئېھتىياجى، ئادەتتىكى مۇددىئا مەقسەت ۋە مەنپەئەتلەرنىڭ زۆرۈرىيىتى پەيدا قىلغان سۈپىتى تۆۋەن نىشانلار ئادەمنىڭ تەقدىرىدە ماھىيەتلىك بۇرۇلۇش پەيدا قىلالمايدۇ. بىرى ئۆزىنى بىلىپ ياشىسا يەنە بىرى ئۆزىنى بىلمەي ياشايدۇ. بىرى ئەقلىگە تايانسا بىرى كۈچىگە تايىنىدۇ. بىرى پىكىر ۋە تەپەككۇر قىلىشقا، يەنە بىرى گەپ قىلىشقا ئامراق بولىدۇ. بىرىنىڭ كۆزى پەردىلەنگەن، يەنە بىرى كۆز ئالدىدىكى توساقنى بۆسۈپ تاشلاپ نەزەرىنى يىراقلارغا ئاغدۇرىدۇ، كەلگۈسىدىكى چوڭ مەنپەئەت ئۈچۈن كۆز ئالدىدىكى كىچىك مەنپەئەتتىن كېچىدۇ؛ بىرى زاھىرىي نەرسىلەرنى كۆرسە، يەنە بىرى ماھىيەتنى كۆرىدۇ، بىرى شۈكۈر-قانائەتچان بولۇپ، بىر ئىشلارغا ئاسانلا رازى بولىدۇ، ھاياتتا ئېرىشكەن تېگىشلىك نەرسە پەقەت شۇنچىلىكلا دەپ قارايدۇ؛ يەنە بىرى ئالدىراپ قانائەت قىلمايدۇ، بىر نىشانغا يەتسە يەنە بىر نىشان ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ؛ بىرى ئەقىل تىپىغا، بىرى ھېسسىيات تىپىغا مەنسۇپ؛ بىرى ئىرادىلىك، قەيسەرلىك ئالدىدا ئالدىراپ بەل قويۇۋەتمەيدۇ، ھەسەل ھەرىسىدەك ئىشچان، مېھنەت ئىچىدە ياشايدۇ؛ يەنە بىرى ھۇرۇن بولۇپ بىرەر ئىشنى ئالدىراپ باشقا ئېلىپ چىقالمايدۇ. بىرى ئۆزىگە ئىشىنىدۇ، ئۈمىدۋار كەيپىياتتا ياشايدۇ. يەنە بىرى چۈشكۈنلۈك پاتقىقىغا پاتقان بولىدۇ. بىرى ئۆز ئىدىيەسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ياشىسا، يەنە بىرى باشقىلارنىڭ ئىدىيەسى ۋە باھاسى ئىچىدە ياشايدۇ؛ بىرىنىڭ كىرىزىس ئېڭى كۈچلۈك، يەنە بىرى بىخۇد-بىپەرۋا، بىرىنىڭ روھى ئويغاق، يەنە بىرى غەپلەتتە، بىرى تادان، بىرى نادان.

مېنىڭچە ئادەتتىكى ئادەملەردىن بولۇپ قېلىش ئەيىب ئەمەس. ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق تۆھپىسى ۋە قىممىتى بولىدۇ. بىراق بىر دۆلەت پۇقرالىرى ياكى مىللەت توپىغا نىسبەتەن ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ زىيادە كۆپ بولۇپ كېتىشى دۆلەت ياكى يۇرتنىڭ تەرەققىياتىنى زور دەرىجىدە توسالغۇغا ئۇچرىتىدۇ، ھەتتا ئويلىمىغان تىراگېدىيەلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولىدۇ. روھىي جەھەتتە ئويغىنىش ھاسىل قىلالمىغان، ئۆزىنى ئۆزگەرتىش ئىرادىسىگە كېلەلمىگەن ھەرقانداق بىر ئادەتتىكى ئادەم نادانلىق ۋە جاھالەتنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلالمايدۇ؛ شۇڭا قىسمەتلەر ھەققىدە چوڭقۇر ئويلانماي، غەپلەتتىن ئويغانماي بولمايدۇ.

نەقىل مەنبەلىرى:

[1] لىگمۇ جىنيى، «قابىلىيەت يېتىلدۈرۈش تەربىيەسى»، شىنجاڭ سەھىيە نەشرىياتى، 2010-يىلى 3-ئاي نەشرى، تەرجىمە ئاساسىدا تۈزگۈچىلەر: مۇھەممەدئىمىن، ئابابەكرى.

[2] «تەربىيەلەنگەن كىشىلەردىن بولۇشنىڭ ئۆلچەملىرى»، «ئىلى كەچلىك گېزىتى» 2003-يىلى 10-ئاينىڭ 21-كۈنىدىكى سانىدىن، ئىمىن ھاشىم تەييارلىغان.

[3] [8] چوقان ۋەلىخانوف، «ئالتە شەھەر خاتىرىلىرى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلغان «چەت ئەللىكلەر نەزەرىدىكى قەشقەر» ناملىق كىتاب، 2-قىسىم، 307-بەت. ئادىل مۇھەممەد، تەلئەت ئۇبۇلقاسىملار تۈزگەن.

[4] ئەسئەت سۇلايمان، «تارىم قوۋۇقى چېكىلگەندە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002-يىلى 3-ئاي نەشرى، 359-بەتتە كەلتۈرۈلگەن نەقىلدىن ئېلىندى.

[5] ئىلدىكو بەللەر ھانىن، «19-ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مېھماندارچىلىق قائىدە-يوسۇنلىرى»، «مىراس» ژۇرنىلى 2007-يىلى 4-سان، بۇسارەم ئىمىن تەرجىمىسى.

[6] يالقۇن روزى، «كىشىلىك ھاياتنىڭ چىرىغى — ئۈمىد»، «شىنجاڭ ياشلىرى» 2011-يىلى 6-سان.

[7] يالقۇن روزى، «بىز قانداقلارچە ‹ناخشا-ئۇسسۇل› مىللىتى دەپ ئاتىلىپ قالدۇق» ناملىق ماقالىسىدا كەلتۈرگەن نەقىل. «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2006-يىلى 5-سان.

[9] زۇلپىقار بارات ئۆزباشىنىڭ «بىز قانداق چاكىنىلىشىمىز: كىملىكىمىز، جەمئىيەتلىشۋاتقان بىنورماللىقىمىز ۋە شالغۇتلىشىۋاتقان قىممەت قارىشىمىز» ناملىق ماقالىسىدىن ئېلىندى. «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى، 2010-يىلى 5-سان.

ئاپتور: قورغاس ناھىيەلىك 5-ئوتتۇرا مەكتەپتە.

www.uyghurkitap.com



# تەپەككۇر مېۋىلىرى

## ھېكمەت تامچىلىرى

▲ سەن باشقىلارغا قانچىلىك مېھىر-مۇھەببەت بېرەلىسەڭ، ھاياتلىقتىن شۇنچىلىك ھوزۇر ئالالايسەن.

▲ سەن باشقىلارغا قانچىلىك خۇشاللىق ئاتا قىلالىساڭ، سەنمۇ ئۇنىڭغا شۇنچىلىك ئېرىشەلەيسەن.

▲ قېرىغىنىڭدا يار-يۆلەكسىز قالماي دېسەڭ، ياشلىقىڭدا باشقىلارغا يار-يۆلەك بول.

▲ ئەملىڭدىن ئايرىلغاندا يەنە ھۆرمەتتە بولسۇن دېسەڭ، قولۇڭدا بار چېغىڭدا باشقىلارغا كۆپلەپ ياخشىلىق قىل.

▲ سەن ئۆزۈڭنىڭ قانداق ئادەملىكىڭنى بىلەي دېسەڭ، ئەتراپىڭدىكىلەرنىڭ ساڭا بەرگەن باھاسىغا قۇلاق سال.

▲ ئەلنىڭ غېمى — ئەرنىڭ غېمى — «مەن بىر ئەركەك» دەرنىڭ غېمى.

▲ ئەل غېمىدە يۈرگەنلەر، ئەل باغرىدا كۈلگەنلەر.

**— مۇھەممەدئىمىن ھەسەن**

ئاپتور: قاغىلىق ناھىيە شادلىق دوختۇرخانىسىدىن.

## تەپەككۇر كۆزى

## كىتاب ۋاراقلىرى ئارىسىدىكى تىنىقلار

▲ كىتابتىن يىراقلاشساڭ نامراتلىق يېقىنلىشىدۇ.

▲ ھەرقانچە ئېگىزدىن قارىساڭمۇ پەقەت ئالدىڭنىلا كۆرەلەيسەن، كىتابتىن قارىساڭ دۇنيانىڭ ئازگاللىرىنىمۇ كۆرەلەيسەن.

▲ يازغۇچى ئېڭەك يۆلەۋەرسە، قەلەم سىياھىنىڭ رەڭگى ئۆزگىرىپ كېتىدۇ.

▲ دىلىڭ كىتابنى سۆيسە، تىلىڭ خىتابنى سۆيىدۇ.

▲ كۆڭلۈڭ ئەدەپتىن بولسا، يارىڭ سەدەپتىن بولىدۇ.

▲ كىتابنى ۋاراقلىساڭ جىسمىڭ تەۋرىنىدۇ، ئوقۇساڭ روھىڭ يەلپۈنىدۇ، ياپساڭ دىلىڭ تەلپۈنىدۇ.

▲ كۈنلىرىڭ تەشۋىشتە ئۆتسە، دۈشمەنلىرىڭ قەستتە ئۆتىدۇ.

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى ئۆزىمىزنى تونۇشتىكى كىملىك.

▲ كىتابسىز ئۆي ئۆگزىسىز ئۆي.

▲ ئانچە كىتاب ئوقۇمايدىغان بىر دوستۇم مەندىن: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنى بەك ماختايدىكەنسىلەر، بۇ ژۇرنال تەرەققىي قىلىپ زادى نەگە بارار؟ — دەپ سورىۋېدى، — بىر ئوقۇساڭ ئۆيۈڭگە بارىدۇ، ئىككى

ئوقۇساڭ قەلبىڭگە بارىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردىم.

▲ كىتاب — قەلب خەزىنىسى.

— زەينۇللا ئابدۇقادىر

ئاپتور: قەشقەر 6 - ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى.

## قەلب چېچەكلىرى

▲ دېۋەيلەپ كەلگۈچە ساغلام ياغاچ ئات، بوپقالسۇن ئالەمدە تۆھپەڭ قاتمۇقات...

▲ ئوقۇلماي ئىشكاپتا ساقلانغان كىتاب، بوپقالار شۇ جايغا ساختا بىر نىقاب...

— ئابلىز ئوبۇلخەيرى (مەرپەت)

ئاپتور: لوپ ناھىيە دول يېزا مازار ئۆستەڭ كەنتى 143 - قورۇدا.

## ھەقىقەتكە ياندىشى تۇيغۇلار

▲ ئەگەر تەڭرىدىن بىر تال ئەتىرگۈل سورىساڭ، تەڭرىم ساڭا بىر چاڭگال گۈل ئورۇقى ھەدىيە قىلىدۇ؛ بۇنىڭ تېگىگە ئۆزۈڭ يەتكەيسەن ئىنسان.

▲ كىتاب بىزنىڭ «ياخشى ئۇستازىمىز»لا ئەمەس، بەلكى مۇنازىرىچىمىزدۇر. بۇ مۇنازىرىدە مەيلى بىز غەلبە قىلايلى ياكى مەغلۇپ بولايلى، ئاشۇ بىر قېتىملىق مۇنازىرىدە بىز ئېرىشكەن مەنىۋى ھاسىلاتلار ئوخشاشلا مول بولىدۇ.

▲ بۆرە بىلەن قوينىڭ دوستلۇق-ئىناقلىق خۇسۇسىدىكى «مەڭگۈلۈك ئەھدىسى» پەقەت، بۆرىنىڭ قورسىقىنىڭ ئېچىشىغىچە داۋام قىلىدۇ.

▲ ئىنسان ئۆز رېئاللىقى ئۈچۈن تەدبىر ئىزدەشكە ئاجىز كەلگىنىدە، كۆرگەن چۈشلىرىگە تەبىر ئىزدەشكە ھېرىس بولۇپ كېتىدۇ.

▲ ئەگەر بەزىلەرنىڭ قۇربى يەتسە، ئاسماندىكى قۇياشنى پەقەت ئۆزىنىڭلا ھويلىسىنى يورۇتىدىغان «ئاسما چىراغ» قىلىۋېلىشتىن ئۆيالمايتتى.

▲ تارىخىمىزدىكى پاجىئەلىك قىسمەتلەر ئۈچۈن ياش تۆكۈۋاتقىنىمىزدا، بۈگۈننىڭ ئۆزىمۇ سىزنىڭ قولىڭىز ئارقىلىق قەدىرسىز تارىخقا ئايلىنىۋاتقانلىقىنى ئۇنتۇماسلىقىڭىز لازىم.

▲ ئۆتمۈش — ئېنىق تەقدىر، كەلگۈسى — نائېنىق تارىخ.

▲ مەدەنىيەت — مەنىۋىيەتتىكى ۋەتەندۇر.

▲ دەۋرنىڭ بىزدىن تەلەپ قىلىدىغىنى پەقەت «ئۆز-مۇرلۇك ئۆگىنىش» روھىلا بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە «ئىزدىنىش» روھىدۇر.

▲ ۋىجدان بولسا سىزنىڭ مەنىۋى كىملىكىڭىزنى بەلگىلەيدۇ.

▲ ئەنئەنىۋى قارىشىمىزدا «ئىت بېقىلىۋاتقان ئۆيگە پەرىشتە كىرمەيدۇ» دېيىلىدۇ. مېنىڭچە ئوقۇغۇدەك بىرەر پارچە كىتاب ساقلانمىغان ئۆيگىمۇ پەرىشتە كىرمەيدۇ.

▲ ئادەتكە ئايلانمىغان تىرىشچانلىق ھامان ۋاز كېچىش بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

▲ قۇياشنىڭ پاتماي ئالەمنى زۇلمەت باسماسلىقىنى ئارزۇ قىلىش بەلكىم ئۇلۇغۋار غايىدۇر. بىراق بۇ بەرىبىر ئەخمىقانىلىقتۇر. پەقەت قاراڭغۇلۇق يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن، چىراغ يېقىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىش ئاقىلانىلىقتۇر.

▲ ھەي ئىنسان، ئۆز زۇلمىتىڭدىن زارلىنىۋەرمىگىن. ئەگەر سېنى زۇلمەت باسقان بولسا، ئۆزۈڭنى «ئۇچقۇن»غا ئايلاندۇرۇش پۇرسىتىڭ بارغۇ.

▲ ئالدى بىلەن ئەڭ چوڭقۇر ئېھتىرامىمنى كۈندۈزلىرى قۇياش بولۇپ پارلىغانلارغا ئەمەس، بەلكى زۇلمەتلىك كېچىلەردە ئۇچقۇن بولۇپ چاقنىغانلارغا يوللايمەن.

▲ بىر ئويغاتقۇچىنىڭ ئۇخلاۋاتقان ھالىتى ئەڭ نەپرەتلىك سىمادۇر.

▲ قانداق كىتابلارنى تاللاپ ئوقۇشنى بىلمەسلىك، ئەكسىچە بىر ئوقۇرمەننى روھى قۇرغاقلىق مەنزىلىگە باشلايدۇ.

▲ جىنايەتنى جازالايدىغىنى قانۇن بولسىمۇ، بىراق جىنايەتنىڭ ئۇنۇملۇك ئالدىنى ئالىدىغىنى يەنىلا ئېتىقاد ۋە ئەخلاقتۇر.

▲ يېمەكلىك مۇنداق ئۈچ خىل ئۇسۇلدا ئىسراپ بولىدۇ: بۇنىڭ بىر خىلى بولسا ئەسلىدىنلا يېيىلىشكە تېگىشلىك يېمەكلىكنىڭ يېيىلمەي تاشلىۋېتىلىشى، يەنە بىر خىلى بولسا توق قورساققا يەنە چىڭقاپ تاماق يېيىش، ئەڭ ئاخىرقىسى بولسا يېگەن تاماقنىڭ ئوزۇقلۇق قىممىتى، قۇۋۋىتىگە يارىشا ئەھمىيەتلىك بىرەر ئەمەلىي ئىش بىلەن مەشغۇل بولماسلىقتۇر.

بالىلارنىڭ ساغلام ھەۋەس - ئويۇنلىرىغا ئىلھام

بېرىش بولسا، بالىلارنىڭ زىيانلىق ئويۇن ـ ھەۋەسلەرگە بېرىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى ئۈنۈملۈك ئۇسۇلدۇر.

▲ تۇرمۇشتا مۇنداق مەنتىقمۇ بار، يەنى: سەن ئۆزۈڭنى خاراب قىلغانلارنى ئەپۇ قىلىسەنۇ، بىراق ئۆزۈڭ خاراب قىلماقچى بولغانلارنى ئەسلا كەچۈرمەيسەن.

▲ ئۆزۈڭگە تەۋە ياشاش مەقسىتىڭ بولمىغىنىدا، سەن ئۆزگىلەرنىڭ ياشاش ۋاستىسىگە ئايلىنىپ قالىسەن.

▲ تەنھالىق بەزىدە ئىنساننىڭ مەنىۋى ئېھتىياجىدۇر.

▲ چىراغ — ئۆزۈڭگە مەنسۇپ قوياشتۇر.

▲ تەپەككۇر تىرەنلىكى ۋە چوڭقۇر ئەقلىي ئويلىنىشنىڭ ھاسىلى بولمىش «چوڭشكۇنلۇك»تە، ئەينى بىر مەۋجۇت جەمئىيەتنىڭ قاراڭغۇلۇقىغا بولغان سەزگۈر ۋە ئىسيانكارلىق روھى يوشۇرۇنۇپ ياتقان بولىدۇ.

**— مەتناسىر ياسىن**

ئاپتور: خوتەن ناھىيەلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئىشخانىسىدىن.

## ھېكمەت جەۋھەرلىرى

### ئەنسىرەش

▲ سودا ـ سېتىق كوچىسىغا كىرسەم زىيان تارتىشتىن قورقىمەن، چۈنكى، ئالارمەندىن ساتارمەن كۆپ.

▲ ئىلىم يولىغا كىرسەم بىلمەسلىكتىن ئەنسىرەيمەن، چۈنكى، ھەقىقىي ئىلىم ئىگىسىدىن ساختا دانىشمەنلەر كۆپ.

▲ ئىش بېجىرىش كويىغا كىرسەم بېجىرەلمەسلىكتىن ئەنسىرەيمەن، چۈنكى «چاكار»دىن «خاقان» كۆپ.

▲ تېلېۋىزور كۆرەي دېسەم پاكىز، يېقىشلىق نەرسىلەرنى كۆرەلمەسلىكتىن قورقىمەن. چۈنكى، ئېلان بىلەن «ئاتام ئېيتقان بايىقى» دېگەندەك تەكرارلىق كۆپ.

▲ مۇناسىۋەت كوچىسىغا كىرسەم ئادەم بولالماسلىقتىن قورقىمەن، چۈنكى، شىر سۈپىتىدە گىدىيىۋېلىشقان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە چاشقانچىلىكمۇ بولالمايدىغانلار كۆپ.

▲ دوستلۇق جەمگاھىغا كىرسەم دوستسىز قېلىشتىن ئەنسىرەيمەن؛ چۈنكى «جان دوست»تىن، «مال دوست»لار كۆپ.

▲ ئىش ئەھلى توغرىسىدا مۇنازىرىلىشىشتىن قورقىمەن، چۈنكى، ئىش بىلىدىغانلاردىن بىلەرمەنلەر كۆپ.

▲ باشقىلار بىلەن پاراڭلىشىشتىن قورقىمەن، چۈنكى، يامان گەپنى ئۆزى قىلىپ ياكى مەن دېمىگەن گەپنىمۇ مېنى دېدى دەپ چاقىدىغانلار كۆپ.

● ئاۋازىمنى چىقىرىپ يىغلاشتىن ياكى كۈلۈشتىنمۇ قورقىمەن. چۈنكى، «چوقۇم ئۇنىڭ خۇشلۇقى ياكى دەردى بار» دېگۈچىلەردىن بەكرەك، «ساراڭ، كاللىسىنىڭ سۈيى بار» ۋە ياكى «مەدەنىيەتسىز» دەيدىغانلار كۆپ.

▲ گاھىدا ئەسەر يېزىشتىنمۇ ئەنسىرەيمەن، چۈنكى «بىزنىڭ مەنىۋى يۈكسىلىشىمىز ئۈچۈن تەر ئاققۇزۇپتۇ» دەپ مەمنۇن بولغۇچىلاردىن، «زادى قايسى پەردە كەتكۈزۈپ قويغاندۇ؟» دەپ تىرناق ئاستىدىن كىر ئىزدەيدىغانلار كۆپ.

### قىزىق

▲ سەممىيلىك ھەققىدە ۋەزخانلىق قىلىۋېتىپمۇ، يالغانچىلىق قىلىۋاتقىنىمىز قىزىق.

▲ قېرىغاندا ياشلارغا ئۈلگە بولماقتا يوق، ھەركەت ۋە پەردازدا ئۆزىمىزنى ياش چاغلىغىنىمىز قىزىق.

▲ خەلق بىلگۈدەك ۋە ياقتۇرغىدەك بىرەر پارچە ئەسىرىمىز يوق تۇرۇقلۇق، ئۆزىمىزنى ئەدىب ئاتىۋالغىنىمىز قىزىق.

▲ پۇقراغا سۆيۈرگە چاغلىق نەپ يەتكۈزەلمەي تۇرۇپ، «خەلق ئۈچۈن» دەپ مەيدىمىزگە ئۇرغىنىمىز قىزىق.

▲ بىر پىلەكنىڭ خەمكى تۇرۇپ، ئورتاق تەقدىر ئالدىدا ھەمدەم ـ ئىناقلىقتا ياشىماقتا يوق، بىر ـ بىرىمىزگە قىر كۆرستىشىمىز قىزىق.

▲ قورساقتا ئۇماچىنىڭ تايىنى يوق تۇرۇپ، بىلىم ئىگىلىرى ھەققىدە «باھاچىلىق» قىلغىنىمىز قىزىق.

▲ «ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشسە تېگىدە يېتىپ مانتا يەپتۇ» دېگەندەك، ئەلنىڭ تەقدىرىگە ئورتاق بولماقتا يوق، ئۆز كۆمچىمىزنىڭ غېمىدە قالغىنىمىز قىزىق.

▲ جاھان ئەھلى رىزىق ـ نېسىۋىسىنى غايە ـ ئېتىقادى ۋە ئىرادە ـ كۆرەشلىرىگە تايىنىپ تېپىۋاتسا، بىزنىڭ يەنىلا

«بەرسەڭ يەيمەن، ئۇرساڭ ئۆلىمەن» دەپ، دۇمبىمىزنى ئاپتاپقا تۇتۇپ تاما بىلەن ياشىغىنىمىز قىزىق.

▲ ئاتا-ئانىمىزنىڭ يورۇق دۇنياغا ئېلىپ كېلىپ، پەپىلەپ بېقىپ چوڭ قىلغىنىغا ئاپىرىن ئېيتىپ ۋاپادارلىق كۆرسەتمەكتە يوق، باللىق بولغانلىقىمىزنى يېلىكىدىن سۈمۈرۈپ ئىچىپ مەيدە مۇشتلىغىنىمىز قىزىق.

▲ غەيرەت-ئىرادىسى ۋە ئەقىل-پاراستىگە تايىنىپ ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقانلارنى قوللىماق ۋە دورىماقتا يوق، پۇتلاپ-غاجاپ، نېمىشقا بىز بىلەن تەڭ بولماي ئېشىۋالىدۇ، دەپ ھەسەت قىلغىنىمىز قىزىق.

▲ پۇتىمىز گۆرگە ساڭگىلاۋاتقاندىمۇ ئەتراپىمىزدىكىلەرگە ئىنسانىي بۇرچ ھەققىدە ئۆكۈنۈپ بولسىمۇ بىرەر ئېغىز ھىدايەتلىك زۇۋاندا بولماي، يەنە مال-دۇنيا ھەققىدە ئەزۋەيلىگىنىمىز قىزىق.

▲ باشقىلار ئۈزۈن چېچىمىز، كىيىم-كېچەكلىرىمىزگە ھەۋەس قىلىۋاتسا، سەھنىدىن باشقا يەردە ئۇنىڭدىن تېنىۋاتقىنىمىز قىزىق.

▲ باشقىلار بىلىم كويىدا يۈرسە، بىزنىڭ كىيىم كويىدا يۈرگىنىمىز قىزىق.

▲ «نېمىشقا ئۇخلاۋېرىمىز!» دەپ قويۇپ، يەنە خورەككە چۈشكىنىمىز قىزىق.

▲ «ئىنسان روھىنىڭ ئىنژېنېرى» تۇرۇپ، ئۆز روھىمىزدىكى باياۋاندىن قۇتۇلالماي يۈرگىنىمىز قىزىق.

▲ خەلق ئۈچۈن ھاكىمىيەت يۈرگۈزگۈچى، خەلقنىڭ چاكىرى ۋە غەمخانىسى تۇرۇپ، خەلق ئۈچۈن بىرەر سەمەرىلىك ئىش قىلىپ بېرىش ئۇياقتا تۇرسۇن، يانچۇقىمىزنى قانداق قىلىپ تومۇ ۋە يوغان قىلىشنىڭ كويىدا يۈرگىنىمىز قىزىق.

▲ ھەر دائىم مۇھىت ئىچىدە ياشاپ تۇرۇقلۇق، مۇھىتنى ئاسراش ھۆكۈمەتنىڭ ئىشى دەپ، پەرۋايىمىزغا ئالماي ياشىغىنىمىز قىزىق.

▲ ياشىيالايدىغان، يەنە كېلىپ مەڭگۈلۈك ياشىيالايدىغان پۇرسەت قولىمىزدا تۇرۇقلۇق، ھەر كۈنى ئۆلۈۋاتقىنىمىز قىزىق.

## رېئاللىقتا قاراپ ئۆزگىرىش

▲ جىنايەتچىلەرنىڭ پەيلى قانۇننىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا قاراپ ئۆزگىرىدۇ.

▲ پارىخورلارنىڭ پەيلى جازالاشنىڭ ھاۋارايىغا قاراپ ئۆزگىرىدۇ.

▲ ئوقۇغۇچىلارنىڭ پەيلى ئوقۇتقۇچىنىڭ سۈپەت-ساپاسىغا قاراپ ئۆزگىرىدۇ.

▲ پۇقرالارنىڭ پەيلى ئەمەلدارلارنىڭ خەلق ئۈچۈن ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئەمەلىيىتىگە قاراپ ئۆزگىرىدۇ.

▲ رىقابەتچىلەرنىڭ پەيلى دەۋرنىڭ ئېھتىياجىغا قاراپ ئۆزگىرىدۇ.

▲ ساختا مەھسۇلاتلارنىڭ پەيلى زەربە بېرىشنىڭ سالمىقىغا قاراپ ئۆزگىرىدۇ.

▲ ئادەملەرنىڭ پەيلى دەۋرنىڭ تەشەببۇسىغا قاراپ ئۆزگىرىدۇ.

▲ پۇلنىڭ پەيلى بازارنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ئۆزگىرىدۇ.

▲ ئەمەلدارنىڭ پەيلى يۇقىرىنىڭ ئىنكاسىغا قاراپ ئۆزگىرىدۇ.

▲ ئىلىم ئىگىلىرىنىڭ پەيلى قەدىرلىنىشكە قاراپ ئۆزگىرىدۇ.

▲ ساھىبخانىنىڭ پەيلى مېھماننىڭ ئەدەپ-ئىنسابىغا قاراپ ئۆزگىرىدۇ.

▲ چاشقاننىڭ پەيلى مۈشۈكنىڭ كۈچلۈك-ئاجىزلىقىغا قاراپ ئۆزگىرىدۇ.

▲ قىينچىلىقلىرىمىزنىڭ پەيلى كۈچ ۋە ئىرادىمىزگە قاراپ ئۆزگىرىدۇ.

▲ تەقدىرىمىزنىڭ پەيلى تەدبىرىمىزگە قاراپ ئۆزگىرىدۇ.

▲ كەلگۈسىمىزنىڭ پەيلى بۈگۈنىمىزگە قاراپ ئۆزگىرىدۇ.

▲ يەرنىڭ پەيلى دېھقاننىڭ ئەجرىگە قاراپ ئۆزگىرىدۇ.

▲ كېسەلنىڭ پەيلى ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش كۈچىمىزگە قاراپ ئۆزگىرىدۇ.

ـــ ئابدۇرېھىمجان يۈسۈپ

ئاپتور: ئاقسۇ شەھەر ئايكۆل بازارلىق ئوتتۇرا مەكتەپتىن

www.uyghurkitap.com



ئابدۇراخمان ئەزىز ئوغلى

# موماي ۋە ئوغۇل

(ھېكايە)

موماي ھەر كۈنى ئاپتاپسىندىغان كۆتەكنىڭ يېنىغا كېلىپ ھاسىسى بىلەن يەر تايىنىپ تۇرۇپ ئاستاغىنە دوڭغايدى - دە، كۆتەككە كاسىسىنى قويدى. ئاندىن تىنىمسىز گىلدىڭشىپ تۇرغان بېشىنى جىم تۇتۇشقا تىرىشىپ ئەتراپىغا قارىدى. نېردراقتا قىپيالىڭاچ بولۇشۇپ چۇرقىراشقىنىچە ئۆستەڭدىكى سۇغا چۆمۈلۈشۈپ غەمسىز ئوينىشىۋاتقان بالىلارغا زوقمەنلىك بىلەن ئۇزاقتىن - ئۇزاق قاراپ كەتتى. جىم تۇرمايىۋاتقان بېشىنى ئاستاغىنە بۇراپ پېتىشقا ئاز قالغان كۈنگە قارىدى. كەچكى شەپەقتە بىر پارچە چوغدەك بولۇپ يېلىنجاپ تۇرغان قۇياش ئۇنىڭ ياشاڭغىراپ چاپاق بېسىپ كەتكەن كۆزىنى چاقنىتىپ تىك قارىغىلى قويمىدى. ئۇ تېخىمۇ تاراملاپ ياش ئاققىلى تۇرغان كۆزلىرىنى كۈچلۈك قىزىلچىلىقتىن قاچۇرۇپ ئالدى تەرەپكە قارىدى.

موماي ئۇرۇقلۇقتىن تارشىدەك بىر تېرە، بىر سۆڭەك بولۇپ قېتىپ كەتكەن قولىنىڭ دۈمبىسى بىلەن كۆزىدىكى ياشنى سۈرتتى. بېشى بولسا تېخىچە گىلدىڭشىپ تۇراتتى. ئۇ ئالدىغا يېقىن كېلىپ ئۆزىگە تىكىلىپ قاراپ قالغان ئالتە - يەتتە ياشلاردىكى يۇملاق يۈز، ئوماققىنە قىزنى كۆردى.

— قايسىڭلا؟ — دېدى موماي ئاجىزلاشقىنىدىن قىزنى تونۇيالمىغان نۇرسىز كۆزلىرىنى چىمىلداتقىنىچە ئالقىنىنى سايىۋەن قىلىپ تۇرۇپ قىزغا سەڭگىرىپ قاراپ. قىز سەبىي، تاتلىق ئاۋازدا:

— مەن ئايسىمە. موما، ئاپام ماۋۇ ئاشنى سىلىگە ئەپچىقىپ بەرگىن دېگەنىدى، — دېدى.

## ئەدەبىيات گۈلزارى

موماي ئورنىدىن قوزغىلىپ ئاستاغىنە ئۆرە بولدى.

— ۋاي ئالتۇن بالام، تاتلىق بالام! ئۆيۈڭلاردا بىر مۇنچە ئادەم تۇرسا ئاپاڭ مەن قېرىغا ئاش چىقارتىپ يۈرمىسىمۇ بولاتتىغۇ، چۆچۈرە ئوخشىمامدۇ؟ ئاپاڭ پىنىنە سېلىپ چۆچۈرە ئەتسە ئۆلگەن ئۆلۈك قوپۇپ ئىچىۋالغىدەك ئوخشىتىدۇ جۇمۇ! بالام ئاشنى ھويلىغا ئەكىرىپ بەرگىنە، ھويلىدا ئولتۇرۇپ ئىچەي.

— ماقۇل موما.

قىز ئادەمنىڭ بېشى تاقىشىپ قالغۇدەك پاكار دەرۋازىنىڭ بوسۇغىسىدىن ئاۋايلاپ كىرىپ ئاشنى ھويلىنىڭ سۇپىسىدا قويدى - دە، كەينىگە بۇرۇلدى.

— موما مەن چىقاي.

— بالام، بىردەم ئويناپ چىقمامسەن؟

قىز ئويناقشىغانچە چىقىپ كەتتى. موماي ھويلىنىڭ پاكارغىنە تېمىغا قېقىپ قويۇلغان قوزۇققا ئېسىقلىق خالتىدىن قىزىرىپ پارقىراپ كەتكەن ياغاچ قوشۇقنى ئېلىپ ئۆرىكتىكى سۇ بىلەن بىر قانچە قېتىم چايقىۋەتكەندىن كېيىن قوشۇقتىكى سۇيۇقنى قولتۇقىغا سۈرتۈپ ئاندىن ئاشنى ئىچىشكە باشلىدى.

ئۇ مۇشۇ مەھەللىدىكى يالغۇز جان موماي بولۇپ، بىر قانچە قېتىم ئۆيلەنسىمۇ قولىدا خوتۇن تۇرمىغان بىر ئۆگەي ئوغلىدىن باشقا قىز بالىسى بولمىغانلىقتىن، ئىككى يېنىدىكى قوشنا - ھەقەمسايىلار ئاش - تاماق ئەتسە مومايغا تاماق سۇنۇپ بېرىپ ھالىدىن خەۋەر ئالاتتى. مومايمۇ ئۆزى يېمەي يىغقان جىگدە - قاق، خورما، ئېرىنمەي ئولتۇرۇپ بىر تال - بىر تالدىن يىغقان مېغىز، تاتلىق - تۈرۈملىرىنى قوشنىلارنىڭ بالىلىرىغا بېرىپ ئامراقلىق قىلاتتى. بۇ ئەتراپتىكى كىچىك بالىلارنىڭ

ھەممىسى مومايغا ئامراق ئىدى. چوڭلارنىڭ ھەممىسى مومايىنى «ئانىكا، موما» دەپ ھۆرمەتلەپ، باللاردىن تاماق چىقارتىپ، «موما دەڭلار» دەپ ئۆگىتىپ كەلگىنى ئۈچۈنمىكىن، ھەممە باللار مومايىنى ئالاھىدە چوڭ بىلىشەتتى. مومايىنى كۆرسە ئويناۋاتقان يېرىدىن يۈگۈرۈپ قوپۇشۇپ:

— موما! — دەپ توۋلاپ قوياتتى. مومايمۇ مەستلىكى كېلىپ:

— ئۇۋ، — دەپ كۈلۈپ قويسا باللار خۇش بولۇپ قىن-قىنىغا پاتماي قالاتتى. ئادەتتە مومايىنىڭ سىرتى كىرلىشىپ پارقىراپ كەتكەن يانچۇقىدىن تاتلىق-تۈرۈم ئۈزۈلمەيتتى. يولدا كىچىك باللار ئۇچراپ قالسا يانچۇقىغا قول سالسىلا بۇ يانچۇقتىن خۇددى چۆچەكلەردىكى سېھىرلىك خالتىدەك ھەرقاچان بىر نەرسە چىققىنى چىققاندى.

موماي يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ ئاشنى ئىچىپ بولدى. قىزىق چۆچۈرە ئۇنىڭ ماڭلاي-چېكىسىنى پۇرۇردە تەرلەتكەنىدى. موماي چىنىنىڭ ئىچىنى كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن قىرىپ بارمىقىنى پاك-پاكىز يالىۋەتكەندىن كېيىن چىنىنى قويۇپ ئالقانلىرىنى كۆتۈرۈپ ئۇزاقتىن ئۇزاق پىچىرلاپ دۇئا قىلدى. ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ چىنىنى يۇيۇۋېتىش ئۈچۈن دوڭغاقلاپ مېڭىپ بېرىپ ئۆرىقىنى قولىغا ئالدى، ئۆرىقتا سۇ قالمىغانىدى. موماي ئاستاغىنە مېڭىپ دەرۋازىدىن چىقتى. ئىشىك ئالدىدا توختاپ ئۆستەڭ بويىدىكى ۋاراڭ-چۇرۇڭغا قۇلاق سالدى. ئۇنىڭ كۆزى قېرىپ يىراقتىكى باللارنى تونۇيالمىغان بىلەن قۇلىقى بەك سەزگۈر ئىدى. شۇڭا سەللا دىققەت قىلسا باللارنىڭ ئاۋازىدىن كىملىكىنى بىلىۋالالايتتى.

موماي ھەدەپ ۋارقىراپ باللارنىڭ ئويۇنىغا قوماندانلىق قىلىۋاتقان بىر بالىنى چاقىردى.

— رۇستەم، هاي رۇستەم...

ھېلىقى بالا قىپيالىڭاچ پېتى تېزلا يۈگۈرۈپ كەلدى. موماي ئۇنىڭ سۇ تامچىلاپ تۇرغان دومبىسىنى مېھرى بىلەن سىلاپ تۇرۇپ:

— كۈنىنىڭ كەچلەپ كەتكىنىنى بىلمەمسەن؟ قارا بەزگەك تەگكەندەك تىترەپ كەتكىنىڭنى، بولدى قىلىڭلار ئەمدى، ئاناڭلار ئەنسىرەپ يولۇڭلارغا قاراپ كەتتىغۇ بۇ چاغقىچە... — دېدى.

— موما، ئۆرىقىلىرىغا سۇ ئېلىپ بېرەمدىم؟ — دېدى بالا ھوشيارلىق چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىنى مومايىنىڭ قولىدىكى ئۆرىقىغا تىكىپ.

— ماقۇل ئالتۇن بالام، ئاندىن كېيىن تېز ئۆيۈڭلارغا قايتىڭلار.

— يەس! — دېدى بالا كىنولاردىكى ئاۋازنى دوراپ، ئاندىن ئويناقشىغانچە ئۆستەڭگە قاراپ يۈگۈرۈپ باللارغا بۇيرۇق چۈشۈردى.

— ھەممىڭلار چىقىڭلار! تېز! مومامغا سۇ ئالىمەن. ھەي ئەيسا پاقپاق، چىقە ماياققا سۇنى بۇلغىماي...

رۇستەمنىڭ بىرلا بۇيرۇقى بىلەن باللار قاشقا يامىشىشتى. رۇستەم سۇنىڭ ئېقىنىنى بىردەم كۆزىتىپ تۇرۇۋەتكەندىن كېيىن ئاندىن ئۆرىقتا لىپمۇلىق سۇ تولدۇرۇپ مومايىنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— رەھمەت ئالتۇن بالام، خۇدايىم تىلىگىنىڭنى بەرسۇن ئىلاھىم. ئەمدى ئويۇنىماي كىرىپ كېتىڭلار ـ ھە؟

— بىز كۆپلىرىنى توشقۇزۇۋېتەيلى موما، ئەيسا پاقپاق، بادىرا ئەكىلە...

باللارنىڭ ئارىسىدىكى سېرىق چاچ بالا قەيەردىندۇر بىر تال پۇتاقلىق ياغاچنى كۆتۈرۈپ كەلدى. باللار بىر-بىرىدىن تالىشىپ دېگۈدەك چېلەكنىڭ بېغىنى بادىرىغا ئۆتكۈزۈپ سۇ توشۇشقا باشلىدى.

موماي ھويلىنىڭ سۇپىسىغا سېلىنغان جايىنامازغا يۈكۈنگىنىچە شام نامىزىنى ئوقۇشقا باشلىدى. ناماز ئوقۇغاندا سېلىۋالىدىغان ئاق ياغلىقى ئۇنىڭ ئايەت ئوقۇغاندىكى يېنىك تەۋرىنىشىگە جور بولۇپ يەلپۈنەتتى. جايىنامازغا يېيىلغان كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكى ئاستىدىن يېرىلغان گۆشسىز تاپانلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

موماي ئارقىسىدىن بىر نېمىنىڭ تاراقلىغان ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك بولۇپ دىققىتى چېچىلدىيۇ، زېھنىنى نامازغا قايتا يىغدى. ناماز تۈگەپ دۇرۇت-سانالاردىن تارتىپ ئەستايىدىل ئوقۇۋالغاندىن كېيىن ئاندىن دۇئاغا قول كۆتۈردى.

موماي دۇئاسىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ جايىنامازدىن چۈشكەندىن كېيىن ھويلىنىڭ بىر چېتىدە پىلدىرلاپ كۆرۈنگەن قىزىل چېكىتنى كۆرۈپ ئالدىراپ سۇپىدىن چۈشتى.

— ئالىممۇ سەن بالام؟ كەلدىڭمۇ؟

— ئاش ئەتمىدىڭمۇ؟ — سورىدى ئوغلى جاۋاب ئورنىغا قوپال تەلەپپۇزدا.

— بايام قوشنىلار تاماق چىقارتىپتىكەن بالام، سەن ئىككى كۈندىن بېرى ئۆيگە كەلمىگەندىن كېيىن يالغۇز جېنىمغا

تاماق قىلالمىدىم.

— مېنى ئۆلدى دېگەنمىدىڭ؟!— ھۆرپەيدى ئوغۇل قولىدىكى تاماكا قالدۇقىنى نېرى چۆرۈگەنىچە.

— زاۋالدا ئۇنداق سەت گەپ قىلمايدىغان بالام، يامان بولىدۇ. بىر دەم ئولتۇرۇپ تۇرساڭ مانا ھازىرلا تاماق ئېتەي.

مومايى ئۆزىگە - ئۆزى گەپ قىلىپ گەدىنگىشىغانچە دوگ- غاقلاپ يۈرۈپ بىر يەرلەردىن ئوتۇن سىيپىلاشتۇرۇپ ئوچاققا ئوت ياقتى. قازاننى ئېسىپ بايىقى ئۇرىقتىكى سۇنى قازانغا قۇيدى. ئاندىن تامدىكى قوزۇققا ئېسىپ قويۇلغان ئاشتاختىنى ئېلىپ سۇپىرا ئۈستىگە قويدى، بۇرۇنلا يۇغۇرۇپ سولياۋ خال- تىغا يۆگەپ قويغان تەييار خېمىرنى ئاشتاختىغا قويۇپ جانسىز قوللىرى بىلەن ئەيلەپ يېيىشقا باشلىدى. ئۇزاق يىل ئىشلىتىپ قەدىناس بولۇپ كەتكەن نوغۇچى بۇگۈن خۇددى موماينى تو- نۇمىغاندەك ئۇنىڭ ئەركىگە باقماي تاراقشىيتتى. خېمىرنى قانچە باسقانسېرى مومايىنىڭ ئورۇقنە ئاجىز پۈتلىرى خۇددى پاكار سۇپىغىمۇ يەتمەيۋاتقاندەك ئارقىغا داجىپ موماينى سەندى- رەكلىتەتتى. ھەركەتلىرى قولاشماي، خۇددى يېڭىدىن ئايىغى چىققان كىچىك بالىدەك مىدىرلايتتى.

مومايى كەتمەن بىلەن يەر تومارغاندىنمۇ بەتتەر جەبىر - جاپا بىلەن ئاخىر بىر قازان ئاشنى پىشۇرۇپ ئوتنى توختاتقان- دىن كېيىن سۇپىدا يانفوننى ئويناپ ئولتۇرغان ئوغلىغا ئىلتىجا قىلدى.

— ئالىم، قازاننى چۈشۈرۈپ بەرسەڭ بوپتىكەن بالام.

— پادىشاھنىڭ ئېتىنى مىندۈرىدىغان غالچىسى ئايرىم، ئاتنى سۇغىرىدىغان غالچىسى ئايرىم بولارمىش دېگەن راستمۇ نېمە؟ ئىككى تاۋاق ئاشقۇ ناھايىتى ئۇ؟

ئوغۇل كوتۇلدىغىنىچە قازاننى ئوچاقتىن ئېلىپ تۇۋۇلىككە دوققىدە قويدى. مومايى ئوغلىنىڭ قىلىقلىرىغا كۆنۈك بولغاچقا بۇنىڭدىن ئانچە ئاغرىنىپ كەتمىدى. ئەكسىچە ئۇنى ئەركىلەت- كەندەك قىلىپ:

— قېرىغاندا ئادەم شۇنداق بولۇپ قالىدىكەن بالام. مەن سېنى ھەر ۋاق نامىزىمدا ئۆمرى ئۇزاق بولسۇن، كۈچ - قۇۋۋەتتىن كەتمىسۇن دەپ دۇئا قىلىمەن ....— دېدى.

— تايىنلىق، ماشىنىنىڭ تېگىدە قېلىپ ئۆلسۇن دەپ قار- غاۋاتقانسەن!!

مومايىنىڭ يۈرىكى پىچاق بىلەن تىلغاندەك ئېچىشىپ كەتتى!

— ھاي بالام، نەدىمۇ ئانىسى بالىسىنى قارغايدۇ؟ ئۇنداق گەپ قىلمايدىغان، يامان بولىدۇ!

مومايى ئالىمنىڭ كېيىنكى گېپىدىن قاتتىق كۆڭلى ئاغرىپ غىققىدە بولۇپ قالدى، رەھمەتلىك ئېرىنىڭ قولىدىن توي كۈنى ئاخشام تۇنجى قېتىم قولىغا ئېلىپ ئەركىلەتكەندىن باشلاپ، تا مۇشۇ كۈنگىچە بىرەر قېتىممۇ ئۆزىنىڭ ئۆگەي ئانىلىقىنى بىلدۈ- رۈپ قالىدىغان كىچىككىنە سۆز - ھەركەتلىرىنىڭ بولۇپ قېلى- شىدىن ئۆزىنى ئاياپ ئاۋايلاپ كېلىۋاتقان مومايى، ھەتتا ئالىم- نىڭ ئۆگەي ئوغلى ئىكەنلىكىنىمۇ ئۇنتۇپ قالغان ئىدىكى، ئۇنى جېنىدىنمۇ ئەزىز كۆرەتتى. تاپقىنىنى ساقلاپ ئۇنىڭغا يېگۈزەت- تى، كىيگۈزەتتى. شۇنداقتىمۇ ئوغلىنىڭ پات - پات يادىغا سېلىپ قويۇشى بىلەن ئۆزىنىڭ ئۆگەي ئانا ئىكەنلىكىنى قايتا ھېس قىلىپ يۈرىكى پۇچۇلىناتتى. ياپياشلا رەھمەتلىك بولۇپ كەتكەن ئېرىنىڭ ۋاپاتىغا چىدىمىغان ئانا پۈتۈن سۆيگۈ - مېھرى- نى ئېرىدىن يالداما بولۇپ قالغان مۇشۇ ئۆگەي ئوغۇلنى ياخشى تەربىيەلەشكە سەرپ قىلىش ئارقىلىق ئىپادىلىمەكچى بولغاندەك، نېمە تاپسا ئوغۇلغا بېرىپ ئۆزىنىڭ ئۆگەي ئانىلىقى- نى چاندۇرماي كەلدى. تالا - تۈزدىمۇ خەقلەر ئۇنىڭ بۇ مېھرى- ۋانلىقىدىن سۆيۈنۈشۈپ «ئالىمنىڭ ئۆز ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەن بولسىمۇ، خۇدا قارىغۇنى ھاسسىدىن ئايرىمىغاندەك ئۇنىڭغا پەرىشتىدەك ياخشى ئانىدىن بىرنى ئاتا قىلدى...» دەپ تەرىپ- لىشەتتى. ئېرى قاتتىق ئاغرىپ يورۇق دۇنيادىن ۋاقىتسىز كۆز يۇمغاندىن كېيىن، ئانا خەقلەر تەرىپلەشكەندىن ئارتۇق چوڭقۇر مېھىر - سۆيگۈسىنى ئېرىدىن تەۋەررۈك قالغان بۇ بالىسىغا بې- غىشلاپ، «ئاتا مېھرىگە قانالمىدى» دەپ ھەر ۋاقىت ئوغلىنىڭ كۆزىگە قاراپ چوڭ قىلدى.

ھەددىدىن زىيادە كۆزىگە قارىغانلىقتىنمۇ، بالا ناھايىتى ئەركە چوڭ بولغانىدى. ئەركىلىكى مەيلىغۇ، ئەمما چوڭ بولۇ- پلا باشقىلاردىن ئانىسىنىڭ ئۆز ئانىسى ئەمەسلىكىنى بىلىپ خۇي چىقىرىۋالدى. ھە دېسە تېگى بار گەپ - سۆزلەر بىلەن ئۆ- زىنىڭ ئۆگەي بالا ئىكەنلىكىنى، ئانىسىنىڭ ئۆگەي ئانا ئىكەنلى- كىنى دارىتمىلاپ دەككىسىنى بەرسىمۇ، ئانا بۇنىڭدىن قاتتىق ئازابلانسىمۇ ئوغلىنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ جىم بولۇۋالاتتى. ئوغلى- نىڭ كۆڭلى خۇش بولىدىغانلا ئىش بولسا، ياخشى كۆرۈشۈپ ئەر - خوتۇن بولۇپ ھەر ۋاقىت تېخى بىر - بىرسىنىڭ سۆيگۈ - ۋىسالىغا قانغۇدەك بولۇشماستىنلا ياش كەتكەن رەھمەتلىك ئې- رىنىڭ روھى خاتىرجەم بولىدىغانلا ئىش بولسا، ئوغلى نېمە قىل

دېسە شۇنى قىلىشقا رازى ئىدى، شۇڭا بىر ئۆمۈر ئېرىنىڭ روھىغا سادىق بولۇپ، ئۆگەي ئانا بولسىمۇ ئۆز ئانىدەك بولۇپ، ئەرگىمۇ تەگمەي بالام- بالام دەپ ئالتۇندەك چوكانلىق دەۋرىنى قېرىتىپ ئۆتۈپ، مۇشۇ ياشقا كەلگەندىمۇ، يەنە تېخى بايىقىدەك زەھەردىن ئاچچىق گەپلەرنى ئاڭلاپ كېلىۋاتىدۇ...

— بالام، نەچچە كۈندىن بېرى نەگە باردىڭ؟ — سورىدى موماي ئوغلى ئېشىنى ئىچىپ بىكار بولغاندىن كېيىن.

— ساقچىنىڭ سورىقىدىن تېخى بايىلا قۇتۇلۇپ كەلسەم يەنە نېمە كوت- كوت!

— يەنە ئەرزەنگە كىرىپ قالدىڭما بالام؟

مومايىنىڭ يۈرىكى ئېغىپ كەتتى. ئوغلى پات- پاتلا تەڭتۇشلىرى بىلەن جېدەللىشىپ قېلىپ ئەرزەنگە كىرىپ قالسا مانا مۇشۇنداق زەھەر- نەشتەر بولۇپ كېتەتتى. ئۆيدىن چىقىپ كېتىپ بىر- ئىككى كۈن كەلمەيلا قالسا مومايىنىڭ يۈرىكى سۇ، يەنە بىرسى بىلەن بىر نېمە دېيىشىپ ئەرزەنگە كىرىپ قالغانمىدۇ دەپ.

— ھە! — دېدى ئالىم قوپال ئاھاڭدا.

— ۋاي بالام، يەنە كىم بىلەن بىر نېمە دېيىشىپ قالدىڭ؟ ئاداشلىرىڭ بىلەن چىقىشىپ ئۆتسەڭ بولمامدۇ.

— سەن بولساڭمۇ دېمىگىنە! يېتىم دەپ بوزەك قىلسا بولامتى ئەمسە!

— كىم شۇ بوزەك قىلغان؟

— ئىسمائىل خۇنەنجى.

— ئىسمائىل خۇنەنجى دېگىنىڭ ئەتىدىن كەچكىچە بىر خورازنى قولتۇقىغا قىستۇرۇۋېلىپ ھېلى ئۇ مەھەللىدە، ھېلى بۇ مەھەللىدە قىمار ئويناپ يۈرىدىغان ھېلىقى قىمارۋاز بالا شۇدۇ؟

— ھە، — قوپاللا جاۋاب بەردى ئوغلى.

— ئۇ خوراز سوقۇشتۇرىدىغان قىمارۋازلارنىڭ قېشىدا ساڭا نېمە بار بالام؟ سەن ئۇ بالىغا ئوخشىمايسەن. سەن دېگەن ياخشى ئەرنىڭ تۇيىقى. ئۇنداق قىمار سورۇنلىرىغا بارمىغىن مەن خۇش بولاي! نامىزىمدا دۇئا قىلاي جېنىم بالام...

— كىم دەيدۇ قىمار سورۇنى دەپ؟ — چەكچەيدى ئالىم.

— ئەمسە خەق بىلەن نېمىشقا سوقۇشتۇڭ؟

— ئىسمائىل خۇنەنجى توخۇسى قاچقىلى تۇرغاندا ياشلايمىز دەپ قولىغا ئېلىۋالدى. توخۇيۇڭ قاچقىلىۋاتىدۇ دېسەم ئۇنىماي چىدىماسلىق قىلدى.

— جېنىم بالام...! — ئاۋازلىرى تىترەپ كەتتى مومايىنىڭ، — قىمار ئوينىمىدىم دەيسەن، مانا ئويناپسەنغۇ؟ ئېيتە قايسى قىمار سورۇنىدا ئوينىدىڭ؟!

— مەن قىمار ئوينىمىدىم دېدىمغۇ؟! ئۇ دېگەن قىمار سورۇنى ئەمەس.

— توخۇ سوقۇشتۇرىدىغان جاي قىمار سورۇنى بولماي نەكەن؟

— ئۇ دېگەن تىۋى، قانۇنلۇق جاي.

موماي ھەيران بولدى.

— تىۋى؟ ئۇ قانداق جاي؟ توخۇ سوقۇشتۇرۇپ قىمار ئوينىسا ھۆكۈمەتنىڭ كارى يوق جايما؟

— ئۇ دېگەن مەخسۇس تەنتەربىيە سورۇنى.

— نېمە سورۇنى بولسا بولسۇن ئالتۇن بالام، جېدەل- ماجىرا، قىمارۋازلار بار جاي زادى ياخشى يەر ئەمەس! سەن ئۇنداق يەرگە بارما، يامان ئادەملەر بىلەن ئارىلىشىپ قالسەن، يامان ئاتاققا قالسەن؛ كىيىمنىڭ قارىسىنى يۇيۇپ چىقارغىلى بولغان بىلەن ئادەمنىڭ قارىسىنى يۇيۇپ چىقارغىلى بولمايدۇ. سەن دېگەن ئېسىل ئادەملەرنىڭ پەرزەنتىسەن. ئۇنداق جايلاردا يۈرۈپ يامان ئاتاققا قالساڭ كېيىنلىكىڭگە ياخشى بولمايدۇ جېنىم بالام، مۇشۇنداق ئويۇن قېپىلىقىڭدىنمۇ ئۈچ قېتىم خوتۇن ئېلىپ بىرسىمۇ ئۆيدە تۇرماي كېتىپ قالدى؛ ئوغۇل بالىغا بۇنداق سەرسانلىق ياراشمايدۇ. ئەمدى ئاستا ئۆزۈڭنى توختىتىپ بىر ئۆينى بېشىڭغا كىيىدىغان ۋاقتىڭ كەلگەن جېنىم ئالتۇن بالام. يا قېرىغاندا ئارقاڭدىن ئەگىشىپلا يۈرۈشكە ماغدۇرۇم يەتمەيدىكەن مېنىڭ، رەھمەتلىك داداڭ بولسىغۇ...

موماي يىغلامسىراپ تۇرۇپ بىر مۇنچە نەسىھەت قىلدى. يەنە نەچچىلىك قىلماقچىكىنتاڭ، ئەمما ئالىمنىڭ زەردىلىك گەپلىرى ئۇنىڭ گېپىنىڭ بېلىگە تەپتى.

— بولدى، غوتۇڭشىمىيە ئاچچىقىم كېلىۋاتقاندا...

موماي شوك بولۇپ قالدى، ئالىم مومايىنىڭ شوكلەپ قالغىنىنى كۆرۈپ پەسكويىغا چۈشتى.

— پۇل بارمۇ؟

— ئازراق بار بالام، قانداق قىلىسەن؟

— پۇل دېگەننى قانداق قىلىدۇ؟ — ياندۇرۇپ ھۆرپەيدى ئوغۇل.

— يەنە بايىقى توخۇ سوقۇشتۇرغانلارنىڭ يېنىغا بارمىغىن بالام...

— ۋويجون! ... بولدى بەرمەسەڭ بەرمە!...

ئالىم قىيداپ ئورنىدىن تۇرۇۋېدى، موماي ئىتتىك ئۇنىڭ قولىغا ئېسىلدى.

— نەگە بارىسەن قىيداپ؟ ئۇنچىلىكمۇ نەسىھەت قىلمايمەنمۇ جېنىم بالام؟

— بەرگۈڭ كەلمىسىلا شۇنداق كوتۇلدايسەنغۇ دائىم.

— ئوبدان بالام، ماقۇل كوتۇلدىماي، مانا ئالغىن، ئەمما يامان ئىشلارغا ئىشلەتمە بالام، ھەر بىر قىلغان ئىشىمىزنىڭ ھېسابىنى بېرىدىغان جاھان بۇ...

— ھە.

ئالىم موماي بەرگەن پۇللارنى ئېلىپ تالاغا ماڭدى، موماي جىددىيلىشىپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرگەندەك ئەگەشتى.

— بۇنچە كەچتە يەنە نەگە بارىسەن بالام؟

— تاماكا ئېلىپلا كىرىمەن، نېمانداق ئەگىشىۋالىسەن؟ ئىشىكنى تاقىماي تۇر ھە!

— ماقۇل، چاپسانراق كىرەرسەن بالام، ئەنسىرەپ قالىدىكەنمەن.

ئالىم تالاغا چىقىپ كەتتى، موماي ئىشىكنىڭ يېنىغا ئېسىلغانچە ئوغلىنىڭ كەينىدىن تال-تال بولۇپ قاراپ، مىڭ يىردىن ئېقىپ ئۆكسۈپ تۇرۇپ كەتتى.

ئىشىكنى تاقىماي ئوغلىنىڭ كىرىشىنى ساقلاپ ئولتۇرغان موماي خىيالغا پاتتى. باشقا بالىلارنىڭ ئالدىدا «ئۆگەي ئانىنىڭ بالىسى» دېيىلىپ دىلى سۇنۇپ قالمىسۇن، يەرگە قاراپ بويۇن قىسىپ قالمىسۇن، دەپ يۈرۈپ مۇشۇنداق ئۆگىنىپ قالغان ئوغلى. بولمىسا ئۇنىڭ ئاتىسى ئۇنداق ناچار كىشى ئەمەستى. قىلغان ھەر بىر گېپى تاش باسىدىغان، ئورۇنسىز-مەۋقەسىز گەپ قىلمايدىغان ئېسىل كىشى ئىدى. كەتمەن چېپىشتىن تارتىپ ئورما ئورۇشقىچە شۇنداق توختالغۇسى بار، راۋۇرۇس ئادەم بولۇپ ھەر بىر كەتمەننى ئورۇنلۇق شىلتىيدىغان، خامانىدا ئىشلىسىمۇ ئارىنى بىر تاۋاق ئاش ئىچىم ۋاقىت ئىشلەتمىسە زېرىكمەستىن دەرھال قېلىپقا سېلىپ ئېگىز ئېلىپ قويىدىغان، يىراق جايلارغا ھاشارغا بېرىپ قالسا ھەممە ئادەم بىرەر تاغار بۇغداي سېتىپ پۇل تەييارلىۋېلىپ خۇددى بازارغا ماڭغاندەك ھەيۋە-سۈرەن بىلەن ماڭسا، ئۇ پەقەت يوغان خۇرجۇنغا نانىنى يېتەرلىك ئېلىۋېلىپلا كېتىۋېرەتتى. بىر ئاينىڭ ئالدىدا يېنىدا 100 يۈەن پۇل بولسا، بىر ئايدىن كېيىن قارىسا شۇ پۇل يەنە شۇ پېتى يېنىدا بار بولۇپ چىقاتتى. باشقا تەڭتۇشلىرىدەك نەنەلەرگە سورۇن قوغلىشىپ تاماشا قىلىدىغان ئادەتلەردىن يىراق ئىدى. ئېتىز ئىشلىرىدىن بوشانسىلا ئانىسىدىن كىچىك يېتىم قالغان بالىسىنى ئەركىلىتىپ ئايالىنىڭ يېنىدىن بىر قەدەم نېرى كەتمەيتتى. بايقۇش ئۆزىنىڭ ياش ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىنى يۈرىكى تۇيغانمىكىن، بىر قېتىم ھېيت كەلگەندە ئايالى:

— مەن سىلىگە خوتۇن بولۇپ تۈزۈكرەك كىينگەنلىكلىرىنى كۆرۈپ باقمىدىم. خەقلەر مېنى ئېرىگە بىر نەرسە تۇتقۇزمايدىغان ھازازۇل ئايال ئوخشايدۇ، دەپ قالمىسۇن؛ بازارغا بېرىپ تۈزۈكرەكنە ھېيتلىق كىيىم ئېلىپ كىيىپ كەلسىلە، — دېسە، ئۇ ئۇنىماي:

— پۇل دېگەن تېخى لازىم بولىدۇ، چىرايلىق كىيىنىۋالغان ئادەم ئاغرىپ قالمامدىكەن؟ ئاغرىپ قالغاندا پۇل يوق، دەپ سارغىيىپ يۈرسە تېخىمۇ يامان بولىدۇ، سەن كىي، مەن مۇشۇنداق يۈرۈۋېرىمەن. ئەر كىشىنى بىر كىم مازاق قىلمايدۇ، دەپ تۇرۇۋالغان. ئايالى ئۇنىمىغىنىغا ئۇنىماي زورلاپ يۈرۈپ بازارغا يولغا سالغاندا ئۇ يەنىلا ئۆزىگە بىر نەرسە ئالماي بالىلەن ئايالىغىلا كىيىم-كېچەك ئېلىپ يېنىپ كەلگەنىدى. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي ئاغرىپ قېلىپ ئۆلۈپ كەتكەنىدى.

موماي ئېغىر ئۇھ تارتتى. ئۇ ئېرىنى ئەسلەپ قالغاندا شۇنداق تاتلىق ھېسلارغا چۆمەتتىكى، خۇددى ياش چېغىدا تۇرۇپلا ئۆزىگە ئۆزى كۈلۈپ قوياتتى. ھەرپەسىل ئالماشقان چاغدا، ھېيت-ئايەم كەلگەندە ئۇ ئېرىنىڭ كىيىم-كېچەكلىرىنى بىر-بىردىن رەتلەپ چىقاتتى ۋە پاك-پاكىز يۇيۇپ قۇرۇتاتتى. ئېرى ئىشلەتكەن كەتمەن، ئارا-گۈرجەكلەرنى پاكىز ساقلايتتى، ھەتتا ئېرى كىيگەن ئۆتۈكلەرنىمۇ پات-پات مايلاپ پارقىرىتىۋېتەتتى. بىر قېتىم ئوغلىغا:

— بالام، ماۋۇ ئاتاڭدىن قالغان تەۋەررۈك چاپان ئىدى. كىيىپ باققىنا، يارىشامدىكىن؟ — دېۋىدى، ئوغلى چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ:

— ھازىر بۇنداق چاپاننى كىم كىيىدۇ! بولدى كىيمەيمەن! — دەپ ئۇچىسىغا يېقىن ئەكىلىپمۇ قويمىدى.

ئۆگەي بولسىمۇ رەھمەتلىك ئېرىنىڭ سىماسىنى ئەسلىتىدىغان ئوغلىنىڭ چىرايىغا قاراپ مومىاينىڭ كۆڭلى يېرىم بولىدۇ، بۇنداق چاغلاردا ئۇ ئوغلىنىڭ ئاتىسىدىن قالغان تەۋەررۈك كىيىملەرنى كىيىپ ئاتىسىنىڭ روھىنى خۇشال قىلىشىنى تولىمۇ ئارزۇ قىلىدۇ. تالاغا كىيىپ چىقىپ ئاتىسىغا تېرىسىنى قاپلاپ

www.uyghurkitap.com

قويغاندەك ئوخشايدىغان چىرايى بىلەن ئەل ـ جامائەتنىڭ كۆزىگە بىر كۆرۈنۈشنى ئارزۇ قىلىدۇ. موماي: «ئاتا ئوغلى» دېگەن شۇدە! ئاتىسىنىڭ ئىزىنى ئۆچۈرمەي چىرىغىنى يورۇتۇپ يۈرسە نېمىدېگەن ياخشى. ئاتىسىنىڭ روھى بولسىمۇ ئارام تېپىپ قالىدۇ...

ئەمما بالىنىڭ خىيالى نەدىكىن؟ مومايىنىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشىنىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ھە دېسە مومايغا قىرىچە ـ يېنىچە تېگىپ كۆڭلىگە ئازار بەرگىنى بەرگەن.

موماي خېلىغىچە ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ ئوغلىنى ساقلىدى. ئارىلىقتا تالاغا نەچچە قېتىم چىقىپ كىردى، ئوغلى قايتىپ كىرمىدى. مومايىنىڭ ئۇيقۇسى قاچقان، قېرىغاندا ئۇيقۇ ئازلاپ سەزگۈر بولۇپ كېتەمدۇ قانداق، موماي بىر نەرسە كىچىككىنە تىرىقشىپ قالدىمۇ بولدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ئويغانغانچە تاڭنى ئاتقۇزۇۋېتىدۇكى، قايتا كۆز ئىلىندۇرۇپ قالمايدۇ. ئوغلىنىڭ دەككە ـ دۈككىسىدە بۈگۈنمۇ ئەسلا ئۇيقۇ كېلىدىغاندەك ئەمەس. يەنە يانپاشلاپ، بىرەر ئاۋاز چىقىپ قالغۇدەك بولسا قايتا تۇرۇپ كېتىپ دېگەندەك تولا مىدىرلاپ يۈرۈپ تۈنىنىڭ قايسى چاغ بولۇپ كەتكەنلىكىنىمۇ سەزمىدى. بۈگۈن موماي قوشنىلاردىن ئاياغ مەھەللىدىكى بىرەيلەننىڭ قىزى توغرۇلۇق گەپ ئاڭلىدى. ئۇ بەكمۇ ياۋاش، ئاق كۆڭۈل، ئىشچان چوكان بولغانىكەن. ئېرى يېقىندىلا بىر قاتناش ۋەقەسىدە قازا قىلىپ كېتىپتۇ. شۇ چوكاننى مومايىنىڭ ئوغلىغا سايە قىلىشتى قوشنىلار. مومايمۇ ئۇ چوكاننى بۇرۇن كۆرگەن. شۇنداق چىرايلىق، خۇش پىچىم، قارا تۇغرا، قولى ئەپلىك، مۇڭداشقاق، ئاددىي ـ ساددا، ئوڭلۇق چوكان ئىكەنلىكىگە مەستلىكى كېلىپ بالدۇرراق شۇنى ئوغلىغا ئېلىپ بەرمىگەنلىكىدىن ئۆكۈنۈپ قالغان. ئەمما ئۇ چاغدا ئوغلى دەل ئىككىنچى خوتۇننى ئالغان چاغ ئىدى. مانا، ئەمدىلىكتە ئوغلى ئۈچىنچى خوتۇنىنىمۇ قويۇپ بېرىپ لاغايلاپ يۈرىدۇ. موماي بولسا ئوغلىنىڭ بىرلا خوتۇن بىلەن ئۆمرىنى ئىسسىق قىلىشىنى تىلەپ قىلمىغىنى قالمىغان. ئەمما ئوغلى بىرنى جېدەلخور دېسە، بىرنى مېنى باشقۇرۇپ كۆزۈمگە كىرىۋالدى دەپ يۈرۈپ ھەممىگە خۇي ـ لەقەم قويۇپ ئەمدىلىكتە بويتاقلىقنىڭ كوچىسىدا ئويناپ يۈرىدۇ. مانا بۇ قېتىم ئاشۇ چوكاننى كېلىن قىلىپ ئەكىرىۋالسا مومايىنىڭ پۈتكۈل غېمى تۈگەيتتى. دەردمەننىڭ ھەسرىتىنى دەردمەن بىلەر دەپ، ياپياشلا تۇل قالغان چوكانغا ئىچى ئاغرىغان موماي: «ئۇ چوكان ئوغلۇمنى يارىتارمۇ» دەپ تولا ئويلاپ غەم قىلىپ باشلىرى ئۇماچ بولۇپمۇ كەتتى. ئوغلى كەلسە بۇ ئىش توغرىلىق ياخشىراق بىر سۆزلىشىپ ئوغلىغا نەسىھەت قىلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ ئۇخلىماي ئۆرە ئولتۇردى.

ئاخىر تۈن تېڭىدىن ئاشقان چاغدا ئوغلى غەرق مەست پېتى دەرۋازىنى پۇتى بىلەن تېپىپ ئاچقىنىچە كىرىپ كەلدى. شۇ تۇرقىدا ئۇ مومايىنىڭ ئۆيدە بارلىقىدىن خەۋىرى يوقتەك بىر ئېغىز گەپ قىلماستىن ئۆينىڭ ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە ئۆزىنى تاشلىدى.

— ۋاي ئالتۇن بالام، قانداقمۇ يەردىن تېپىپ ئىچكەنسەن بۇ نىجىسنى؟ قانداق ئادەملەر ئىچۈردى ساڭا؟ پۇف!!! شۇنداقمۇ قاڭسىق بولىدىكەن دېسە... داسقا قۇيۇپ بەرسە ئېشەكمۇ ئىچمەيدۇ بۇ نىجىسنى ... ئېست... ئېست!...

موماي بىر مۇنچە كايىغانچە كېلىپ ئوغلىنى يۆلەشتۈرمەكچى بولدى. ئەمما ئوغۇلنىڭ مەست گەۋدىسى تاشتەك ئېغىرلىشىپ مومايىنىڭ ھېچبىر ھال ـ كۈچى يېتىدىغاندەك ئەمەس. موماي خېلى تىركەشكەن بولسىمۇ ئامال قىلالماي ئاندىن خۇدىنى بىلمەي ياتقان ئوغۇلغا يېلىنىشقا باشلىدى.

— جېنىم بالام، ئالتۇن بالام. ئاۋۇ يەرگە تۆشەك راسلاپ قويدۇم، كىيىمىڭنى سېلىپ تۆشەككە كىرىپ ياتقىن، مۇنداق پومىلىشىپ ياتساڭ ھاردۇقۇڭ چىقمايدۇ، بولە بالام، گەپ ئاڭلا...

ئوغۇل ئۇنىڭ گېپىگە قولاق سالغۇدەك ھالى يوق بارغانسېرى خېمىردەك بوشاپ ئۆزىنى تاشلىۋەتتى، موماي بىر قولىنى ئوغلىنىڭ بوينىغا گىرە سالدۇرۇپ، يەنە بىر قولى بىلەن ئۇنى يۆلىمەكچى بولدى. ئەمما بۇ قېرىلىق جېنىغا پاتقان چاغدا كۈچى يېتىشى مۇمكىنمۇ، شۇڭا بىردەم تىركىشىپ بېقىپ ئاخىر ئېسەدەپ يىغلىۋەتتى.

— جېنىم بالام، مېنى نېمىشقىمۇ قىينايدىغانسەن؟ قېرىغان جېنىمدا ماڭا بۇ نېمە تارتقۇلۇق؟!... ھۇۋۇۋۇ...

موماي يىغلىدى، يىغلىغاندىمۇ ئېسىنى يوقاتقاندەك بولۇپ ئېزىلىپ يىغلىدى. تۇماقتا پاتقىدەك چېغىدىن پەپىلەپ بېقىپ، سىبىرىق پوقىدىن ئايرىپ، ئۆزى تۇغمىسىمۇ ئۆزى تۇغقاندەك كۆرۈپ، ھەتتا بالىنى دەپ قايتا ئەرگە تېگىشنىمۇ رەت قىلىپ سىڭدۈرگەن ئەجىرلىرىگە لايىق بالا بولۇپ چوڭايغان بولسا مومايىنىڭ بېشى كۆككە يەتمەسمىدى، رەھمەتلىك ئاتىسىنىڭ روھى خۇش بولۇپ كەتمەسمىدى!... ئەمما مومايىنىڭ ئويلىغىنى بولۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، بالا ھازىر ھەپتىدىمۇ بىرەر

قېتىم ئۆيىنى تاپىيالمىغان بولۇپ قالدى. قېرىغان موماي بالىغا ئەگىشىپلا يۈرەلىسۇنمۇ؟ گەپ قىلسا «ھۆل تامغا ئېشەك تەپكەندەك» گەپلەرنى قىلىپ زادىلا بوي بەرمەيدۇ. گەپ قىلمىسا بارغانسېرى تاپتىن چىقىپ مومايىنى خاپا قىلىدۇ. شۇ سەۋەبلىك ئۆزىنى خۇددى رەھمەتلىك ئېرىنىڭ ئالدىدا گۇناھكاردەك ھېس قىلىپ بالا دەردىدە بىر قېرىلىق ئىككى بولۇپ مۈكچىيىپلا قالدى. مومايىنىڭ قولىدىن كېلىدىغىنى جاينامازدا ئولتۇرۇپ ئۇزاقتىن- ئۇزاق يىغلاپ دۇئا قىلىپ بالىسىغا ئىنساپ- تەۋپىق تىلەشلا خالاس...

موماي ئۈمىلەپ يۈرۈپ ئوغلىنىڭ كىيىملىرىنى سالدۇردى، ئاندىن كۆچىنىڭ يېتىشىچە ھەرىكەت قىلىپ قايتا يۆتكەپ سالغان تۆشەككە ئوغلىنىڭ كېلەڭسىز گەۋدىسىنى بىر ئاماللار قىلىپ ياتقۇزغان بولدى. يالىڭاچ پۇتلىرىنى يوتقان ئىچىگە رۇسلاپ قويدى. جاۋغايلىرىدىكى قۇسۇق، شالاڭلارنى لۆڭگە بىلەن پاك- پاكىز تازىلاپ چىقتى. قالايمىقان بولۇپ پاخپىيىپ كەتكەن چاچلىرىنى ئورۇق، ئەمما مېھرلىك بارماقلىرى بىلەن سىلاپ رەتلەپ قويدى. ئاندىن قاراڭغۇدا سەزگۈسگە تايىنىپ تىمىسقىلاپ يۈرۈپ مىڭبىر جاپادا تالادىن كىر دېسىنى تېپىپ كىرىپ ئوغلىنىڭ مەستچىلىكتە بۇلغىنىپ قارىغۇسىز بولۇپ كەتكەن كىيىملىرىنى يۇيۇشقا باشلىدى.

موماي كىچىك بالىنىڭكىدەك ئىنچىكە ئورۇق، جانسىز بېلەكلىرى بىلەن ھەرىكەت قىلىپ خېلى جىق بىر ئىشلارنى قىلدى. ۋاقىتنىڭ قايسى چاغ بولغىنىنى بىلەلمەي دېرىزىدىن سىرتقا قارىۋېدى، قېرىلىق ئاني تاپقان ئاجىز بىر جۈپ كۆزى ئۇيقۇسىزلىق قوشۇلۇپ تېخىمۇ بەك ياشاڭغىراپ ھېچ نەرسىنى پەرق ئەتكۈزمىدى. ئاندىن ئۇ كىچىككىنە بولسىمۇ كۆز يۇمۇۋېلىش ئۈچۈن ئوغلىنىڭ يېنىغىلا ھارغان گەۋدىسىنى تاشلاپ يانپاشلىدى.

مومايىنىڭ كۆزلىرى چىڭقىلىپ تۇرسىمۇ ئۇيقۇغا ئىلىنەر ئەمەس. توساتتىن ئۇنىڭ كۆزىگە رەھمەتلىك ئېرى كۆرۈنۈشكە باشلىدى...

ئەنە، ئېرى ئۇنىڭغا قاپىقىنى تۈرۈپ سۆزلەۋاتىدۇ:

— سەن بالىنى نېمىشقا يامان خۇيلۇق قىلىپ چوڭ قىلدىڭ؟ قارا ئۇنىڭ ئەپتىگە... ئېسىت ساڭا ئىشەنگەنلىرىم...

موماي خىيالىي تۇيغۇنىڭ تەسىرىنى راست دەپ قالغاندەك ئەندىكىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى! ئېرى ھايات ۋاقتىدا ئۇنىڭغا غورا يىگەنچىلىك چىراي تۇرۇپ باققان ئەمەس. ۋەھالەنكى...

— ئۇ ئەتىدىن كەچكىچە خوراز سوقۇشتۇرۇپ يۈرسە شۇمۇ قىلىقمۇ؟ سەن تەربىيە قىلماي نېمە قىلسەن؟

موماي ھەيران قالدى، ئۇ بۇ ئىشلارنى قانداق بىلىدىكىنە؟

موماي باشقىلاردىن ئوغلىغا مۇناسىۋەتلىك ھەرقانداق يامان سۆز- سۆپەتلەرنى ئاڭلىسا تۆت پۇتى ئۆرە بولاتتى. بىر كىم ئۇنىڭغا «ئوغۇللىرى سىلىگە ئۆگەي ئىكەن ھە؟» دېگەن بولسا شۇنچىلىك ئاچچىقى كېلەتتىكى، جان ئاچچىقىدا ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالاتتى. ئەگەر بىرسى ئۇنىڭغا: «ئوغۇللىرى تاماكا چېكىدىكەن» دېگەن بولسا ئۇ ئوغلىنىڭ قەتئىي تاماكا چەكمەيدىغانلىقىنى بىر ھازا سۆزلەپ ئاقلاپ كېتەتتى. «ئوغۇللىرى بەكلا ئويۇن قىيپى ئىكەن، ئانچە- مۇنچە سىلىگە قارامدۇ- يە؟ يالغۇز قانداقمۇ قىينالماي يۈرگەنلا...» دېگەندەك گەپلەرنى ئاڭلىسا مومايىنىڭ بىر يەرلىرىدىن جېنى چىقىپلا قالاتتى. « بۇ خەق ئىشنى قىلسا بولمامدىغاندۇ؟ نېمە دەپ مېنىڭ ئوغلۇمنىڭ ئەسكى- بەلەنلىكى بىلەن قالدىغاندۇ؟!» دەپ جۇدۇنى ئۆرلەيتتى. ئاندىن موماي ئوغلىنىڭ كۆيۈمچانۋاپادارلىقىنى، ئۆزىگە ياخشى قارايدىغانلىقىنى، ئالدىنقى بىر كۈنى بازاردىن يۇمشاق پىشۇرۇلغان پاقالان گۆشى ئالغاچ كەلگەنلىكىنى، دائىملا يۇمشاق، سىلىق توقۇلغان رەختلەردىن تاللاپ كۆڭلەك، تامباللارنى تىكتۈرۈپ بېرىدىغانلىقىنى سۆزلەپ ئوغلىنىڭ ئىنسابلىق بالا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا تىرىشاتتى. قاچانلاردىدۇر يېنىدا ساقلاپ كەلگەن كىچىككىنە تۈگۈنچەكنى چىلىڭ سىقىمداپ تۇرۇپ:

— بۇ پۇللارنى ئوغلۇم شەھەرگە ئىشلىگىلى كەتكەندە گېلىڭغا بەلەن بىر نەرسە ئېلىپ يە، ھاجىتىڭگە ئىشلەت دەپ بېرىپ كەتكەن...— دەپ باشقىلارغا ئوغلىنىڭ ئىنسابىنى كۆرسەتمەكچى بولاتتى. ئاق كۆڭۈل موماي ھەتتا ئۆزىنىڭ دەۋاتقان گەپلىرىگە ئۆزى ئىشىنىپ، ئۆز گېپىدىن ئۆزى تەسىرلىنىپ مىچىلداپ يىغلايتتى.

— «ۋاي جېنىم ئانا، سېنى شەھەرگە ئېلىپ كېتىپ باقايمىكىن» دەپ پەقەت ھالى يوق بىچارە بالامنىڭ...— دەپ گەپ باشلايتتى موماي خوتۇنلار يىغىلغان سورۇنلاردا بىردەم ئولتۇرۇپ قالسا، — «سەن مۇنداق يالغۇز قالساڭ، مېنىڭ شەھەردە پۇل تاپقىنىمنىڭ نېمە پايدىسى؟ سەندىن ئەنسىرەپ قولۇم ئىشقا بارمايدىكەن» — دەپلا يۈرىدۇ بىچارە بالام!

موماي ئوغلى توغرۇلۇق سۆزلەپ قالسىلا چوقۇم ياخشى

تەرىپىنى قىلىشقا تىرىشاتتى ۋە شۇنداق بولۇشىنى ئارزۇ قىلاتتى. ئاياللاردىن بىرەرسى ئۆز ئوغلىنىڭ ياخشى ئىشىدىن بىرنى سۆزلىسە موماينى شۇنداق ئېغىر غېرىبلىق باسقاندەك بولاتتى. خۇددى بىراۋ سېنىڭ ئوغلۇڭ ئۇنداق ئەمەس ئىكەن، دەپ تاشلايدىغاندەك دەررۇلا سۆز قىستۇرۇپ ئۆز ئوغلىنىڭ قايسىدۇر ياخشى پەزىلەتلىرىنى زوق بىلەن ئېيتىشقا باشلايتتى. ئوغلىنىڭ يامان ئاتلىق بولۇپ يېتىمسىراپ قالغان ھالىتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرسە، تۇرۇپلا ئوغلىغا ئىچى سىيرىلاتتى.

— يەنە ئۇنىڭ ھاراق ئىچىپ كەيپ ـ ساپا قىلىشىغا يول قويۇپسەن! مېنىڭ پۇشتۇمدىن تامغان بالا مۇشۇنداق بەتقىلىق ئىشلارنى قىلىپ يۈرسە مەن قانداقمۇ خاتىرجەم ياتىمەن!؟

موماي بىر نەرسە دېمەكچى بولۇپ ئېغىزىنى ئۆمەللىۋىدى ئاۋازى چىقمىدى. بۇرۇنمۇ ياش چېغىدا ئۇ بەكلا تارتىنچاق مىجەز بولۇپ، ئېرىنىڭ قېشىدا گەپ قىلماقچى بولسا تارتىنىپ ئاۋازى چىقماي قالاتتى. يەرگە قاراپ ئۆپكىدەك ئېسىلىپ ئاران ـ ئاران سۆز قىلاتتى. ئۇ سۆز قىلغاندا تارتىنىپ قىزارغانسېرى ئۇنى تېخىمۇ ھودۇقتۇرۇپ مەھكەم قوچاقلىۋالاتتى.

— نېمە، مەندىنمۇ تارتىنامسەن؟ مەن دېگەن ئېرىڭ! تارتىنما، كەل پەرىشتەم، ماڭا جىق گەپ قىلىپ بەر، سەن گەپ قىلساڭ قۇشقاچلارمۇ تارتىنىپ سايرىمايدۇ!...

مۇنداق گەپنى ئاڭلىغاندا ئۇ تېخىمۇ تەمتىرەپ كېتەتتى. يۇپيۇمىلاق يۈزلىرى ئوت ئېلىپ، گىلاستەك قىپقىزىل، نازۇك لەۋلىرى تىترەپ ئۈمچىيىپ پاكىزە يىغلىۋېتىشتىن ئۆزىنى ئاران تۇتۇپ:

— مەن... گەپ قىلالمايدىكەنمەن!... خاپا بولمىسىلا...ــ دېيەلەيتتى.

— سەن ئۇ يامان يولغا ماڭسا باشقۇرماي نېمە قىلدىڭ؟ ھەر ۋاقىت سېنى بوزەك قىلىپ كەلگىنىنى ئاز دەپ، بۈگۈنمۇ تۈن تېگىدە مەست كەلسە ئۇنىڭ يەنە ئايىغىدا پايپېتەك بولۇپ كېتىۋاتىسەن!

— ...

موماي قاتتىق ھودۇقۇپ كەتتى. ئۇ بۇ ئىشلارنى ئېرىنىڭ قانداق بىلىپ قالغانلىقىغا بارغانسېرى ھەيران قېلىۋاتاتتى. ئوغلىنىڭ يامان قىلىق، يامان ئىشلىرىنى ئېرىنىڭ بىلىپ قېلىشىدىن دائىم قورقۇپ ـ ئەنسىرەپلا تۇراتتى موماي. ئېرى جان ئۈزگەن كۈنى تازا يېرىم كېچە مەھەل بولۇپ، ئەمدىلا بەش ياشقا كىرگەن ئوغلى دادىسىنىڭ يېنىدا يېنىك پۇشۇلداپ ئۇخلاۋاتقاندا ئېغىر كېسەل تارتىپ بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان ئېرى سەكراتتا يېتىپ ئۇنىڭ قولىنى مەھكەم تۇتقان ھالدا مۇنداق دېگەن ئىدى:

— خوتۇن... سەن بەك ئۇماق... سېنى ئېغىر جاپاغا قويدۇم...

— ئۇنداق دېمىسىلە، مەن جاپا دېمەيمەن.

— بالىغا ئۆگەيلىك قىلماي ياخشى قارىغانىڭ... مەن ئۆرە بولالمىسام يالغۇز قانداقمۇ قىلارسەن؟!

— ئۇنداق گەپ قىلماي ياتسىلا، خۇدايىم شىپالىق بېرەر...

— خوتۇن... ئەگەر مەن ئۆلۈپ ـ تارتىپ كەتسەم بالىنى مېنى كۆرگەن كۆزۈڭدە قاراپ ياخشى ئادەم قىل. «ئاتا باشقۇرمىغاننىڭ پودىقى چوڭ، ئانا باشقۇرمىغاننىڭ ئەمچىكى چوڭ» بولۇپ ۋاپا ـ مېھرى يوق، سەلساياق ـ لاماكان ئادەم بولۇپ چوڭ بولۇپ قالارمىكىن، دەپ كۆزۈم يۇمۇلماي قالارمۇ ؟... ماڭا ۋەدە بەرگىن...

— ئۇنداق دېمىسىلە، ــ ئۇ ئېرىنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇپ ياش بىلەن يۇيۇلغان مەڭزىگە چىڭ باسقانچە ئېسەدىدى، ــ مېنى ئۇنداق قورقۇتمىسىلا، سىلە ساقىيىپ كېتىدىلا، بۇ بالا مېنىڭ ئۆز بالام!...

— رەھمەت ساڭا خوتۇن... ــ ئېرى چوڭقۇرلىشىپ كەتكەن كۆزلىرىگە ياماشقان يىغىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن تام تەرەپكە قارىۋېلىپ تۇرۇپ يەنە قوشۇپ قويدى، ــ تىل ـ زۇۋانىم مۇشۇنچىلىك ۋاقتىدا لەۋزىمنى بېرىۋالاي، مەندىن كېيىن قېلىپ بەك قىينىلىپ كەتسەڭ بالىنى بالىسى يوق، ئوبدان ئادەمگە بېقىشقا بېرىۋېتىپ ئەرگە تېگىۋال! مەن سەندىن رازى.

ئۇ ئېرىنىڭ تولكۇلۇك مەيدىسىگە بېشىنى قويۇپ ھۆكىرەپ يىغلىۋەتتى. ئېرى ئۇنىڭ چىرايلىق مەڭزىلىرىنى، يوغان ۋە تۇم قىلىپ ئۆرۈلگەن چاچلىرىنى قانماي سىلاپ تۇرۇپ جانسىز ھالدا پىچىرلىدى:

— مەن سېنى ئېلىپ قۇچىقىڭغا بالا تاشلاپ كەتتىم. كېسەل باقتۇرۇپ جاپاغا قويدۇم، مەندىن رازى بولغىن... مەندىن رازى بولغىن...!

— ئۇنداق دېمىسىلە، تۈزۈلۈپ قالىلا ھېلى...

ئۇ ئېرىنىڭ ياشلىق يۈزلىرىنى يۇمشاق ئالقانلىرى بىلەن سىلاپ ياشلىرىنى سۈرتتى. ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن، تاتارغان، ساقال باسقان مەڭزىلىرىنى مېھرى بىلەن بېسىپ ـ بېسىپ

ئۆپتى! ئېرى ئۇنىڭغا قاراپ كۈلدى، ئاجايىپ راھەت ھېس قىلىپ كۈلدى. ھەتتا ساقىيىپ كەتكەندەك خېلى ئۈنلۈك ئاۋازدا كۈلدى. ئېرىنىڭ كۈلگىنى ئۇنى يەنىمۇ يىغلاتتى.

— سىلىنى ياخشى باقالمىدىم!...— ئۇ ئېرىنىڭ سوغۇق ھەم تارشىدەك قوللىرىنى تۇتقانچە ئېسەدېدى،— قاتتىق-قۇرۇق يېگۈزۈپ قالدىم.

— ياق، مېنى ئوبدان باقتىڭ خوتۇن، مەن سەندىن ئىككى دۇنيالىق رازى.

— مەن سىلىنىڭ ئۇستىخانلىرىنى تۇتۇپ قوياي،— دېدى ئۇ ئېرىنىڭ گېپىدىن سۆيۈنۈپ قىلدىغان قىلىق تاپالماي.

— بولدى ئارام ئالغىن، كېچە-كۈندۈز تۇتۇۋېرىپمۇ ھېرىپ كەتتىڭ، بۈگۈن بالدۇرراق ياتقىن.

ئۇ ئېرىنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قويماي ئۇنىڭ ئۇستىخانلىرىنى يېنىك تۇتۇپ چىقتى. ئېرىنىڭ ئۇستىخانلىرىنى تۇتۇپ قويۇشىمۇ ئۇنىڭغا بىر خىل راھەت بېغىشلايتتى! ھەرقانچە ھېرىپ-چارچاپ كېتىشىدىن قەتئىينەزەر، قوللىرى يېگىباشلاردىن ماغدۇرىغا كېلىپ قالغاندەك بولۇپ ئۆزىنىڭ ھارغىنىنى بىلمەي كېچە-كېچىلەپ تۇتۇپ چىقسىمۇ ئۇ يەنىلا خۇشاللىق ھېس قىلاتتى. شۇڭا ئۇيقۇسى كېلىپ كۆزلىرى يۇمۇلۇپ كەتسىمۇ ئېرىنىڭ گەۋدىسىگە يېرىم يۆلەنگىنىچە يېتىپ قولىنى جىم تۇرغۇزماي ئورۇق ئۇستىخانلارنى سىلاپ-تۇتۇپ چىقاتتى.

مۇماي ھازىر ئاشۇ چاغدىكىدەك قولىنى ئوغلىنىڭ دۈمبىسىگە قويدى، ئەمما ھازىر قولى ياش ۋاقتىدىكىدەك كۈچلۈك ئەمەس ئىدى، ئۇ ئوغلىنىڭ دۈمبىسىنى چوڭقۇر مېھىر بىلەن يېنىك سىلىدى. مەستلىكىدىن يېشىلەلمەي قاتتىق ئۇخلاپ ياتقان ئوغلى ئانىسىنىڭ ئورۇق ۋە يىرىك ئالقانلىرىنى سەزگۈچىلىكى يوق، بولۇشىغا خورەك تارتىپ ئۇخلايتتى. مۇماي ئوغلىنىڭ دۈمبىسىنى تېخىمۇ يۇمشاق ۋە يېنىك تۇتۇشقا باشلىدى. گەرچە قولىنىڭ كۈچى يەتمىسىمۇ...

— يەنە ئۇنىڭ ئۇچۇن قىلمىغىنىڭ قالمايۋاتىدۇ!— ئېرىنىڭ كەسكىن ئاۋازى يەنە ئۇنىڭ تېنىنى جۇغۇلداتتى،— ساڭا يۇمشاق ئەكىرىپ بېرىپ باقماقتا يوق، تېخى ھۆكۈمەت بەرگەن ياردەم پۇل، ئۇن-مايلارنى ساڭا كۆرسەتمەي سېتىپ خەجلەپ تۈگەتكەن بۇ ناكەسنى مۇنداق قىلىپ كېتىشىڭنىڭ ھاجىتى يوق!

— ياق، ياق! ... ئۇنداق ئىش يوق! سىلى خاتالىشىۋاتىدىلا...

مۇماي خۇددى ئوغلىنى بىرسى ھېلى ئۇرۇپ كېتىدىغاندەك قورقۇپ گەۋدىسى بىلەن دالدىلاپ تۇرۇپ ئېيتتى.

— ئوغلىمىز ئۇنداق يامان قىلىقلارنى ھەرگىز قىلمايدۇ، ئۇ ماڭا ياخشى قاراۋاتىدۇ. قارىسىلا، تېخى تۈنۈگۈنلا ماڭا پۇل بەردى، مانى كۆردىلىمۇ؟— مۇماي ئالمان-تالمان يانچۇقىنى كولىلاپ كىچىككىنە تۈگۈنچەكلەنگەن قول ياغلىقنى ئېلىپ يەشتى،— ئوغلىمىز ھازىر شەھەردە ئىشلەپ پۇل تېپىۋاتىدۇ، تاپقان پۇلىنى ماڭا بېرىدۇ، ئۇ بەكمۇ ئىنسابلىق بالا بولدى، كەيىپ-ساپادا يوق. راست دەۋاتىمەن...

مۇماي ئېرىنىڭ ئۆز گېپىگە ئىشىنىشىنى ئۈمىد قىلاتتى، ئېرىنىڭ ئالدىدا ئۆز ۋەدىسىنى ئاتقۇرالمىغان ئىشەنچسىز ئايال بولۇپ قېلىشىنى خالىمايتتى ھەم ئۇنداق بولۇپ قالغۇسىمۇ يوق ئىدى؛ شۇڭا بار كۈچى بىلەن ئوغلىنى ئاقلاۋاتاتتى.

— ئۇ ھېچقاچانمۇ مېنى ئۆگەيلەپ باقمىدى، ۋاي ئانا دەپ ئۆپچۆرەمنى ئايلىنىپ نېرى كەتمەيدۇ. كىم دەيدۇ ئۇن-ياغنى سېتىپ ئۇتتۇرۇۋەتتى دەپ؟ يوق يەپتۇ شۇنداق دېگەن كىشى!

بۇ مۇماينىڭ ئېرىنىڭ ئالدىدا تۇنجى قېتىم قاتتىق ئۇرغۇ بىلەن قوپال گەپ قىلىشى ئىدى! ئۆزىنىڭ قانداقسىگە بۇنچىلىك غەيرەتكە كېلىپ قالغىنىنى ئۆزىمۇ بىلمەيدۇ مۇماي. پەقەت ئوغلىغا ۋە ئېرىگە بولغان ساداقەت، چوڭقۇر مېھىر-مۇھەببەتنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ھاياجانلىنىپ تۇرۇپ سۆزلىمەكتە ئىدى.

— ئوغۇللىرى چوقۇم ياخشى ئادەم بولۇپ چوڭيىدۇ. مەن سىلىنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى تاپشۇرۇقلىرىنى تېخى ئۇنتۇپ قالمىدىم. نېمە ھېلىقى... ھە، «ئاتا باشقۇرمىغانىنىڭ پودىقى چوڭ، ئانا باشقۇرمىغانىنىڭ ئەمچىكى چوڭ...» ھە شۇ، ئەجەب گەپكە ئۇستا ئادەمتىلە، قىلغان گەپلىرى چاك چىقماس، قىلغان ئىشلىرى گەپ چىقماس ئادەم ئىدىلە. مۇنەججىم ئىدىلە، يىراقنى كۆرەر ئىدىلە! ئەقىللىق ئىدىلە...! سىلە دېگەن گەپ تاشقا مۆھۈر باسقاندەك چىقاتتى...

مۇماينىڭ كېيىنكى گەپلىرى ھەسرەتلىك قوشاققا ئايلىنىپ كەتتى، ئېرىنىڭ بىر تالاي ياخشى خىسلەتلىرىنى مارجاندەك تىزىپ سۆزلەپ چىقتى مۇماي. بىرەر قېتىممۇ ئۆزىگە قاتتىق گەپ قىلىپ ئازار بېرىپ باقمىغانلىقىنى، ئاغرىپ قېلىشتىن بۇرۇن ئاش ئەتسە يېنىدا بىللە تۇرۇپ ئوچاققا ئوت قالاپ بېرىدىغانلىقىنى، ئوت قالىغاچ مۇھەببەتلىك سۆزلەرنى قىلىپ دائىم نومۇس قىلدۇرۇۋېتىدىغانلىقىنى، قولىنى پىچاق كېسىۋەت-

سە شۇ ھامان پوتىسىنى يىرتىپ تاشلىغانلىقىنى، قازاننى ھەرگىزمۇ ئوچاقتىن چۈشۈرگىلى قويماي دائىم ئۆزى چۈشۈرۈپ بېرىدىغانلىقىنى، ئېغىر چېلەكتە سۇنىغۇ ئەسلا كۆتۈرگىلى قويمايدىغانلىقىنى، بازارغا بارسا پوتىسىدىن ئىككى سامسا ئايرىماي كېلىدىغانلىقىنى، سامسىنىڭ دائىملا قىزىق كېلىدىغانلىقىنى، كۆزىنىڭ ئىچكىرىسىگە مېھرىبانلىق بىلەن قاراپ ئولتۇرۇپ يېگۈزىدىغانلىقىنى، «سىلىمۇ يېسىلە» دېسە «مەن بازاردىن يەپ كەلدىم، سەن يېگىن» دەپ يالغان سۆزلەپ ھەممىنى ئۆزىگە يېگۈزمىگۈچە بولدى قىلمايدىغانلىقىنى... ئىشقىلىپ يادىدا قالغان ئەڭ ئۇششاق ئىشلارنىڭ ھەممىنى دەپ يىغلىدى موماي. يىغلاپقۇ كۆزلىرىدىن قان - ياش ئاققىنى يوق، ئەمما يۈرىكى يىغلايتتى. ياش كۆزلىرىدىن ئەمەس، يۈرىكىدىن ئېقىپ كېتىۋاتقاندەك پۈتۈن بەدىنى ئېرىپ - بوشىشىپ يۇم - يۇم يىغلىدى موماي...!

— ئىمانلىق ئىدىلە، ئىنساپلىق ئىدىلە... پاكىز ئادەم ئىدىلە، — موماي كۆزىدىن چىقالماي بۇرنىنى چىڭقالدۇرغان ئاچچىق سۇنى قولى بىلەن چىڭ مىجىپ تۇرۇپ بىر مىشقىرىۋالدى - دە، ھۆل بارمىقىنى، بۇرنىنىڭ ئۇچىنى كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكىنى تەتۈر ئۆرۈپ سۈرتۈۋالدى. ئۇنىڭ خىياللىرى يەنە ئېرىنىڭ ئەڭ ئېسىل پەزىلەتلىرى تامان ئۇچتى.

توي قىلىپ ئۇزاق ئۆتمەي، ئېرى يىراق بىر جايغا بىر قېتىملىق يول ياساش ھاشىرىغا كەتكەن. 17 كۈندىن كېيىن ئېرى كەلگەندە، ئۇ ئېرىنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ چىقىپ ئېشەكنىڭ چۇلۋۇرىنى قولىغا ئالغاچ ئېرىنىڭ كىيىملىرىدىكى توپا - چاڭلارنى قېقىشتۇرغاندا، ئېرى ئۇنىڭ ئېتىكىدىن تۇتۇپ ئەركىلىتىپ:

— خوتۇن، مېنى سېغىندىڭمۇ! — دەپ سوراپ ئۇنى ھويلىدا قىزارتىۋەتكەنىدى. ئۇ يەردىن ئۇستۇن قارىماي ئېشەكنى ئېغىلغا ئەكىرىپ باغلاپ، بېدە - سامان سېلىپ بېرىپ قايتىپ چىققاندا ئېرى ئۇنى چوڭقۇر سېغىنىش ئىچىدە چىڭ قۇچاقلاپ باغرىغا باسقان. ئېرىنى ھەقىقەتەنمۇ سېغىنىپ دىلى ئېزىلىپ تۇرغان چوكانمۇ شامدەك ئېرىپ ئۆزىنى ئېرىنىڭ قۇچىقىغا قويۇپ بەرگەن. شۇ چاغدا ئېرى تۇيۇقسىز ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ:

— ھە راست، نەچچە كۈندىن بېرى بىز ئىشلىگەن جايدا سۇ دەيدىغان نەرسە يوق، يۈز - كۆزىمىزنى يۇماي ئىشلەپ كەتتۇق. نامازنىمۇ تەيەممۇم قىلىپ ئوقۇدۇق. ئېغىزىمنى چايقىمىغىلى نەچچە كۈنلەر بولۇپ كەتكەن! تۇرۇپ تۇرە، مەن ئېغىزىمنى چايقاپ كېلەي! ماقۇلمۇ ئوبدان خوتۇن...! — دەپ

ئۆرىقىنى كۆتۈرۈپ ھويلىنىڭ چېتىگە ماڭغاندا چوكان «ئەكەلسىلە ئۆرىقىنى، سۇنى مەن قويۇپ بېرەي...» دەپ ئېرىگە ئامراقلىق بىلەن ئەگەشكەن....

— بەك كۆڭۈل ئاياپتىلە... دىللىرى ئالتۇندىن تازا ئىدىلە... مۇنەججەم ئىدىلە...!

موماي يەنە ئېزىلىپ قالدى. ئۇ ئېرىنىڭ ھەر بىر ئۇششاق ئىشلىرىنى بىرمۇبىر ئېسىدە تۇتۇۋالغاندەك ئويلىسىلا بىر - بىرىدىن يېڭى ئېسىللىك، ئەسلىسىلا بىر - بىرىدىن يېڭى مەردانىلىقنى كۆرەلەيتتى. ئېرى ئۇنىڭ ئۈچۈن ئېۋەن - نۇقسان دېگەنلەردىن خالىي ئۇلۇغ بىر زاتىي مۇبارەك ئىنسان ئىدى!

— بولدى يىغلىما، — ئېرىنىڭ ئاۋازى يۇمشاق ئاڭلاندى؛ موماي دىڭگىدە چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈردى، — سەن ئۇنىڭغا پۈتۈن مېھرىڭنى بېغىشلىدىڭ، مەن ھەممىنى بىلىپ تۇردۇم. سەن ياشنىپ، ئاجىزلاپ كۈچ - ماغدۇرۇڭدىن قالغاندا ئۇ سېنى بوزەك قىلىپ خاتىرجەم قىلمىدى. سەن ئەزەلدىن جاپانى كۆپ تارتىپ كەلدىڭ، يالغۇز تۇل خوتۇن بولغىنىڭغا قارىماي ئۇنىڭ ئالدىدىكى پەرزىڭنى تولۇق ئادا قىلىپ بولدۇڭ. بەس! ئەمدى يېتەر. سېنىڭمۇ ئارام ئالىدىغان ۋاقتىڭ بولدى. ئوغلىمىز چوڭ بولدى. ئەمدى ئاچچىق - تاتلىقنى تېتىيدىغان ۋاقتى بولدى. ئەمدى ئۇ ئۆز كۈنىنى ئۆزى ئالسۇن. يۈر، سەن مەن بىلەن كەت، سېنى ئەمدى ئۆزۈم باقىمەن، ئەكە قولۇڭنى...!

مومايىنىڭ دىلى شۇررىدە بولۇپ ۋۇجۇدىغا ئىللىق بىر ئېقىم تاراپ بەدىنى بوشاشقاندەك بولدى. ئۇ ئاجىز قوللىرىنى ئاستاغىنە سوزۇپ ئېرىگە تەڭلىدى، تەڭلىدىيۇ، شۇ ھامان يەنە تارتىۋالدى:

— ياق! مەن ئوغلىمىزغا بىر لايىق كۆرۈپ قويغان، ئاياغ مەھەللە تەرەپتە، ئۇ بەك ئوبدان بالا ئىدى. ئوغلىمىزغا شۇ بالىنى ئېلىپ بەرمىسەم بولمايدۇ. بولمىسا ئوغلىمىز يەنە قاچانغىچە بويتاق يۈرىدۇ!؟ ئوغلىمىز ئاشۇ چوكاننى ئالسىلا ھەممە يامان ئىشلاردىن قولىنى ئۈزىدۇ. بۇ قېتىم ئوغلۇمنىڭ تەلىيى كېلىدۇ. مەن بۇ گەپنى تېخى ئوغلۇمغا دېمىگەنتىم، دېسەم ئۇ بەك خۇش بولۇپ كېتەر ھەقچان! ئوغلىمىزنى ئۆيلىمىسەم ئۇ تېخىمۇ بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. ئەل - جامائەت ئالدىدا يېتىملىكى چىقىپ قالىدۇ! ياق، خاپا بولمىسىلا، مەن ھېلى ئوغلۇم ئويغانغاندا ئۇنىڭغا بۇ گەپلەرنى بىر دەپ باقاي، ھازىر سىلى بىلەن كېتەلمەيمەن...!

— بولدى قىل، — ئېرى ئۇنىڭغا بۇيرۇق ئاھاڭىدا ئېيتتى، — شۇنىڭ رايىغا بېرىپ نەچچە قېتىم ئۆيلەپ قويىمەن دەپمۇ ئۆيدە ھېچ نەرسە قالماپتۇ. ئەمدى ئۇ بار - يوقنىڭ تەمىنى تېتىپ ئادەم بولسۇن. يۇر كېتىمىز، سېنى جاپا - مۇشەققەت يوق جايغا ئەكىتىپ ئۆزۈم باقىمەن ...

ئېرى ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇپ تارتتى، موماي بولسا ئارقىغا تىرەجەيتتى...

موماي ئۆرە بولۇپ ئالدىغا قارىدى. ئېرى يوق ئىدى! ئۇ ئۆزىنىڭ چۈشەكەپ قالغىنىنى سەزدى.

ھەئە، موماي ئويغاق تۇرۇپ چۈش كۆرۈۋاتاتتى، ئۇ بايامدىن بېرى كۆزىنى لىپمۇ قىلماي يۇممىغانىدى. ئەمما ئۆز سەزگۈسى ئۇنىڭغا خۇددى ئۇخلاۋاتقاندەك ھالەتتە چۈش كۆرگۈزۈۋاتاتتى.

موماي قوللىرىنى يېنىك ھەرىكەتلەندۈردى، ئۇنىڭ جانسىز قوللىرى ئوغلىنىڭ دۈمبىسىدە سىيلىق ماڭاتتى. ئۇ ئوغلىنىڭ پاخپىيىپ قالغان چاچلىرىنى سىلاپ رەتلەپ قويغاندىن كېيىن يەنە ئويغا چۆكتى.

«توۋا... ئويغاق تۇرۇپ چۈش كۆرگىنىم قانداق ئىش؟!... كىرەملىك خۇدا ماڭا ئۆز كارامەتلىرىنى كۆرستۋاتامدۇ نىمە؟ قارىغاندا ماڭمۇ ئەجەل - قازا يېقىنلاپ كەلگەن ئوخشايدۇ! رەھمەتلىك دادىسىنىڭ مېنى ئېلىپ كېتەي دېگىنى شۇ!!! تېخى تېز بول، ئەككە قولۇڭنى دەيدۇ؟! ھە... ۋاقىت قىستاپ قالغان چېغى... قەدىمدىن ئاغرىق - سىلاق بار ئۆيگە جىق ئادەم توپلىشىپ چۈش كۆرسە ياكى بالدۇر ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭ ئەرۋاھى كۆرۈنۈپ روھى قىچىرسا شۇ جايدا ھەق سەپەر بار، دەيدىغان... مانا، بۈگۈن رەھمەتلىكنىڭ روھى مېنى قىچىرىۋاتىدۇ! دېمەك...

مومايىنىڭ دىلى ئېزىلىپ، پۈتۈن ئەزايى - بەدىنى، ئىچ - باغرى قىزىپ كۆڭلى ئۆيدى. ئىچ - ئىچىدىن قىستاپ كەلگەن چوڭقۇر بىر «ئۇھ!» ئۇنىڭ ماغدۇرىنى قويمىغاندەك سېزىم بېرەتتى. تەنلىرى يۇمشاپ خېمىردەك بوشىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى موماي. ئوغلىنىڭ دۈمبىسىنى توختاۋسىز سىيلاۋاتقان قوللىرىمۇ يېنىك تىترەپ كەتتى. ئۇ ئېسىنى يىغىپ يېرىم كېچىدىن بېرى قولىنىڭ توختاپ باقمىغانلىقىنى سەزدى، قولىدا ھەقىقەتەنمۇ جان قالمىغانىدى.

قاياقتىندۇر خورازنىڭ قىچىرغان ئاۋازى ئاڭلاندى، ئاندا - ساندا ئىتلارمۇ ھاۋشىشقا باشلىدى.

موماي پۈتۈن كۆچىنى يىغىپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇ ئۆزىنىڭ مۇشۇ بىر كېچىدىلا باشقىچىلا كۈچ - ماغدۇردىن قالغانلىقىنى سەزدى. پۇتلىرىمۇ ئۆز ئەركىگە باقماي ھەرىكەت قىلىشقا باشلىدى؛ ئۆيي چۆرگىلەۋاتقاندەك بولۇپ كۆزلىرى ئالا - چەكمەن بولۇشقا باشلىدى.

«مانا... ھەقىقەتەنمۇ كۈنۈم ئاز قاپتۇ. تېخى ئاخشام بىر ئۈزۈرىق سۇنى كۆتۈرۈپ نامازشامغا تاھارەت ئالغان ئادەم بۈگۈن ساق قوپالمىسام... ياق، غەيرەت قىلاي. ئەمدى مۇنداق ئېزىلەڭگۈلۈك قىلسام بولمايدۇ. ئوغلۇم مەندىن كېيىن قالسا قارا يېتىم بوپ قالىدۇ. ۋاخ - ئىسسىقىدا ئۇنى ئۆيلەشنىڭ غېمىنى قىلاي... ھە، ئەمدى ھېلىقىنى ئىشلىتىدىغان چاغ كەلدى، بىر چاي قايناممۇ تۇرۇۋشقا بولمايدۇ!...»

موماي ئۇمىلەپ دېگۈدەك سۇپىغا چىقتى، ئاندىن ئۇيۇققا تىزىلغان مېھمان يوتقىنىنى ماغدۇرسىز قوللىرى بىلەن بىر - بىرلەپ چۈۋۈشقا باشلىدى. يوتقانلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر كونا تەكيىنىڭ ئىچىدە ئۇنىڭ ياش ۋاقتىدا رەھمەتلىك ئانىسى مىراس قالدۇرۇپ كەتكەن ئالتۇن ھالقا، كۈمۈش تۈگمە دېگەندەك نەرسىلەر چىكىلگەن تۈگۈنچەك بار ئىدى. موماي ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلاپ بىر نەرسىلەرنى دېگىنىچە ياستۇقنى تېپىپ ئاختۇرۇشقا باشلىدى.

موماي ئۆز تۈيغۇسىغا تايىنىپ يۇرۇپ ياستۇقنىڭ ئىچىنى پۈتۈنلەي ئاختۇرۇپ چىقتى، ئەمما تاپالمىدى. ئۇ زىرىكمەي - تېرىكمەي داۋاملىق ئىزدىدى. تاپالمىغانسېرى ئۆزىنىڭ قېرىلىقىغا نالەت ئېيتىپ ئۆزى بىلەن ئۆزى گۇدۇڭشۇپ ئىزدەشنى داۋاملاشتۇراتتى. ئىزدىگەنلىرى تېپىلسىلا تاڭ ئاتقان ھامان بىر قانچە ھەققەمسايىسىنى چاقىرىپ ئاياغ مەھەللىدىكى ھېلىقى ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن چوكاننىڭ ئۆيىگە ئەلچىلىككە ئەۋەتىپ ئوغلىنىڭ ئۆمۈرلۈك ئىشىنى بىر تەرەپ قىلىشقا ئالدىراپ ئۇمىلەپ يۇرۇپ ئاشۇنداق قايتا - قايتا ئىزدەشكە باشلىدى موماي...

بايقۇش موماي، ئوغلىنىڭ تېخى نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا بۇ نەرسىلەرنى بايقاپ قېلىپ ئىنس - جىن تۇيماستا شەھەرگە ئاپىرىپ سېتىپ ئۈتتۈرۈپ بولغانلىقىنى نەدىن بىلسۇن...!

---

ئاپتور: قىرغىز، يېڭىشەھەر ناھىيە ئەرمۇدۇن يېزا قىرغىز مەھەللىسىدە دېھقان.

# ئەركەكلىك مەدھىيەسى

گۈلمىرە ئەلى پاشا

ئەركەكلىك روھى بار ئەرلەر، سىلەر پۈتكۈل دۇنياغا پاسبان، سىلەر ۋەتەننىڭ گۈل تاجى، سىلەر مەرد ـ مەردانىلىقنىڭ ھامىيسى، سىلەر بەخت گۈلشىنىنىڭ باغۋىنى، سىلەر ياۋۇزلۇق ئۈستىگە تاشلانغان باتۇر شىرلار، سىلەر بەخت ئىشىكىنى ئاچقۇچىلار... ئەرلەر سىلەر نېمىدېگەن بۈيۈك ـ ھە! ھەر بىر قەدىمىڭلاردىن زېمىن لەرزىگە كېلىدۇ، ھەممە سىلەرگە تەبەسسۇم قىلىدۇ، چاۋاك چېلىپ سىلەرگە ئالقىش ياڭرىتىدۇ، ئوغۇللىرىغا ئەر بولۇڭلار، ھەقىقىي ئەردەك بولۇڭلار دەپ چۇقان سالىدۇ دۇنيا! دۇنيانىڭ كۆزىدىكى ۇلكە سىلەرگە بەخت، دۇنيانىڭ كۆزىدىكى ياش سىلەرنىڭ غاڭلاردۇر، شۇڭا دۇنيانىڭ كۆزىدىن كۈلكە تۆكۈلسۇنكى، ئەمما ياش تۆكۈلمىسۇن دەيدۇ دۇنيا. «ئەركەك» دېگەن مۇقەددەس مەنىگە خاس ياشاڭلار. ئەركەك بولۇشتەك شەرەپلىك ۋەزىپىنى تاماملاپ ئۆلۈڭلار، تارىختا نامىڭلار قالغۇدەك، دۇنيا يىغلاپ تارتىشقۇدەك. كېتەر چېغىڭلاردىمۇ دۇنيانىڭ كۆزىدىكى كۈلكىنى كۆرۈپ ئارمانسىز، خاتىرجەم مەردانە كېتىڭلار. ئەرلىك روھىنىڭ غالىبلارچە كۈلۈشىنى، ئەرلىك روھىنىڭ مەنىسىنى ھەقىقىي ئادىغا يەتكۈزۈپ كېتىڭلار.

ئەرلىك روھى پەقەت ئەر بولغۇچىغىلا خاسمۇ؟ ياق!

ئۇ بۇ دۇنيادىكى ھەممە ئىنسانغا خاس، پەقەت ئىنسانلار ھەقىقىدا يەتكۈزەلىسىلا، ئەنە شۇنداق ئۇلۇغ روھنىڭ سۈپىتى نېمە ئۈچۈن ئەر سۈپىتى بىلەن ئېيتىلىدۇ؟ چۈنكى، ئەركەك ئۇ ئاددىي مەنە ئەمەس، ئۇنىڭغا يوكلەنگەن خىسلەتلەر، ئادىمىيلىك روھ پەقەت ئەڭ ئۇلۇغ سۈپەت ئەركەكلىك سۈپىتى بىلەن باغلانغاندىلا، ئاندىن ئۇ ھەقىقىي قىممىتىنى تاپىدۇ.

دۇنيا شۇنىڭ ئۈچۈن چۇقان سالىدۇ ئەرلىك روھ دەپ، چۈنكى، ئەرلىك روھسىز دۇنيا بىر زۇلمەت!

دۇنيا شۇنىڭ ئۈچۈن چۇقان سالىدۇ ئەرلەر قېنى سىلەر دەپ، چۈنكى، ئۇلارسىز بۇ دۇنيا يوقلۇق، خانىۋەيران!

ئەركەكتەك ئۆلگەنلەر ھامان تارىخ تەرىپىدىن يادلىنىدۇ. ئەنە شىراق، ۋەتىنى ئۈچۈن بىر ئۆزى ياۋنى ئۆلۈمگە باشلاپ ئەردەك ئۆلدى، يەنە نۇزۇگۇم ياۋۇزلارغا قارشى ئاتلىنىپ ئەردەك ئۆلدى، ئەنە جاھان تارىخىدا مەشھۇر نۇرغۇن قەھرىمانلار ئەردەك ئۆلدى. بىز ئۇلارنى يادلىنىپ ئولتۇرۇپتىمىز.


ئەرلەر سىلەرسىز ھېچنېمە يوق، سىلەرنىڭ كۈچلۈك نەرەڭلار روھسىزلارغا روھ بېغىشلايدۇ.

كۆردۈڭلارمۇ ئەرلەر، چېكىلىرىڭلارغا قىسماقچى بولغان گۈللىرىڭلار سىلەرنىڭ پەرۋىشىڭلارسىز ئېچىلمايدۇ. ئولتۇرماقچى بولغان بەخت تەختى سىلەرسىز بەر قارار تاپمايدۇ. پاكلىق، گۈزەللىك ۋە بەخت سىلەرسىز پەرۋىشسىز قالىدۇ. بۇلارنى چوقۇمكى سىلەر ھالاللىق ۋە پاك ۋىجدانىڭلار بىلەن قوغداپ چىقىسىلەر، سىلەردىكى ۋىجدان بىزدىكى ئىپتىخار. بىزدىكى ھايا سىلەردىكى ئىنساب. بىزنىڭ پاكلىقىمىز سىلەرنىڭ غۇرۇرۇڭلار، غۇرۇرۇڭلارنىڭ پايىخان بولۇشى دەل ئىبلىسنىڭ بىزنى بۇلغاۋاتقان ۋاقتىدۇر. سىلەر ئىبلىسقا قارشى ئاتلانغان باتۇر سەركەردىلىرىمىز، بىزنىڭ قوغدىغۇچىلىرىمىز. روھىڭلارنىڭ بۇزۇلۇشى بىزنىڭ تۈگەشكەن ھەم دۇنيانىڭ، گۈزەللىكنىڭ، پاكلىقنىڭ گۇمران بولغان پەيتىدۇر. شۇڭا سىلەر بەل قويۇۋەتمەي روھىڭلارنى، ئېتىقادىڭلارنى تىكلىشىڭلارغا بىز موھتاج، جاھان موھتاج!

ئەي جاھاننىڭ غۇرۇرلىرى، ۋەتەن، مىللەتنىڭ بەختى ئۈچۈن ئەركەكتەك ياشاڭلار، جاھان بەختكە چۆمۈلسۇن!

---

ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىيات كەسپى 2010 ـ يىللىق 4 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى.



جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، **«قايدىسەن دىلدار»** (ھېكايىلەر)، **«بۇ شۇنداق مۇھەببەت، بۇ شۇنداق ئازاب»** (شېئىرلار)، **«ئىدىقۇت ئوغلانلىرى»**، **«قاناتلىق ئىنسان»**، **«بەرگەن ۋەدىمىز ۋەدە»** قاتارلىق 11 پارچە كىتابنىڭ ئاپتورى ۋە تۈزگۈچىسى ياش ئەدىب، ژۇرنالىست **ئۆمەرجان سىدىق**



www.uyghurkitap.com

خىيال ۋە تىلەك

ئادىل ئابدۇرېھىم فوتوسى

《新疆文化》（维吾尔文）

综合性文学双月刊

主管单位：新疆维吾尔自治区文化厅

主办单位：新疆维吾尔自治区艺术研究所

编辑出版：《新疆文化》杂志编辑部

国际标准刊号：ISSN1008-6498

国内统一刊号：CN65-1073/I

海外发行：中国图书进出口（集团）总公司出口部

代理者地址：中国北京朝阳区工体东路16号

P.O.BOX 88, 16 Gongti East Road, Beijing 100020, China

海外发行代号：6498BM

发行范围：国内外发行

地 址：乌鲁木齐市文化路28号井源办公大楼7楼

邮 编：830002 电话：（0991）2856942

印 刷：《新疆日报》印务中心

发 行：乌鲁木齐市邮局

订 阅：全国各地邮局

邮发代号：58-22 定价：6.00元

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 2014 ـ يىلى 2 ـ سان (ئومۇمىي 326 ـ سان)

(قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال)

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى

چىقارغۇچى: ش ئۇ ئا ر سەنئەت تەتقىقات ئورنى

تۈزۈپ نەشر قىلغۇچى: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى

خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1008-6498

مەملىكەتلىك نومۇرى: CN65-1073/I

چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو كىتاب ئىمپورت ـ ئېكسپورت (گۇرۇھى)

باش شىركىتى ئېكسپورت بۆلۈمى

چەت ئەللەرگە قارىتا ۋاكالەت نومۇرى:6498BM

مەملىكەت ئىچى ۋە چەت ئەللەرگە تارقىتىلىدۇ

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى مەدەنىيەت يولى 28 ـ نومۇرجىگيۈەن خىزمەت بىناسى7. قەۋەت

پوچتا نومۇرى: 830002 تېلېفون نومۇرى: (0991)2856942

باسقۇچى: «شىنجاڭ گېزىتى» باسما مەركىزى

ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ

مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 22 ـ 58 باھاسى: 6.00 يۈەن